


مۇھەممەد ئوسمانھاجىم

# شۇرۇلى

( تارىخىي رومان )

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئىشق سىررىن ھىجر ئەسرى ناتەۋانلاردىن سوراڭ،
ئەيش ئىلە ئىشرەت تەرىقىن كامىرانلاردىن سوراڭ.
بىزگە جۇز مىھرى ۋاپا ئايىنى بولمايدۇ نەسىپ،
بىۋاپالىق رەسمىنى نامىھرىبانلاردىن سوراڭ.
بىزنى دەۋران مىھنىتى ھەم ئاجىز ئەتتى ھەم قىرى،
ھۆسنىلە قۇۋۋەتنى رەنا نەۋجۇۋانلاردىن سوراڭ.
پەردىلىق زەۋقىنى سورىماڭ شەۋكىتى جاھ ئەھلىدىن،
ئۇل سەئۇبەت لەززىتىن بىخانۇمانلاردىن سوراڭ.
ئەجزى تۇپراغىدا ئىشق ئەھلىگە ئۆلمەك ھۆكمى بار،
قەتلى ھۆكمى ئەيلەمەكنى قەھرىمانلاردىن سوراڭ.
نىكى نام ئەل ئىشق ئارا بەدنامىلىقلار شىۋەسىن،
ياخشى بىلمەسلەر ئىنى، بىزدەك يامانلاردىن سوراڭ.
چۇن نەۋائى ئىشق سەھراسىدا ياتتى دوستلار،
ئىنى ئول ياقتىن يېتىشكەن كارۋانلاردىن سوراڭ.
ــ ئەلىشىر نەۋائى



مۇھەممەد ئوسمانھاجىم

# شۇ يولى

(تارىخىي رومان)



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى : ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى : ئادالەت ياقۇپ

# ئىشق يولى

## (تارىخىي رومان)

ئاپتورى : مۇھەممەد ئوسمانھاجىم

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 ، پوچتا نومۇرى : 830046 )
شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
880×1230 مم ، 32 كەسلەم ، باسما تاۋىقى : 9.5
2008 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىلى 5 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
تىراژى : 0001—3000

ISBN978—7—5631—2194—6
باھاسى : 25.00 يۈەن



مۇھەممەد ئوسمانھاجىم

(2008.4.16 ـ 1924)



ئەستىلىكلەر



# نەشرىياتتىن

كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى ، پېشقەدەم تەتقىقاتچى ۋە ئەدىب مۇھەممەد ئوسمانھاجىم 1924 ـ يىلى ئەتىيازدا قەشقەر شەھىرىدىكى جالا مەھەللىسىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە تۇغۇلغان . ئۇ 1939 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ؛ 1940 — 1943 ـ يىلىغىچە تاۋار كاراند-تىن قىلىش كۇرسىدا ئوقۇغان ۋە شەھەرلىك تۇرلۇك ماللار شىركىتىدە كاسسىر ، بوغالتىر بولغان ؛ ئازادلىقتىن كېيىن ئو-قۇتقۇچىلىق قىلغان ، شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى ۋە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلىگەن ، شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى بولغان . ئۇ 1989 ـ يىلى كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ، 1993 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققان . 2008 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ۋاپات بولغان .

مۇھەممەد ئوسمانھاجىمنىڭ ئائىلىسى خەلق ئىچىدە تارىخى يوسۇن بولغان پاك ـ دىيانەت بىلەن ئىلىم مۇتالىئە قىلىدىغان ئەنجۇمەنلەرنىڭ ساھىبخانى ، قاتناشقۇچىسى ، ۋارىسى بولۇپ كەل-گەن . ئۇ مەرىپەتلىك ئائىلىنىڭ تەسىرىدە ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئىشتىياق باغلاپ ، 1940 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «ياخشى» ناملىق شېئىرى ، «ۋەخپە» ناملىق ماقالىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ ، ھازىرغىچە 20 نەچچە پارچە ماقالە ۋە ئەسلىمە ، ھېكايە ـ ئوچېركلارنى ئېلان قىلغان ؛ 400 پارچىدىن ئارتۇق ئەپسانە ـ رىۋايەت ، قىسسە ـ داس-تان ، ھېكايە ـ چۆچەك ، مەسەللەرنى توپلاپ نەشرگە تەييارلى-غان . 1962 — 1969 ـ يىللاردا ئۇ يازغان «دەريا بويىدا» ، «ئۆتمۈشنى ئۇنتۇما» ، «شىرە سائىتى» ، ئۆزگەرتىپ يازغان

«تۇگمەندە» ، «تامنى ئۆرۈۋېتىپ قۇدا بولۇش» ، «جەنگەن دەرياسى بويىدا» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى تەرىپىدىن سەھنىلەشتۈرۈلگەن . ئۇ «قابۇسنامە» نىڭ بىر قىسمىنى نەشرگە تەييارلاپ ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1982 ـ يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلغان . ئۇنىڭ «گۈلخۇمار» ناملىق پوۋېستى 1993 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ، 2002 ـ يىلى «مەھمۇد قەشقەرى ھەققىدە ھېكايەتلەر» (ئابدۇكېرىم ئەخمىدى بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن) ، 2003 ـ يىلى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيىسى» ، 2006 ـ يىلى «ئىزدىنىشتىن تامچىغان تەرلەر» ناملىق كىتابلىرى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان .

مۇھەممەد ئوسمانهاجىم كۆپ قېتىم شەھەر ، ۋىلايەت ، ئاپتونوم رايون بويىچە «مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» ، «مۇنەۋۋەر تەتقىقاتچى» بولۇپ باھالانغان ؛ 1989 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ «مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى نەمۇنىچى شەخس» گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن ، قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش 7 ـ ، 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان . ئۇ ھايات ۋاقتىدا قەشقەر شەھەرلىك ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك تارىخ ـ تەزكىرە تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ، ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، ۋىلايەتلىك خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئىدى .

# مۇقەددىمە

1956 ـ يىلى قەشقەردە ئۆتكەن تارىخىي ئەھۋاللارنى بىلىدى-
غان پېشقەدەملەر بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان سۆھبەتلىرىمىزنىڭ بى-
رىدە ، مەرھۇم ئالىم ، تارىخچى ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىم :
«تۆت ئەسىرچە مۇقەددەم قەشقەر بەشكېرەملىك شاۋاز قارىي ئا-
تۇشلۇق زېمىندار خاتىپنىڭ گۈلخۇمار دېگەن قىزى بىلەن ئاشىق
بىقارار بولۇشقان . شاۋاز قارىي تاغ ئۇستىدە يىرتقۇچ ھايۋانلار
بىلەن ئېلىشىپ ئۆلگەن . گۈلخۇمار قاردا مۇزلاپ ئۆلگەن بىر
ۋەقە ئۆتكەن» دېگەنىدى . ئۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل كېيىن تۇر-
سۇن ھالىم : «بالا ۋاقتىمدا بىر قولىيازما كىتابچە كۆرگەنىدىم ،
ئۇنىڭدا گۈلخۇمار ۋەقەسى بايان قىلىنغان . ئەمما ، مېنىڭ يادىمدا
قالغىنى :

بەشكېرەم مەۋزەئى ئىتلە كەنتىدە ،
موللا روزى ئاخۇن شىكەستە خەتمىدە .

دېگەن شېئىردىن ئىبارەت» دېدى . مەن مۇشۇ يىپ ئۇچىغا مۇنا-
سىۋەتلىك تارىخ ، سۆز ـ چۆچەكلەرنى ئاڭلىدىم ، خاتىرىلىدىم ،
ئۆگەندىم . 1962 ـ يىلى قەشقەردە تەشكىللەنگەن ئارخېئولوگى-
يىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بىلەن خانئۆي ھەم مۇناسىۋەتلىك
جايلارنى كۆزدىن كەچۈردۇم . ئۆگىنىش ، ئىزدىنىش ، خاتىرى-

لەش ، دوستلارنىڭ ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن يازغان «گۈل-خۇمار» ناملىق پوۋېستىم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1993 - يىلى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى . كېيىن ، خەلق ئارى-سىدا يەنە مەزكۇر پوۋېستقا مۇناسىۋەتلىك يېڭى رىۋايەت ، بەزى تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن خام ماتېرىياللارنىڭ بارلىقىنى ، ئۇلار چوڭقۇر تەتقىق قىلىنماي ، شاۋاز قارىي بىلەن گۈلخۇمارنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسىنىڭ پوۋېستتا ئانچە يورۇتۇلمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم .

ئاتا - بوۋىلارنىڭ بايان قىلىشىچە ، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى بەشكېرەمنىڭ سايۋاغ كەنتىدە تەقۋادار بىر دېھقاننىڭ ئوغلى شا-ۋاز قارىي بىر مۇدەررىسنىڭ بويىغا يەتكەن گۈلخۇمار ئىسىملىك ساھىبجامال قىزى بىلەن تونۇشۇپ بىر - بىرىگە ئىشق - مۇھەب-بەت ئىزھار قىلىشىپتۇ . بۇ ئىككى ياش ۋىسال كويىدا مەخپىي كۆرۈشۈپ تۇرۇپتۇ . بىر مەزگىلدىن كېيىن ، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتى باشقىلار تەرىپىدىن سېزىلىپ ، مۇدەررىسنىڭ قۇلىقى-غا يېتىپتۇ . غەزەپلەنگەن مۇدەررىس گۈلخۇمارنىڭ تالا - تۈزگە چىقىشىنى مەنئى قىپتۇ . گۈلخۇمار بىلەن شاۋاز قارىي دىدار ئىزدەپ قان - قان يىغلاپ ، ياقا يىرتىپتۇ . ئىككىسى ئىككى يەردە كېچىسى سېغىنسا ئايغا ، كۈندۈزى سېغىنسا قۇياشقا قاراپ-تۇ ، ئىشق ئوتىدا پۇچۇلىنىپ ئاخىر يوشۇرۇن كۆرۈشۈش قارا-رىغا كەپتۇ . دادىسى خۇپتەن نامىزىدىن قايتىپ ئۆز خانىسىغا كىرىپ كەتكەندە ، گۈلخۇمار ئاستا چىقىپ بەشكېرەم بىلەن ئال-تىن ئاتۇشنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاغ باغرىغا كېلىپ ، كېچىچە يىغلاپ تاڭ سەھەردە ئۆيىگە قايتىپتۇ . شاۋاز قارىيمۇ ھەركۈنى ئاشۇ تاغنىڭ بەشكېرەم تەۋەسىدىكى يانباغرىغا كېلىپ نالە -

پەرياد بىلەن تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ .

بىرقانچە ئايدىن كېيىن ، مۇدەررىسنىڭ گۇلخۇمارنى ياتلىق قىلماقچى بولۇپ توي تەييارلىقىغا چۈشكەن خەۋىرىنى ئاڭلىغان شاۋاز قارىي تاغ ئارىلاپ ئاستىن ئاتۇشقا بېرىپتۇ . ئۇ تاغ ئارىسىدا كېتىۋېتىپ ، ھەسرەتلەنگەن ھالدا «گۇلخۇمار ماڭغان تاغ ، گۇلخۇمارنىڭ ئىزى قالغان تاغ ، گۇلخۇمار كۆرگەن تاغ» دەپ يىغلاپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ تاغنى «خۇمارتاغ» دەپ ئاتايدىغان بولۇپتۇ . ئۇلار ئىشق ـ مۇھەببەت يولىدا ئاچقان بۇ يول «ئىشق يولى» دەپ ئاتىلىپتۇ . كېيىنكى كىشىلەر «خۇمارتاغ» نى «قۇمالتاغ» ، «ئىشق يولى» نى «ئىت يولى» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ . ھازىر بۇ يول ئارقىلىق ئاتلىق ، ئېشەكلىك ۋە پىيادىلەر ئاستىن ئاتۇش ۋە بەشكېرەمگە بېرىپ ـ كېلىدۇ .

يېقىنقى يىللاردا ، ساقىسىزلىقىم سەۋەبىدىن ھاياتىمنىڭ كۆز پەسلى كەپقالدى ، گۇلىستاندىن يىراقلىشىپ ، گۆرىستانغا يېقىنلاشماقتىمەن . مۇبادا دوستلار بۇ ئەسەرنى قولىغا ئېلىپ قالسا ، «يۇرتىمىزدا ئۆتكەنلەر ئىچىدە بۇ ئادەممۇ بار ئىكەن» دەپ يادىغا ئالار ، دېگەن ئۈمىد بىلەن «گۇلخۇمار» پوۋېستىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ ، ۋەقەلىكىنى تولۇقلاپ يېزىشقا كىرىشىپ ، بۇ تارىخىي رومانىنى مۇشۇنچىلىك پۈتكۈزۈپ ، «ئىشق يولى» دەپ نام بەردىم . ئۇنىڭ ۋەقەلىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىدىكى خۇمارتاغنىڭ شاھىتلىقى بىلەن تەخمىنەن 350 يىل ئىلگىرى يۇرتىمىزدا ، جۈملىدىن بەشكېرەمدە ئۆتكەنلەرنىڭ رېئال سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا بىرقەدەر بەدىئىيلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەندى . مەزكۇر رومانىنى يېزىش جەريانىدا بەشكېرەم توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردىن ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن

نەشر قىلىنغان «ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» ناملىق كىتاب بىلەن ئابدۇرېھىم ھاشىم مەشھەدىنىڭ «ئاتۇش» (1) ناملىق كىتابىدىكى قىسمەن مەزمۇنلاردىن ئىجادىي پايدىلاندىم . مېنىڭچە ، بۇ رومان «يۇرتىمىزنىڭ قۇياشىدىن زەررە ، دەرياسىدىن قەترە» دېيىلسە جايىدا بولىدۇ . بۇ رومانىمدا بىلىپ ـ بىلمەي بەزى جايلاردا كەتكۈزۈپ قويغان بولۇشۇم مۇمكىن . كەڭ ئوقۇرمەنلەر ، جۇملىدىن ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ سەمىمىي تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن .

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب بېھىشكېرەم ........................ 1
ئىككىنچى باب ئاتۇش سەيلىسى ........................ 21
ئۈچىنچى باب سادىق دوستلار ........................ 52
تۆتىنچى باب ئاشىقلىق كېسىلى ........................ 77
بەشىنچى باب سالام خەت ........................ 108
ئالتىنچى باب خاسىيەتلىك پەيشەنبە ئاخشىمى ........................ 136
يەتتىنچى باب خاتىپنىڭ خانىسىدا ........................ 158
سەككىزىنچى باب ئىنسان بېشىغا نىمىلەر كەلمەيدۇ ........................ 184
توققۇزىنچى باب ۋىسالغا ئېرىشىش كويىدا ........................ 215
ئونىنچى باب ئاخىرقى چارە ........................ 243
ئون بىرىنچى باب نۇرى ئۆچكەن كۆزلەر ........................ 271

# بىرىنچى باب

## بەھەشكىرەم

### 1

تۆت جۈپ ناغرىنى ئات هارۋىسىنىڭ ئۈستىگە ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرغان جارچىلار يۇرتمۇيۇرت يۈرۈپ ، قائان قوراخان[1] نىڭ يارلىقىنى ئەلگە تەنتەنە بىلەن يەتكۈزدى . جارچىلار ئالتىن ئاتۇش ،[2] لىغىلدىما ، سۇ ئۇزاق (هازىرقى سۇزاق) ، توققۇزاق ، سەمەن ، كاندىر ، بۇيراخىلتاي[3] دىن تاشمىلىققىچە پەرمان يەتكۈزۈپ بولۇپ ، ئوپالغا كېلىشتى . پۈتكۈل ئەل قاتتىق ياڭرىغان دۇبۇلغا (كاناي) ۋە ناغرا ئاۋازى چىققان تەرەپكە ئاقتى . دوپپېشى ، قۇرپېشى ، دورغا ، دادخو ، خەلپىلەر ئاتلىرىنى ئۇياق - بۇياققا چاپتۇرۇپ خەلقنى سۈرگىلى تۇردى .

سۆسەر دەرياسىنىڭ ئۇ چېتىدىكى سۇلتانباغ دارىسىدىن تارتىپ ئوپالنىڭ شىمالىدىكى ئوپالاتقىچە ، تاشبالىغ ، باش ياغۇ ، باشۋاغ ، قارىۋاش ، قارا كېچىك ، موللامبېغى ، كۆكچى ، قۇمباغ ، ئاخۇن دارىسى ، دۆلەت بۇلاق ، هۆل جىگدە ، شەرق تەرەپ-

---

① قوراخان — «ئىقتىدارلىق خان» دېگەن ئۇنۋان .
② ئالتىن ئاتۇش — ئاستىن ئاتۇشنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئاتىلىشى .
③ بۇيراخىلتاي — قەشقەر كوناشەھەر ناهىيىسىنىڭ هازىرقى بۇلاقسۇ يېزىسى ، بەزى رىۋايەتلەردە «بورخانتاي» دېيىلىدۇ .

تىكى خانكۆۋرۈك ، قۇمباغ ، دوغىلات ، تاش كېچىكلەرگىچە ئارىلىقتىكى يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە ئەر ـ ئايال جامائەت ئوپالنىڭ يۇدۇغۋاشتىكى كەڭرۇغا توپلىنىشقا پەرمان قىلىندى . ئېيتىلىشىچە ، بۇ جاي خاقان ئافراسىياپنىڭ ئارامگاھلىرىدىن بىرى ئىكەن .[1] قوراخان زامانىدىمۇ ، كاتتىلار يازكۈنلىرى يۇدۇغۋاش تەرەپلەردىكى يايلاقلاردا سەيلە ـ تاماشا قىلىپ ، قىمىز ئىچىپ ، قېزا يەپ قايتىشىدىكەن .

ئوردىدىكى جارچىلارنىڭ سەردارى پولات دوپپېشى بۇقىدەك ھۆركىرىگەن ئاۋازى بىلەن خالايىققا قاراپ :

— سەللى ئەلا مۇھەممەد ! ئەييۇھەنناس ، ئىشتىڭلار ئامۇ خاس ! ئۇيقۇدا بولساڭ بىدار بول ، غاپىل ئولساڭ ئاگاھ بول ! ھەرنە كارىڭ بولسا مۇندا بول ، قوراخان پەرمانىغا تەييار بول ! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار ، خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى ئولدۇركىم : «بۇگۈندىن باشلاپ ئەھلى ئوپال پۇقراسىنىڭ يەتتە يېشىدىن 70 يېشىغىچە ئانىسى بۆرە (ئوغۇل ) دەپ شۇمەك سالغان ئەر كىشى جىنسىنىڭ ھەممىسى غانجۇغان ئارا بۇلاقتىن ئۆستەڭ چېپىپ ، سۇ كەلتۈرۈپ ، تىترىگۇ[2] زېمىنىنىڭ ئىپتىداسىدىن ئىنتىھاسىغىچە باغۋاران قىلغايسىزلەر ، ئول جاي كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ئاۋات ۋە مەمۇر بولسا ، باغلىرىدا يەل ـ يېمىشلەر پىشسا ، بېھىشنى ھاياتىمدا كۆرگەن بولۇرمەن . ئاندىن ئول جاي سەلتەنەتىمىز ۋە خاندانىمىز ئۈچۈن ئاستانە بولغۇسىدۇر . ئىتائەتكار پۇقرالار پەرمانىمىزنى بەجا قىلغاي . كىمكى بىۋاكلىك قىلسا ، بېشى ئۆلۈمدە ، مېلى تالاندىدۇر » .

پەرمان ئاڭلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، ھەممە كىشى يەرگىچە ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى . بۇ ، رىزالىقتىن بېشارەت ئىدى . ئەمما ، خالايىقنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . بۇ يىلقى قىش ئۆتكەن

---

① بۇ بايان «دىيارى ئىمام» تەزكىرىسىدە بار . بۇ ئەسەرنى شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى (1770 ـــ 1850 ) يازغان .

② تىترىگۇ — تۇز كەتكەن قاتتىق يەر .

يىللاردىكىدىن بالدۇرلا باشلانغانىدى. پەرمان ئوقتۇرۇلغانىنىڭ ئىككىنچى كۈنىلا دوپپىپىشلارنىڭ زۇلۇم قامچىسى ئاۋامنىڭ بې- شىدا ئويناشقا باشلىدى. ئىلاجىسىزلىقتىن بىچارە پۇقرا ئوزۇق - تالقانلىرىنى تۇلۇملارغا سېلىپ، دۈمبىلىرىگە يۈدۈپ، ئېشەك، قېچىر، تۆگە، ئات، قوتازلارغا ئوت، سامان، ئابى ئاشلارنى ئارتىپ، پىيادە ۋە ئۇلاغلارغا مىنىپ توققۇز يۇرتنىڭ ھەممىسى غانجۇغانغا سەلدەك ئاقتى. كۆزنىڭ شۇۋۇرغان شاملى بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يىلىڭ - يوپۇڭ، يالاڭ ئاياغ، يىرتىق چاپان، يالاڭتۆشلەرنىڭ دۈمبە - پاچاقلىرىنى يالاپ، كۆزدىن يىغلاتماي ياش چىقىرىدىغان ھۈنىرىنى كۆرسەتتى. قېرىسااللار خۇرجۇنغا ئوزۇق - تالقانلىرىنى سېلىپ، كىچىك پىندىك كاش- كاپ چۆگۈننى بوغجۇملىرىغا چىگىپ دولىسىغا سېلىپ، ئۈچ پۈتلۈق بولۇپ ئاران مېڭىۋاتسا، قىرانلار غەمسىز ھالدا بىر - بىرى بىلەن مازاقلىشىپ، «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا»، «ئەل بىلەن كەلگەن ئۆلۈم بەجايىكى توي» دېيىشىپ، پەرھادتەك غەي- رەت - شىجائەت بىلەن مېڭىپ 99 داۋاندىن ئېشىپ، ئىلگى- رى - ئاخىر بىر ھەپتىدە غانجۇغاننىڭ ئارا بۇلىقىغا بېرىپ بولۇشتى.

توققۇز يۇرتتىن بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەر گويا يۇلتۇزدىن- مۇ كۆپرەك كۆرۈنەتتى. ھەش - پەش دېگۈچە ئىش باشلىنىپ، دەريا قېزىشقا ھەممە تەڭ چۈشتى. كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈز- نى كېچىگە ئۇلاپ، ئۇيقۇنى تەرك ئېتىپ، ئارامنى بىلمەي ئىشلى- سىمۇ بۇ ئىشنىڭ بۇ يېقىندا تۈگەش ئېھتىمالى كۆرۈنمەيتتى. ھەممىنىڭ بېشىغا تەڭ غەم ياغدى، ئاڭغۇچە 1 - ئاي ئۆتكەنىدى. قېرىلار، يىلىڭلار قەۋس (11 - ئاي ئاخىرى) دىلا خۇددى قەۋمدەك (ئوقيانىڭ ياسىدەك) ئېگىلگىلى تۇردى. جەددى (12 - ئاي) داخىل بولغاندا، ھەممە جاننى ئاسراش ئۈچۈن ئالدىرىدى، لېكىن يۇقىرىدىكىلەر مۇزلاپ ئۆلگىلى تۇردى. ئەز- رائىلنىڭ ئىشى جىددىيلەشتى. كىشىلەر دەلۋە (1 - ئاي ئاخى-

ـرى ) ، هۆت (2 ـ ئاي ئاخىرى ) نى تولىمۇ تەسلىكتە ئۆتكۈز-
دى .

بىر ئاخشىمى زېمىندىن تۈيۈقسىز كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭ ئاسماننىڭ ھۆسنىنى قاراسىياھ قۇيغاندەك قاراڭغۇلاشتۇرۇ-ۋەتتى ، ھېچقانداق نەرسىنى پەرق ئېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئارقىدىنلا چىققان دەھشەتلىك بوران كىشىنى گويا شامال ئۇچۇر-غان پاخالدەك ، ھەر تەرەپكە ئۇراتتى . بوران كىشىلەرگە ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىن تاشقىرى بالايىئاپەت ئەكەلدى . بارغانسېرى كۈچەي-گەن بوراننىڭ زەربىدىن ئەتراپتىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلى-رى قاراسلاپ سۇناتتى . دەرەخلەرنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ياكى سۇنغان ئاۋازى سۈرلۈك ۋە قورقۇنچلۇق ئاڭلىنىپ ، كۆڭۈلگە ئەنسىزلىك سالاتتى . بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن توپا ـ چاڭ كۆزنى ئاچقىلى قويمايتتى ، سوغۇق ھاۋا كىشىلەرنىڭ يېلىڭ ـ يوپۇڭ بەدىنىگە قاتتىق تەسىر قىلدى . كىشىلەر بۇ دەھشەتلىك قاراڭغۇ كېچىنىڭ باش ـ ئايىغىنى ئويلاپ يېتەلمەيتتى ، ھوشيارلىق بىلەن كۆزىنى قىيا ئېچىپ قوياتتى . كېچىنىڭ ھەيۋىتى ۋە قاراڭ-غۇلۇقى خۇددى ئەپسانىلەردە سۆزلەنگەندەك قورقۇنچلۇق ۋە دەھ-شەتلىك ئىدى . كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق قورقۇنچ باستى ، بەزىلەر پات ـ پات دىر ـ دىر تىترەپ كېتەتتى ،بەزىلەر كۆز يېشى قىلاتتى ، بەزىلەر ھوشىدىن كېتىپ ، يەنە ھوشىغا كېلەتتى .

بىر كېچە ـ كۈندۈز چىققان بوران بارا ـ بارا پەسلەپ ، كۆز ئاچقىلى بولدى . شەرق تەرەپ سۈزۈلۈپ ، ئاي چىقتى . ئاسماندا ئاندا ـ ساندا يۇلتۇزلار پەيدا بولدى . ئاينىڭ نۇرى زېمىننى يورۇتتى . كىشىلەر بەدىنىگە كۈچ ـ قۇۋۋەت تولۇۋاتقان-دەك ھېس قىلىپ روھلىنىپ قالدى . ئەمما ، بوراندىن كېيىن پەيدا بولغان سوغۇق ئېقىمنىڭ تەسىرىدە ئاسماندىن باسقان قار يەردىكى مۇزلار بىلەن بىرلىشىپ ، خالايىقتىن دەردىنى ئېلىۋات-قاندەك تۆيۈلدى . قىرودىن كىرپىك ، قاش ، ساقال ـ بۇرۇتلار تەڭلا ئېسىپ قويۇلغان مارجاندەك ساڭگىلاپ ، كىشىلەرنى

ياش ـ قېرىلىقىنى ھەم كىملىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئاقسا-
قال بوۋاي قىلىپ تاشلىدى . ھەمەل (3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى) ،
سەۋرى ئايلىرىدا بىر تەرەپتىن ، ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگىگىلى
تۇرغان خالايىق ھەدەپ قاچقىلى تۇردى ، يەنە بىر تەرەپتىن ،
كىشىلەرگە قارا تەمرەتكە يامرىدى . قاچقانلارنى ياساۋۇللار تۇتۇپ
كېلىپ ، بەزىلىرىنى تەھزىر (41 دەررە) ئۇرۇپ ئۆلەمجان
قىلىپ تاشلىدى . «ھالۋىنى ھېكىم يەپ ، دارغا يېتىم ئېسىلدى ،
توختىمىغان تۇغانغا توختاخۇنلار بېسىلدى» دېگەندەك ، قاچقۇنلار
ئارىسىدىكى توختى ، توختامىش ، تۇردى ، تۇرسۇن ، توختاش…
ئىسىملىكلەرنى ياساۋۇللار دەريا ساھىلىنىڭ يار ئېلىپ كېتىش
ئېھتىمالى بولغان جايلىرىغا ، تۇغان ، تومىلارنىڭ باشلىرىغا ئە-
كېلىپ ، تىرىكلا بېسىپ كۆمۈۋېتىشتى . بۇ زېمىننىڭ ئېچىنىش-
لىق ھالىغا قارىتا ، تۆۋەندىكى خەلق قوشاقلىرى مەيدانغا چىقتى :

تاغلاردىن ئورۇن ئالدۇق ،
باغلاردىن ئورۇن تەگمەي .
قانداق قىلىمىز ئەمدى ،
تەقدىرگە بويۇن ئەگمەي .

ئاھ ئۇرارمەن ، ئاھ ئۇرارمەن ،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى .
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى .

ئەجەب بولدۇم ، ئەجەب بولدۇم ،
ئەجەب بولغانغا يىغلايمەن .
ئاتام تۇرۇپ ، ئانام تۇرۇپ ،
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن .

غانجۇغانىنىڭ داۋىنى
ئالتىنچى ئايدا مۇزلايدۇ .
قىيىسىپ قالغان باشمىنى ،
قادىر ئىگەم ئوڭلايدۇ .

زىمىستان قىشىنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق ئازابىنى يەت-كۈچە تارتقان هاشارچىلار ئىلاجىسىز جەۋزا ، سەرەتان (5 ـ ، 6 ـ ئايلار ) غا ئۇلاشقاندىن كېيىن ، سوغۇقنىڭ ئاز ـ پاز ئەلىمىنى تۇگىتىپ ، ئىككىنچى يىلىنىمۇ شۇنداق تەسچىلىك بى-لەن ئۆتكۈزدى . ئەمما ، بۇ يىل ئىچىدە مەمۇرلار خېمىردىن پېتىر پىشۇرغاندەك خالايىقتىن رىشۋە (پارا ) ئېلىپ ، رىشۋە بەرگەنلەرنىڭ قولىغا «هاشارنى تۈگەتتى» دەپ خەت ـ بەلگىلەر بېرىپ ، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ياندۇرغىلى تۇردى . بۇ خەۋەر ئايغاقچىلار ئارقىلىق قوراخانغا يېتىپ ، ئۇ دەرهال غانجۇغانغا ئۆزى بېرىپ ، رىشۋە ئالغۇچى مەمۇرلارنى ئېنىقلاپ ، ئەر (جال-لات ) لىرىگە بۇيرۇق بېرىپ ، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى .

قائان قوراخان بۇ يىل ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى . يەنى هاشار-چى نەۋقىران يىگىتلەرنى تون ـ تەلپەكلەر بىلەن تارتۇقلىدى ، يۇزلەپ قويلارنى كەلتۈرۈپ هەر يۇرتقا ، ئەل باشلىرىغا ئىنئام قىلدى . ئامبارلاردىكى ئاشلىقنى بىهېساب تارقىتىپ ، يېمەك ـ ئىچمەكنى كەڭرى قىلدى . قائان يەنە ماهىر دارۋاز ، چېلىشچى-لارغا قەشقەرنىڭ كېمىشكا[1] پالاسلىرىدىن ئىنئام قىلدى . ئوغ-لاق تارتىشىش ، قوچقار سوقۇشتۇرۇش ، ۋائىزلىق ، داستان ئېيت-تىش ، راۋاب ـ قوشاق ، مەشرەپ ئويۇنلىرىغا يول قويۇلدى .

[1] كېمىشكا — قەشقەرنىڭ گۈللۈك پالىسى .

بۇ ئىنئام ـ ئېھسانلار بىلەن ئىشتىن خېلى ئۇنۇم كۆرۈلدى. قوراخان ئارا بۇلاققا شاھانە چېدىر تىكتۇرۇپ، ئۆزى دەريا پۇتكۇ-چە كېلىپ ـ كېتىپ تۇردى. ئۇ كەلتۈرگەن قىمىزلارنى ھاشار-چىلار ئىچىدىكى شىجائەتلىك يىگىتلەرگە كۈمۈش قاچىلاردا تول-دۇرۇپ ئىچكۈزدى، ئۆزى دەريانىڭ دامبىلىرىدا پىيادە يۇرۇپ ھەركۈنى چېدىر يۆتكىتىپ، پىشۇرۇلغان گۆش ۋە كاۋاپلارنى ئىش سادىرلىرى (ئىش بېشى)، مەدىكار (كارغا يارايدىغان يىـ-گىت) لارغا ئىنئام قىلىپ يېگۈزدى.

بۇ يىل دەريانىڭ قېزىش سۇرئىتى ئالدىنقى يىلدىكىـ-دىن كۆپرەك ئېشىپ، چام ـ ۋەزىپىلەر تۈگىگىلى تۇردى. قائانىنىڭ ئارا بۇلاقتا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئاۋام خەلق يۇرت ـ يۇرتتىن نەققارە شادىيانەلىرىنى ياڭرىتىپ، قوي، كالا، ئابۇ-ئاش، يەل ـ يېمىشلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ھەدىيە قىلىپ ئەكەل-دى. ھەدىيەكارلارنىڭ بىرىمۇ قايتماي، قولىغا مېتىن ۋە كۆرەك ئېلىپ دەريا قازدى. كۈندۈزى ھەممە بىرلىكتە غەيرەت ـ شىجا-ئەت بىلەن دەريا قېزىشتى، ئاخشىمى سورۇن قۇرۇلۇپ، راۋابلار جاراڭلىدى، داستان ئوقۇش، ساتار، غىجەك چېلىشقا ئىجازەت بولدى، ۋائىزلار شاھنامە، جەڭنامىلەرنى سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇ-رۇلدى.

قوراخان پۇشقاقلىرىنى تۇرۇپ سەردارلار بىلەن دەريا بويىغا كېلىپ، بۆرە بۇقىلىرىنى ئورنىتىدىغان جايلارنى كۆرسىتىپ قول ئىشارىسى قىلىۋىدى، ھەممە تەڭ كۆتۈرۈپ، بۇ جاپالىق مېھنەتتىن خالايىق بىرلىكتە ھالاۋەتكە ئېرىشتى. 3 ـ يىلى، يەنى ھىجرىيىنىڭ 673 ـ يىلى (مىلادىيە 1274 ـ يىلى) ئۇشورا ئېيىنىڭ 20 سىدە، غانجۇغان ئارا بۇلاقتىن باشلانغان 30 تاشلىق سۇ يېڭى قېزىلغان چوڭ ئۆستەڭدە سىمابتەك ئېقىپ كەلدى.

هاشارچىلار ئۆستەڭنىڭ ئىككى ساھىلىدا تۇرۇپ :

سۇ كەلدى ، ئاي كەلدى ،
دەريادىكى ماي كەلدى .

ۋاي ئانىكا سۇ كەلدى ،
دەرياغا لىق سەل كەلدى .

دەپ قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ساما سېلىپ ، سۇغا ئەگىشىپ خانئۆي تەرەپكە مېڭىشتى . قائان قوراخان يېڭى كەلگەن سۇغا «ئاق سۇ» ياكى «ئاقسۇن» دەپ نام بەردى . ئۇ : «هاشارغا كەلگەنلەردىن ياش نەۋقىرانلار ئىختىيار قىلسا مۇشۇ كەڭ زېمىن- دىن خالىغانچە تۇتسۇن ، يەر - باغ ئەھيا قىلسۇن ، تا ئۆمرى ئۆتكۈچە غەللە - ئالۋان بەرمىگەي . كەم - كۇتىلىرىگە خەزىنى- دىن تويغۇدەك ئاش بەرگەيمىز » دەپ جارچىلارغا جار سالدۇردى . هاشارچىلارنىڭ خالىغىنى ئۆزى ئەكەلگەن ئاق سۇ بويلىرىغا تارد- لىپ ، شېغىل تاشلىقنىڭ ئۇستىگە لاتقا يانقۇزۇپ قىر تارتىپ يەر قىلىشتى ، مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز كۆچەتلەرنى قويۇشتى . يەر ۋە باغلارغا ئۇيناقشىپ كىرگەن سۇ ئۇلارنىڭ ئىگىلىرىنى تويغۇز- دى . دەريا ساھىلىدىكى تۇز كەتكەن تىترىگۇ زېمىنى گۈللىنىشكە يۈزلەندى .

* * *

ئايلاردىن ئاي ، يىللاردىن يىل ئۆتتى . ئىقتىدارلىق قائان قوراخان كەڭ تىترىگۇ زېمىنىنى ئارىلاپ كۆردى . ئۇ يەردىكى ئانار ، ئەنجۈر ، ئۈزۈم ، شاپتۇل ، جىنەستە ، بېھى ، توغاچ ، ئۆ- رۈك ، ئامۇت ، ئالما ، ئەينۇلا ، چىلان ، جىگدە ، قارىئۆرۈك ،

سەنۇلە ، ئۇجمە ، شاتۇت ، گىلاس ، ئامىلە ، ئالۇچا ، كۆكسۇلتان ، ياڭاق . . . لار قائاننىڭ كۆز ئالدىدىن مارجاندەك تىزىلىپ ئۆتتى . قائان قوراخان تەبەسسۇم بىلەن كۇلۇپ تۇرۇپ : «تەڭرىگە شۇكرىكىم ، بۇ يەردە بېھىشكېرەمنى كۆردۇم» دېدى . قائاننىڭ ھىممىتى بىلەن بۇ يۇرتنىڭ نامى «بېھىشكېرەم»① بولدى .

ئاق سۇنىڭ باش تەرەپلىرىدىكى بېھىشكېرەمنىڭ جەننەتتەك پايانسىز باغلىرىنى كۆرگەن قائان قوراخان بۇ يەردىكى كەڭ دالىغا كاتتا شەھەر بىنا قىلدۇرماقچى بولۇپ ، بىر بۆلۈك ئاھالىنى ، جۇملىدىن قولى گۈل ئۇستا ھۇنەرۋەن ـ كاسىپلارنى ئولتۇراقلاشتۇردى . ئۇلار بىر نەچچە يىل ئىچىدە نۇرغۇن ئۆي ـ ئىمارەت ، خانىقالارنى بەرپا قىلىشتى . شەھەرنىڭ ئىچى كەڭرى تاغ سۈيى بىلەن تەمىنلىنىپ ، ھاۋاسى ياخشى ، كوچىلىرى كۆپكۆك چىمەنزارلىق ، ئەتراپى ئېگىز ۋە مۇستەھكەم سېپىل ـ قورغان بىلەن ئورالغان ، بەش دەرۋازىلىق كاتتا شەھەرگە ئايلاندى . ئېيتىلىشىچە ، شۇ دەۋردە خانلىق تەۋەسىدىكى نۇرغۇن ئالىم ، ئەدىب ۋە باشقا مەشھۇر شەخسلەر ئىلىم مۇتالىئە بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئىختىيار قىلىپ بۇ شەھەرگە كەلگەن . شۇنىڭدىن كېيىن ، قائان قوراخان خانلىق ئوردىسىنى بۇ شەھەرگە يۆتكىدى ، يېڭى ئاستانە «خانئۆي»② دەپ ئاتالدى . قائان قوراخان يەنە ھىلاكو ، ئوغۇساق ، توققۇزاق . . . يۇرتلىرىنى ئاۋات قى-

---

① قەشقەر بەشكېرەمنىڭ نامى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ، «خۇدانىڭ بېغى» ياكى «يەر ئۈستىدىكى بېھىش» دېگەن مەنىدە «بېھىشكېرەم» ، «يەر ئۈستىدە بېھىشنى كۆردۇم» دېگەن مەنىدە «بېھىش كۆرەم» ، «بەش باغ» دېگەن مەنىدە «بەشكېرەم» دەپ يورۇتۇلغان . ھازىر بەشكېرەم ئاتالغۇسى ئومۇملاشتى .

② ئالتىن ئاتۇشنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمالتاغنىڭ جەنۇبىي يان باغرىدىكى كەڭ دالىغا جايلاشقان خارابىنى كىشىلەر «خانئۆي» دەپ ئاتايدۇ . «خانئۆي» — خاننىڭ ئۆيى ، خان ئوردىسى ، خان سارىيى ، خان قەسرى ، بەگ ئۆيى ، ئوردا ، قەسىر ، ساراي دېگەن مەنىلەرگە ئىگە . مەرھۇم تارىخچى ھاجى نۇرھاجى يازغان «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسەرنىڭ 110 ـ بېتىدە : « . . . قاراخانىيلارنىڭ ئاتۇشتىكى ··· ئوردىسى ۋە 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ··· ئوردىسى ، يەنى ھازىرقى قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى ‹خانئۆي› ناھايىتى گۈزەل ياسالغان» دېيىلگەن . دېمەك ، بۇرۇنقى پادىشاھلار «خانئۆي» ۋە «ئەسكى ھېسار» دا تۇرغان . 1950 ـ يىللاردا شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتىدە ئىشلەيدىغان xxx كىشى (ئاتۇش غوجىلىرىدىن ئىبراھىم شەيخنىڭ ئوغلى ) «خانئۆي تەزكىرىسى» ناملىق قوليازمىنى ئاتۇش مەشھەدتە ئولتۇرۇشلۇق ئەمەت غوجام (مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ نەۋرىسى ) دىن سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن . بۇددىزم دەۋرىگە خاس بۇ خارابىنى بەزى كىشىلەر يەنە «مور» ياكى «مورا» دەپمۇ ئاتايدۇ .

لىپ ، بۇ يۇرتلارغا قەدىمكى تۈرك قائانلىرىنىڭ نامى بىلەن ئات قويغان . بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ۋاپادار ، مەرد ، ئەمگەكچان ، قابىل بولۇپ ، يىگىتلىرى چەبدەس ، قىزلىرى گۈزەل ، ۋاپادار ئىكەن .

قوراخان رەئىييە (پۇقرالار) نىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ، خانئۆي شەھىرىنىڭ كوچىلىرىنى دائىم مەخپىي ئايلىنىپ ، ھەممە ساھەدىكىلەرنىڭ گەپ - سۆز ، پىتنە - پاساتلىرىنى ، خەلقنىڭ بەزى نارازىلىقىنى ئاڭلاپتۇ . جىبسەكچى ، چەكادىلاردىن رەئىييەنىڭ ئاھۇزارلىرىغا قۇلاق سالماي ، رەئىييەنى مەنىستەمەي تەكەببۇرلىشىپ كەتكەنلەرنى ، ئوغرى ، مەككار ، خىيانەتچىلەرنى ئەتراپىغا يىغىۋالغانلارنى بايقاپتۇ . ئۇ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە ئەلنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ، «خالايىق ئىچىدە ئىلىم - ھۈنەر روناق تاپسۇن ، ئىلىم - ھۈنەر بىلمىگەن بىرەر كىشى سەلتەنىتىمىز تەۋەسىدە كۆرۈلمىگەي . ھەرقانداق كىشى پەزىلىتىنى ئارتتۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى كۆرسەتكەي . ئىلمۇ ئېرپانغا ، قانۇن - نىزامغا قىيا باققۇچىلارنى ھاشارغا ھەيدەپ ، ئۇلارنىڭ سىلىقىنى ئېغىرلاتقاي» دەپ پەرمانى ئالىي قىلىپتۇ .

ياشىنىپ قالغان قوراخان ئاز زاماندىن كېيىن پالەچ بولۇپ ، ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . قوراخان ئەلنى ئىدارە قىلىش قانۇن - نىزامىغا تۆھمەتخور ، جېدەلخور ، پىتنە - پاساتچىلارنى تەنبىھ ۋە جازا ئۈچۈن تۇتۇپ ، غانجۇغان ئارا بۇلاقتىن چىپىپ كەلتۈرۈلگەن ئاق سۇ ئەتراپىدىكى بىنەم يەرلەرنى ئاچتۇرۇپ جازالاشنى كىرگۈزگەچكە ، كىشىلەر ئۇرۇش - تالاش ئەمەس ، تىللىشىشتىنمۇ ھەزەر قىلىشقان . مەملىكەت ئاۋات ، رەئىييە خۇشال - خۇرام دەۋر سۈرگەن . بۇ ھەقتە شائىرلار :

شۇمبۇيا باش چىقارسا مەملىكەت گۈلزاردىن ،
بىسلىماستىن قالمىغاي ھېچ ، ئۇستا باغۋەن داردىن .

دەپ نەزم تۈزۈشكەن . خېلى زامانلاردىن كېيىن بېھشكېرەم ئاجايىپ مەمۇرچىلىق يۇرت بولۇپ ، تاماقلار ئاشار ـ تاشار ھالغا كەپتۇ . 14 كەنتتىن ئىبارەت بېھشكېرەمنىڭ مېۋە خىللىرى كۆپ ، سورتى ئېسىل ، تەمى شېرىن ۋە شېرىنە دەرىجىسى يۇقىرى بولغان . قۇمباغ ، ساپئېرىق ، سايباغ ، كۇكاڭ ، ئىتلە قاتارلىق بەش كەنتى بالدۇرلا باغۋارانلاشقان . قۇمباغنىڭ خۇۋەينى ئۈرۈكى بىلەن ئاقتال ئۈزۈمى ؛ سايۋاغنىڭ ئاقتال مۇناقى ئۈزۈمى بىلەن ئەنجۇر ، ئانىرى ؛ ساپئېرىقنىڭ قوتۇر ئامۇتى بىلەن ئەنجۇر ، ئانىرى ؛ كۇكاڭنىڭ مايسەن ئۈرۈكى بىلەن پىستە ،[1] بادامىلىرى ؛ چۇگۇر ، ئىتلەنىڭ قوغۇن ، ئانىرى داڭلىق . چۇگۇر ، باغئېرىق ، بايلا ، يېڭىئاۋات ، لەڭگەر ، بەشتوغراق ، سىدىر ، بويلا ، خانئۆي قاتارلىق توققۇز كەنتتە باغلار تەدرىجىي كۆپەيگەن . بايلا ، باغئېرىقنىڭ ۋاسالغۇ قىلىدىغان ئۈزۈملىرى ، بويلىنىڭ سوقا چىلانلىرى ، خانئۆينىڭ نان جىگدىسى ، ھەربىر كەنتنىڭ ئۆزىگە خاس مەھسۇلاتلىرى بار بولغان .

## 2

بەشكېرەم زېمىنىدا ياشاۋاتقان ئىرادىلىك ، ئۈمىدۋار كىشىلەر ئەينى چاغلاردا باغ ئەھيا قىلغانلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەن . دەريالارنىڭ بىرىنچىسى چاقماق دەرياسى . ئىككىنچىسى چۇگۇر كەنتى بىلەن ساپئېرىق كەنتلىرىنىڭ ئارىلىقىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ . ئۈچىنچىسى ساپئېرىق بىلەن كۇكاڭ كەنتلىرىنىڭ ئارىلىقىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ . تۆتىنچىسى چاكسا بىلەن قاراساقال كەنتلىرىنىڭ

---

[1] قوراخان زامانىسىدا بۇ يۇرتتا يوق مېۋىلەرنى ئەكېلىپ ئۆزلەشتۇرگەنلەرگە ئىنئام ـ ئېھسان قىلىنغانلىقتىن ، بەزىلەر ئافغانىستاندىن ئىككى تۈپ پىستە كۆچىتى ئەكېلىپ بەشكېرەمدە ئۆستۈرگەن . پىستە ئاز ئۇچرايدىغان مېۋىلىك دەرەخ ، بادام ئائىلىسىگە مەنسۇپ . بۇ ئېسىل دەرەخ ھازىر بەشكېرەمنىڭ كۇكاڭ كەنتىدە ھەر يىلى مول مېۋە بېرىۋاتىدۇ . يەنە كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ خاڭدى ، زەمىن يېزىلىرى ۋە ناھىيىلىك باغ مەيدانىدا پىستە كۆچىتى يېتىشتۈرۈلۈپ ، مېۋە بەرمەكتە .

ئاربلىقىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ . بەشىنچىسى قۇمپۇتۇق بىلەن قاراسا-
قال كەنتلىرىنىڭ ئاربلىقىدىن ، يەنى «قاراڭغۇ يار» دەپ ئاتىلى-
دىغان يارلىقتىن ئېقىپ ئۆتىدۇ .

تارىخ تـوختىمـاي ئىـلگىرىلـەپ قاراخانىيلار سۇلالىسى
(850 ــ 1212) دەۋرىگە كەلگەندە ، بەشكېرەمدىكى ئۇزاق مەز-
گىللىك جىمجىتلىق بۇزۇپ تاشلىنىپ ، تۇرغۇن كەيپىيات جانلان-
غان . «تەزكىرەئى بۇغراخان» ناملىق ئەسەردە ، سۇلتان سۇتۇق
بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئەلى ئارسلانخان مىلادىيە 978 ـ يىلى
(ھىجرىيە 367 ـ يىلى) قاراخانىيلار خانلىقىغا پادىشاھ بولغان-
دا ، بەشكېرەمنى كۆزدىن كەچۈرۈپ سۇ ھەل قىلىپ بەرگەنلىكى
ئېيتىلغان .

بىر رىۋايەت باغچىلارغا يەر ـ سۇ بەرگەنلەرى ،
بىر ھېكايەت تەرىپى مۇندا نەزم بولدى ئارسلان .
باغچىلار بىر ئەرز قىلدى بىزگە يەر ـ سۇ بەرسەلەر ،
بىزلەرنىڭ ئەۋلادىمىزغا قالسا مىراس ئارسلان .
ئاتلىنىپ چىقتى ئول كۈن يەر ـ سۇلارنىڭ باشىغە ،
ھەددى پايانسىز تولا يەر ـ سۇ بەرەيدە ئارسلان .
بەشكېرەملىك بولسا ئاباد بۇ مېنىڭ باغبانلىرىم ،
تا قىيامەت بولغۇچە بولسۇن مىراس ئارسلان .
بەشكېرەم ئاباد بىلەن بۇ ئارسلانىم باغچىسى ،
خان ئېرىق ئۇتاقچى بولدى تا قىيامەت ئارسلان .
باردىلەر خان بەردىلەر بىر ئۆيلىرىنى كۆرسىتىپ ،
ھەددى پايانسىز تولا يەرلەرنى بەردى ئارسلان .
«بەشكېرەملىك بولسۇن ئاباد ياخشى بۇ باغبانلىرىم ،
بولماسۇن ھەرگىز خاراب» دەپ قىلدى يارلىغ ئارسلان .

«باغىبانلار كاشغەرنى قىشۇ ياز ئاباد قىلۇر ،
بارچە ئەلدىن بۇ ئەزىز بولغاي» دېدىلەر ئارسلان .

3

ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخاننىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان سالاھىيەتلىك ئوغلى ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدا ، قەشقەردە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ ، چاقماق دەرياسىدىن كېلىدىغان سۇ ئازىيىپ كەتتى . تېرىلغۇ يەر ۋە باغۋارانلىرىنى كۆكەرتىشكە ئامالسىز قالغان ئەمگەكچى خەلق ئەقىل ـ پاراسەت ئىشلىتىپ ، قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ئاۋات ئۆستىڭىنى شىمالدىكى تىمدىن باشلاپ قېزىپ ، ئاۋات ، يېڭىئۆستەڭ ۋە بەشكېرەم قاتارلىق جايلارغا سۇ يەتكۈزۈپ ، قاغىجىرىغان مۇنبەت تۇپراقنى سۇغا قاندۇردى . سېخىي زېمىنمۇ ئەجىر قىلغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ مول نېمەتلىرى بىلەن تارتۇقلىدى .

مىلادىيە 1638 ـ يىلى ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى مەھمۇد سۇلتان (قىلىچ خان ) ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇرېھىمخاننىڭ ئوغلى ئابدۇللاخان تەختكە چىقتى . بۇ مەزگىلدە مۇشۇ چاقماق دەريا ۋادىسىدا ياشاپ كەلگۈچى ئالىپبەگ بىلەن ئايبېكەم ئەۋلادلىرىنىڭ ۋارىسلىرىدىن رەھمان ئاخۇن شىرىنچىدەك ئاتا كەسپىنى پۇختا ئۆگىنىپ تۇرلۇك يەل ـ يېمىش ، ھەتتا ئۇجمىدىن شىرنە تەييارلاشتا ئۇستا بولۇپ يېتىلگەن دېھقان ئەشرەپلەر ، «مەشھۇر قارىيقۇرئان ، ھاپىزى كالامۇللا» دەپ ئاتالغان مۇھەممەد سادىق قارىيهاجىم شىرىنچى[①] دەك ئالىملار يېتىشىپ چىققان . مۇھەممەد سادىق قارىيهاجىم شىرىنچى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇفا ، قازان ، ئىدىل ، ئو-

① مۇھەممەد سادىق قارىيهاجىم شىرىنچى 1683 ـ يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان . ھازىر ئۇ زاتىنىڭ ئەۋلادى نەسرىددىن قارىيهاجىمنىڭ ئوغلى بار .

رال بويلىرى ۋە ئورىنبۇرگلارغىچە بېرىپ ، «قۇرئان كەرىم» نى ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم خەتمە قىلىش ماھارىتى بىلەن مەشھۇر بولغان . ئۇ ئىدىل - ئورال تاتارلىرىنىڭ كاتتىسى ئەمەتباينىڭ قىزى ھەجەرخانىمنى «نىكاھىڭىزغا ئېلىپ ، خادىمەلىككە سالسىڭىز» دېگەن ئىلتىماسىنى قوبۇل كۆرگەن . مۇھەممەد سادىق قارىيھاجىم شىرىنچى ئوغلى مۇھەممەد سالىھ قارىيھاجىم ۋە مۇھەممەدرېھىم قارىيھاجىم بىلەن ھەج سەپىرى ئۈچۈن خانەئى كەبىگە بارغان . ئۇ كەبە مۇئەززىمەنىڭ بابىل سالام دەرۋازىسى يېنىدىكى قاپتالدا ئىككى ئوغلىنى يېنىدا تىڭشىغۇچى قىلىپ ، رامىزاننىڭ 28 — 30 - كۈنىگىچە «قۇرئان كەرىم» نى تولۇق خەتمە قىلغان . ئۇنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلىغان ئەرەبلەر «بۇ بەشەر (ئىنسان) مۇ ياكى مەلەك (پەرىشتە) مۇ ، ماۋەرا ئۈننەھرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بۇخارىيلاردىنمۇ فەسىھ ھاپىزى كالامۇللا كىشىلەر چىقىدىكەن» دەپ ھەيرەتتە قالغان .

بەشكېرەمنىڭ ئىتلە كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق دېھقان ئەشرەپ رەھمان ئاخۇن شىرىنچىنىڭ ئاز بولسىمۇ مۇنبەت ئېتىز - ئېرىق ، ھويلا - ئارام ، باغۇارانلىرى بار ئىدى . ئۇنىڭ تۇنجى پەرزەنتى شاۋاز قارىي تۇغۇلغاندا ، تولىمۇ خۇشال بولغان ، ئەپسۇس ، ئۆمرى قىسقا كەلدى . مەرھۇمنىڭ كۆزىدىن تامچىغان بىر قەترە ياشتەك يالغۇز ئوغلى شاۋاز قارىي كىچىككىدىلا دادىسىدىن يېتىم قېلىپ ، تۇل ئانىسى ئەپروزىخان ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى سالىھ قارىيئاخۇنۇمنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان . ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلالمىغان شاۋاز قارىينى تاغىسى ئۆز باللىرىنىڭ قاتارىدا كۆرۈپ قارىيخانىدا ئوقۇتۇپ باشلانغۇچ ساۋاتىنى چىقارىدى . ئۇ 12 - 13 ياشلارغا كىرگەندە ، تاغىسىنىڭ ھىمايىسىدە بەشكېرەمدىكى مەدرىسەدە ئۈچ يىل ، قەشقەر «خانلىق مەدرىسە»[1]

---

[1] «خانلىق مەدرىسە» ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قەشقەردىكى خانى ئابدۇللاخان دەۋرىدە ياسالغان ۋە ئۇنىڭ نامىدا ئاتالغان .

دە تۆت يىل ئوقۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، يۇرتىغا قايتىپ
دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى . ئۇ يۇرتتىكى ئۆلۈم ـ يېتىم ،
نەزىر ـ چىراغلارغا ، رامىزان مەزگىلىدە خەتمە ئۆتكۈزگۈچىلەر-
نىڭ مۇراسىمىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ ، كىشىلەرنىڭ ھاجى-
تىنى راۋا قىلىپ تۇردى . يىگىتلىك يېشىغا يەتكەن شاۋاز قارىي
ئەل ـ جامائەت ئارىسىدا خېلى يۈز ـ ئابرۇيى بار ، ئىشچان ،
غەيرەتلىك ۋە ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ، خۇشخۇي ،
ئويۇنخۇمار يىگىت ئىدى .

باھار قۇياشى زېمىنغا ئىللىق نۇر چېچىپ ، يەر ـ جاھان
قىشلىق ئۇيقۇدىن ئويغاندى . دېھقانچىلىقنىڭ جىددىي تەييارلىقى-
نى تۈگىتىپ ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئوسسى كېلىشكۈچە قولى
ئىشتىن بوشىغان خەلق چوكانتال (نورۇز) مەزگىلىدە ،
رەسىم ـ رۇسۇللىرىدىكى قائىدە بويىچە ئۆز چېچەكلىرى بولغان
ئىشچان يىگىت ـ قىزلارنىڭ سەيلە قىلىشىغا لايىقىدا رۇخسەت
بەردى . ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى رەسىدە بولغان قىزلار بىر ـ
بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ، «ئەسسالام» دىن كېيىن بىر ـ بىرى-
نىڭ ئوڭ ـ سول مەڭزىگە سۆيۈپ كۆرۈشتى . ھەرقايسى مەھەل-
لىلەردىكى جۇۋانلار ئاق لېچەكلىرىنى بېشىغا سېلىپ ، ئىشچان
قوللىرىدىن ئۈنۈپ چىققان قىزىلگۈل ، مەغەزگۈللەرنى چېكىسىگە
قىسىپ ، «ئەسسالام» بىلەن تىزىغا ئىككى قولىنى تەگكۈزۈپ ،
بىر ـ بىرى بىلەن قول ئۇچىدا كۆرۈشۈپ ئۈنى يۈزىگە سۈۋاشتى .

ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى يىگىتلەر قىشلىق كىيىم ـ كې-
چەكلىرىنى سېلىپ تاشلاپ ، ئاق چوتا ۋە تولىما كۆڭلەك ، ئاق
شاپاق دوپپا كىيىپ ، «نورۇز سەيلىسى» گە ئاغىنىلىرىنى چاقى-
رىشتى . شاۋاز قارىي ئۆيىنىڭ ۋە ئېتىز ـ ئېرىقىنىڭ ئېغىر ـ
يېنىك ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ، سالىھ قارىيئاخۇنۇم تاغىسى بىلەن
مېھرىبان ئانىسى ئەپروزىخاندىن ھەپتىلىك رۇخسەت ـ رازىلىق
ئېلىپ ، مەھەللىسىدىكى تەڭ دېمەتلىك بىرمۇنچە ياشلار بىلەن
بايراملىق كىيىنىپ ھەرقايسى يۇرتلاردىن بەشكېرەمگە كەلگەن

نورۇزچىلارغا قوشۇلدى . بۇ يىلقى ئەر - ئايال نورۇزچىلارنىڭ
توپى ئۆتكەن يىلدىكىدىنمۇ كۆپىيىپ ، زور قوشۇنغا ئايلاندى .
ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاتلىق ، ئېشەكلىك ياكى هارۋىلىق ، كۆپ
قىسمى كۇلكە - چاقچاقلار بىلەن پىيادە مېڭىشىپ ، ئوپالنىڭ
ئازىق كەنتىدىكى «هەزرىتى موللام»[①] مازىرىغا بېرىپ ، «چەشمە
زۇلال» ، «مارجان بۇلاق» لاردىن شىرىقلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىق
سۇلىرىنى ئۇۋرىقلارغا قاچىلاپ تەرەت ئېلىشىپ ، «هەزرىتى
موللام» ، «خوجا سەيپىددىن ۋەلىيۇللا»[②] مازارلىرىنى زىيارەت
قىلدى . كېيىن ، «نورۇز بۇلاق» بويىدىكى بوستانلىقتا سورۇن
تۈزۈپ ، ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئويناشتى . قىز - چوكانلار
ئېلەڭگۈچ سېلىپ لەرزان پەرۋاز قىلىشتى ، چەۋەندازلار ئوغلاق
تارتىشتى ، دارۋازلار ماهارەت كۆرسەتتى .

چېلىشىش سورۇنىدا ئادەم كۆپ ئىدى . شاۋاز قارىي چېلى-
شىش سورۇنىدىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ
تاماشا كۆردى . مەيداندا ئىككى نەپەر چېلىشچى بەل تۇتۇشۇۋاتات-
تى ، يەنە بىرنەچچەيلەن چېلىشىش نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇراتتى .
سورۇن باشقۇرغۇچىلار مەيداننى ئايلىنىپ ، كىشىلەرنى تىنچلاند-
دۇراتتى . شاۋاز قارىي ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا قوي ، كالا باققۇچە
باللار بىلەن چېلىشىپ ئوينىغان ، 12 ياش ۋاقتىدا ، يۇرتتا يېڭى
يەرگە تەگمىگەن بىر چېلىشچى پالۋاننىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ ،
دۈمبىسىنى بېسىپ كۆرۈپ : «سەن قاۋۇل ، كۈچلۈك بالا ئىكەن-
سەن ، كەلگۈسىدە پالۋان بولىسەن» دېگەن . شاۋاز قارىي ياشلىقتا
قەدەم قويغاندىمۇ يۇرتتىكى تەڭ دېمەتلىكلەر بىلەن كۆپ قېتىم
چېلىشىپ چېنىققانىدى . چېلىشىشقا هەۋەس قىلىدىغان شاۋاز
قارىي ئۆز يۇرتلۇق ياشلارنىڭ هە - هۇسى بىلەن سورۇنغا چۈ-

① هەزرىتى موللام — مەهمۇد قەشقەرى . قەشقەر ۋىلايىتى كوناشەهەر ناهىيىسىنىڭ ئوپال يېزا ئازىق كەنتىدىكى 900 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە بۇ قەبرىگاھ 1983 - يىلى قايتا ياسىلىپ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن بولغان .

② قۇمباغ كەنتىدىكى بۇ قەبرە شىمالىي تەرىپىدىكى «هەزرىتى موللام» قەبرىگاهى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ . بۇ ، مەهمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتا تەرەپ چوڭ دادىسى موللا سەيپىددىننىڭ قەبرىسى بولۇپ ، كىشىلەر «خوجا سەيپىددىن بۇزرۇكۋارىم» دەپ ئاتايدۇ .

شۇپ ، چېلىشىش سورۇنىنى باشقۇرغۇچىلار بەرگەن قىزىل بەلـ ۋاغنى بېلىگە باغلاپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ نەپەر چېلىشچى يىگىتنى مەيدىسىگە ئېلىپ پىرقىرىتىپ ئايلاندۇرۇپ يەرگە يىـ قىتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، 30 ياشلاردىكى تەمبەل بىر كىشى مەيدانغا چۈشتى . بۇ چېلىشچى شاۋاز قارىينى دەسلەپتە ئانچە كۆزگە ئىلماي خېلى ئۇزاق بەل تۇتۇشتى . ئۇ چاققان ۋە كۈچتۈڭـ گۈر ئىدى . خېلى ئۇزاق بەل تۇتۇشقاندىن كېيىن ، شاۋاز قارىيـ نىڭ تۇيۇقسىز يانپاشقا ئېلىش گۈمپىسى ئەسقېتىپ قالدى ، ئاخىر ئۇنىڭ بەلۋېغىنى راسا سىقىپ كۆتۈرۈپ يانپاشقا ئالدى ـ دە ، بىر «ياھۇ !» بىلەن يەرگە ئۇردى . سورۇن باشقۇرغۇچىلار دەرھال ھېلىقى چېلىشچىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قويدى . مەيدانـ دا «ھەببەللى» دېگەن سادا پەلەككە يەتتى . بۇ چېلىشچى شاۋاز قارىي بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ، ئىككىيلەن تەڭلا مەيداندىن چىقتى . كەچتە ھەممە كىشى «ھەزرىتى موللام» مازىـ رىدىكى چوڭ داشتا تەييارلانغان نورۇزلۇق ئاشنى تالىشىپ ئىـ چىشتى .

«ھەزرىتى موللام» تەزكىرىسىدىن قارىغاندا ، «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» دىكى تالىپلار ياز كۈنلىرى تۆت ـ بەش چاقىرىم كېلىدىغان سۆسەر ئېغىزىغا جايلاشقان بۇلاق بېشىدا نەزم پۈتۈپ ، بەر بېيىت ئېيتىشىدىكەن . ھەر يىلى نورۇز بايرىمى مەزگىلىدە مەھمۇد قەشقەرى ئۆز تالىپلىرى بىلەن بۇ بۇلاق بويىدا سەيلە قىلىپ ، نورۇزنامىلەرنى پۈتۈپ ، ئەلگە ئاسايىشلىق ۋە ئىلىمگە راۋاج تىلەپ بۇلاققا تاشلىشار ئىكەن . شۇنىڭ بىلەن بۇلاق «نوـ رۇز بۇلاق» دەپ ئاتىلىپ ، ھەريىلى نورۇز پەسلىدە قەشقەردىكى مۇھىم سەيلىگاھقا ئايلانغان . «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» دەپ شۆھرىتى خۇددى باھار شامىلىدەك ئالەمگە تارقالغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، قەشقەر تەۋەسىدە مەدرىسە پۈتـ تۈرگەن تالىپلارغا ئىرشادنامە بېرىش مۇراسىمى ھەريىلى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن . تالىپلار «نورۇز بۇلاق» تىن توختىـ

ماي ئوقچوپ ئېقىۋاتقان سۇدا تەرەت ئېلىپ ، دۇئا ـ تەكبىر قىلىش ، ئەدىبلەر مەھمۇد قەشقەرىدىن ئىجازەت ئېلىش ۋە كىتاب ۋەخپە قىلىش ، شائىرلار تەزىم ـ تەۋازۇ بىلەن ئېھتىرام بەجا كەلتۈرۈپ ، «نورۇز بۇلاق» بويىدا پەر بېيىت ئېيتىشىش ئادەتكە ئايلانغان . ئەينى زامان ئەھۋالىغا يارىشا يېزىلىپ ئېيتىلغان نو- رۇزنامىلەردىن تۆۋەندىكى پارچىلار بار :

كېلىپ نەۋرۇز باھار پەسلى ،
ئادالەت نۇرىنى چاچتى .
جىمىكى كۆللى مەۋجۇدات ،
مۇشەققەتتىن خالاس بولدى .

تىرەكلەر تەڭگە بولۇپتۇ نەۋ باھار ،
بولدى ئالەمگە پەرەھلىك سەد ھازار .
كىمكى ئەۋلادىنى مەكتەپكە بېرۇر ،
ھۆرى ـ غىلماندىن تاپار جەننەتتە يار .

كەلدى نەۋرۇز يىل بېشى ، كەتتى زىمىستاندىن جۇدا ،
جىمى ئالەم خەلقىگە ، رەھمەتنى ياغدۇرغىل خۇدا .
ھەر كىشى پەرزەنتىنى مەكتەپكە داخىل ئەيلىسە ،
ئول كىشىنى جەننەتۇل مەئۋادا قىلغايسەن خۇدا .
كېلىپ نەۋرۇز جىمى يەر يۈزىنى ئەيلىدى خىزرا ،
خۇداغا ھەمدۇ ئەيتۇر ئاسمان بىلەن يەتتە قات غەبرا .
كىشى پەرزەنتىنى كەلتۈرسە بۇ مەكتەپ سەرىھەرگە ،
ئاڭا مۇشتاق ئېرۇر جەننەتتە ھۆرلەر بارچىسى ئەزرا .
كەلدى نەۋرۇز نۇرلىرى ، بولدى مۇنەۋۋەر بۇ جاھان ،
ئىلىم ئۈچۈن ، ۋىجدانىمىز قايناپ تۇرار لەيلۇ ناھار .
ھەر كىشى مەبلەغ تېپىپ مەكتەپ سېلىپ قويسا مەگەر ،
ھەر سالغان ئول بەندىنى ، دەۋزەختىن ئال پەرۋەردىگار .

نورۇزچىلار ئەتىسى ئوپالدىكى «قىزىل مەسچىت ئاتام» غا باردى. بۇ يەردە خەلق تەۋەررۇك قىلىپ سۆيىنى ئەكېتىدىغان تۈز بۇلاق بار. ئادەتتە زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. كارۋانلار ۋە ئۇلاغ مىنىپ ماڭغان ھەرقانداق كىشى ئات ـ ئۇلاغدىن چۈشۈپ، دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇپ، قەبرىگاھتىن ئۆتۈپ بولغۇچە پىيادە ماڭىدىكەن. يادا ماللار ياكى يايلاققا ئېلىپ مېڭىلغان چارۋا ماللار بۇ قەبرىگاھقا دەسسەپ مېڭىشتىن ئېھتىيات قىلىدىكەن. ئۇلۇغ بۇغراخان ۋاقتىدىكى شاھى ئېھرامنىڭ ئوردا شەھىرىمۇ ئاشۇ «قىزىل مەسچىت ئاتام» دا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا «چىمگەن»، «بۆرە توقاي»، ئاقدالا يايلاقلىرى بار.

ئېيتىلىشىچە، ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ كەنجى ئوغلى قىلىچ بۇغراخان ئوۋدىن يانغاندا، شاھى ئېھرام ئۇنىڭغا بازارنى كۆرسەتكەن. ئەتراپتىكى يۇرتلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر كېلىدىغان، تۇنيا، مېھرىگىياھقىچە تېپىلىدىغان بۇ كاتتا بازاردا قىلىچ بۇغراخان ئۇركۈگەن ئاتتىن يىقىلىپ، داۋالاشقا ئۈلگۈرمەي بەختكە قارشى قازا قىپتۇ. بۇ تاسادىپىي ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئۇلۇغ بۇغراخان تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئوغلىنىڭ ئۆلۈم نامىزىغا ھازىر بولۇپ، ئۇنى يىقىلغان يېرىگە دەپنە قىپتۇ. كۆڭلى پەرىشان بولغان شاھى ئېھرام ئاشۇ خىجالەتچىلىكتە بۇ بازارنى «ئايىغى ياراشمىدى» دەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ. ھۆپىگەرلەر خان يارلىقىغا بەجانىدىل پەرمانبەردارلىق بىلدۈرۈپتۇ. بۇ بازار كېيىنچە ھۇۋقۇشلارنىڭ ماكانى بولۇپ قاپتۇ. بۇغراخانلار زامانىدا، بۇ جايغا چۈشۈپ قونغان كارۋانلار يىراقلارغا، ھەتتا مادايىن[1] غا قوشۇنىنى باشلاپ كېتىدىكەنمىش. ھازىر بۇ يەردە خارابە ئىزلىرى يالتىراپ تۇرىدۇ.

نورۇزچىلار «بۇغرام مازىرى — قىلىچ بۇغراخان مازىرى»

① مادايىن — ئىراق تەۋەسىدىكى شەھەر.

دا دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ تۈنەشتى ، ياشانغانلار باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ ئىستىغپاردا ئولتۇردى . نورۇزچىلار ئەتىسى بۇيەردىن ئايرىلىپ ، قەشقەر شەھىرىدىكى «يۈسۈپ قادىرخان» ، «مۇراد-بەخش ئاتام» ، «ھۈسەيىن پەيزۇللا خوجام» قاتارلىق مازارلارنى زىيارەت قىلىشتى . بۇ يەردە چېلىشىش ، ئوغلاق تارتىشىش ، دارۋازلىق ، ۋائىزلىق ، داستان ئېيتىش ، راۋاب ـ قوشاق سورۇ-نىنى تولىمۇ قىزىتىپ كۆردى .

# ئىككىنچى باب

## ئاتۇش سەيلىسى

### 1

يازلىق يىغىم ـ تېرىم ئاياغلاشقاندا يېتىپ كەلگەن ئاشۇرا ئايىمى مەزگىلىدە ، يۇرت ـ يۇرتتىن قوزغىلىپ ، هارۋىلىق ، ئاتلىق ، ئېشەكلىك ، پىيادە هالدا يول ـ يولدا ئۇچراشقان زىيارەتچىلەر يېڭىسارنىڭ لاۋار بازىرىغا توپلىشىپ ، ئاندىن كۈنچىقىش تەرەپتىكى «ئوردىخان پادىشاهىم مازىرى» غا ① قاراپ هەيۋەت بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن ئاتلاندى .

توپ ـ توپ ، گۇرۇه ـ گۇرۇه بولۇپ ماڭغان زىيارەتچىلەرنىڭ ئارىسىدا دېهقان ئەشرەپلەر ، هۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ، موللا ـ تالىپلار ، ئالتە شەهەردىكى هەرقايسى مازارلارنىڭ شەيخلىرى ، سوپى ـ زاهىت ۋە ئابىدلار ، ئاشىقلار ، هەتتا پاسىقلار بار ئىدى . داپ ، ناغرا ـ سۇنايلارنى چېلىشىپ ، هەرە چىشلىق هەر خىل رەڭدىكى ئۈچ بۇرجەك چوڭ ـ كىچىك تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن زىيارەتچىلەر «ئوردىخان پادىشاهىم مازىرى» توغ-

① 1966 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەرىتىلىرى توپلىمى» نىڭ 141 ـ بېتىدە ، «ئوردىخان پادىشاهىم» مازىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل (كەڭلىك )"38°54'53 ، شەرقىي مېرىدىئان (ئۇزۇنلۇق ) "76°39'30 قا توغرا كېلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن .

ـرىسىدىكى بېيىت ـ قوشاقلارنى توۋلاپ مېڭىشاتتى :

ئوردىخاننىڭ يوللىرى ،
دۆۋە ـ دۆۋە قۇملىرى .
قۇملىرىدىن قارىسا ،
كۆرۈنەدۇر تۇغلىرى .

ئوردىخان دەپ بىر مازار ،
ئەتراپىدا مىڭ مازار .
يېتىمچىنى قوللايدۇ ،
غېرىبلارغا ئىنتىزار .

ئوردىخاننىڭ لەڭگىرىدە ،
داشلار قايناپ تۇرىدۇ .
غايىب لەشكەر قوشۇنى ،
بەتنىيەتنى ئاتىدۇ .

ئاتاسى شاھمەرداندۇر ،
ئاناسى نۇرئەلانۇرخان .
خۇدا يولىدا جان بەرگەن ،
سەئىد ئەلى ئارسلانخان .

مەن قەلەندەر شاھمەن ،
ئالەم ماڭا ھەيراندۇر .
پايتەختى گۈل خېنىم ،
ئوردام ـ قەلەندەرخاندۇر .

قۇم شەھىدانىدىكى ئادەم ،
قۇمدىن تولا كارامەت .

باخشىلار تۇغ كۆرۈشتۇرسە ،
گويا بولۇر قىيامەت .

ئوردىخانىنىڭ لەڭگىرىدە ،
بىر كىشىلىك سارايىم بار .
بېشىمغا دەرد ـ ئەلەم كەلسە ،
يارانقان بىر خۇدايىم بار .

قىزىپ كەتتى روزامدا ،
ئىشانلارنىڭ ساماسى .
«كاھخانام» دا ئولتۇرىدۇ ،
شەيخ نەزىر تەمەسى .
. . . . . .

زىيارەتچىلەر قوشۇنى سايىدىغۇدەك بىرەر تۈپ دەرەخمۇ يوق پايانسىز جاڭگالنىڭ يول ئازابى بىلەن تومۇزنىڭ چىدىغۇسىز پىژغىرىم ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرىپ ، ئۇسسۇزلۇق ئۇچۇن ئالدىن غەملەپ هارۋا ـ ئېشەكلىرىگە ئېلىۋالغان تۇلۇم ۋە قاپاقـ تىكى سۇنى ئىچىپ ، دۆۋە ـ دۆۋە قۇم بارخانلىرىدىن ئۆتۈپ ، يېگىسارنىڭ شەرقىي تامانىدىكى «هەزرىتى بېگىم مازىرى» غا قاراپ مېڭىشتى .

قۇملۇق ۋە ئۆلۈك توپىلىق يولدىن ئۇچقان توپا ئاسمانغا ئۆرلەپ ، چاڭ ـ تۇمان پەيدا قىلاتتى . يول ئۇزۇن ، هېچكىم توپىنى ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى . قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئاردـ لىقىدىكى جىلغىلاردا قوموۇش ، تاتلىق ۋە يۇمشاق ئوت بېسىلغاق ، يانتاق ، قارا بۆگەن ، چۇچۇكبۇيا ئۆسكەن . قۇم دۆۋىلىرى ئارىـ سىدىكى بىر يېرىم مو يەرگە جايلاشقان «هەزرىتى بېگىم مازدـ رى» ئالدىدىكى سەيناغا تۇغ ـ شەددىلەر قادالغان ، بوراندىن مۇداپىئەلىنىش ئۇچۇن 20 ـ 30 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تېرەك

ياغاچلىرى بىر ـ بىرىگە كۆلا ، ئارقانلار بىلەن مۇستەھكەم چېتىلىپ ، تىكلەپ قويۇلغان ، ئەتراپى چىگىلگەن . ئۇنىڭ يېنىدىكى «دورغا بېگىم» قەبرىگاھىدىمۇ توغ ـ شەددە قەد كۆتۈرگەن بولۇپ ، 10 مېتىر يىراقلىقتا رۇجەكلىك پاكار تام چۆرىدەپ قوپۇرۇلغان ، ئەتراپىدا ئىبادەت سۇپىسى ، نەزىر قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ماكانى بار ئىدى .

«ھەزرىتى بېگىم مازىرى» بىلەن ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان «ئوردىخان پادىشاھىم مازىرى» نىڭ ئارىلىقى 20 كىلومېتىر كېلەتتى . لېكىن ، يولدا ھېسابسىز قۇم دۆۋىلىرى بولۇپ ، ئەتىگەندە يولغا چىققان زىيارەتچىلەر كۈن پاتقاندا «ئوردىخان پادىشاھىم مازىرى» غا باردى ۋە «ئالتۇن روزام» غا توغ ـ ئەلەملەرنى باغلاشتى . ئەتىسى ئۇ يەردىن قايتىپ ، قەشقەر دۆلەتباغدىكى «ئەلى ئارسلانخان مازىرى» نى زىيارەت قىلىشتى .

«تەزكىرەئى بۇغراخان» دا يېزىلىشىچە ، ھەزرەت پادىشاھىم[①] قىزى زۇلەيخانى ئەلى ئارسلانخانغا ياتلىق قىلغاندا ، ناھايىتى كۆپ توي سوۋغىتى بەرگەن . قەشقەردىكى تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي ساھىلىدا بىنا قىلىنغان گۈزەل باغ ئىچىدىكى يەتتە ئورۇنغا كۆركەم راۋاق ياسالغان بولۇپ ، تويدىن كېيىن بۇ باغ ئارسلانخان نامىدا «دۆلەتباغ» (پادىشاھ بېغى) دەپ ئاتالغان . بىر يىل ئۆتكەندە ، زۇلەيخا يەڭگىپ قىز پەرزەنت تۇغقان . ئەلى ئارسلانخان ياخشى سائەتتە دۇنياغا كەلگەن تۇنجى پەرزەنتىنىڭ شەرىپىگە دۇئا ـ تەكبىر ئۆتكۈزۈپتۇ .

ئەلى ئارسلانخان قەشقەر خەلقىگە «ئات تويى» ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، بۇغرا ئاش تارتىپتۇ . شەھەر خەلقى چېلىشىش ، ئوغلاق

① ئۇستۈن ئاتۇش ئىكساق كەنتىدىكى كۆك گۈمبەزنىڭ ئىچىدە ئىككى قەبرىگاھ بار . چوڭ قەبرىگاھتا ياتقان كىشى ئەلى ئارسلانخاننىڭ قېيىناتىسى سۇلتان ئەجەم بولۇپ ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قەشقەردىكى ئوردىسىدا يۇقىرى مەنسەپ تۇتقانىكەن . يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «ھەزرەت پادىشاھىم» ، يېنىدىكى قەبرىگاھتا ياتقان كىشىنى «شەيخ ھەبىب ئەجەم» دەپ ئاتايدۇ . شەيخ ھەبىب ئەجەم سوپىزمنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى . بۇ گۈمبەز ھۆسەنباي ، باھاۋۇدۇنبايلار تەرىپىدىن 1898 — 1899 ـ يىللىرى قايتا ياسالغان .

تارتىشىش ، قوچقار سوقۇشتۇرۇش ، دارۋازلىق ، سېرك ـ سې-
ھىرگەرلىك قاتارلىق ئويۇنلارنى قىزىتىپتۇ . بۇ تەزكىرىگە مۇن-
داق نەزم كىرگۈزۈلگەن :

ئارسلانىمدىن خانىم بىر ماھى كەنئان تۇغدىلەر ،
ماھى پەيكەر ، ھۆرى يەڭلىغ نۇرى دىدىم[1] ئارسلان .
ھۆسنىغە ھەيران بەشەر ، ھۆر ـ پەرى ، جىملە جاھان ،
ئاھۇ كۆزلۈك ، شىر دىدار پەرزەند ئارسلان .
ئاپتاپ تەلئەت ، قۇمرى رەڭلىك ، ئاجايىپ پاكىزە ،
ھەم ھۇمايۇن پال پەرۇخ ، نۇر گەۋھەر ئارسلان .
نۇرى ئىمان بەرق يەڭلىغ ، سۇبھى شام لەئلى ناھار ،
لەئلى لەب ، قاشى ھىلال ، بوينى ئېلىبدەك ئارسلان .
ئىككى ئالەم ھۆسنىغە ھەيران تاماشالار قىلىپ ،
ھېچ كۆز كۆرگەن ئېرمەس بۇنداق پەرىزات ئارسلان .
راۋىلار توختاپ راۋايەتنى تامام تەرك ئەيلىدى ،
ئەقلى ھوش ھەيران تامام ئەين كارامەت ئارسلان .
ئىككى ئالەم بارچىسى قىلدى مۇبارەكبادلىق ،
كۆپ سەنا پەرۋەردىگارغا ئەيدى بىھەد ئارسلان .
ئۆلتۈرۈپ مىڭ قوينى كاشغەرگە تامام ئاش بەردىلەر ،
ئاتلىرىنى قويدىلەر «مەريەم خانىم» دەپ ئارسلان .

ئەلى ئارسلانخان قىزى تەلپۈنگەندە ، بىر توققۇز قوي ئۆلتۈ-
رۈپ ، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە «ئەقىق تويى» قىپتۇ . قوي سۆ-
ڭەكلىرىنى تىغ تەگكۈزمەي يىغىپ «كېپەنلەپ» ، قىزىنىڭ ئۆم-

---

① دىدىم — قاراخانىيلاردا توي كېچىسى كېلىنلەرگە تاج كىيدۈرىدىغانلىقى ، بۇنى «دىدىم» دەپ ئاتايدىغانلىقى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان .

رىنى تىلەپ ، «دۆلەتباغ » دىكى قاراخانىيلار خاندانى ئۇرۇق - ئەۋلادىنىڭ «خانلىق قەبرىستانلىقى» غا دەپنە قىلىنىپتۇ .①

ئەلى ئارسلانخان ئايالى زۇلەيخادىن مەريەم خېنىم ، ئەھمەد ، ناسىر ، مەنسۇر ، مۇھەممەد قاتارلىق بەش پەرزەنت كۆرگەن . ئۇ مىلادىيە 978 - يىلى قاراخانىيلارنىڭ نۆۋەتتىكى پادىشاھى بولۇپ ، تەختتە ئولتۇرغان ، 998 - يىلى يېڭىسارنىڭ شەرقىدىكى سەسقۇم جاڭگىلىدا خوتەن خانى باشچىلىقىدىكى گەنجۇ ، ئىدىقۇت ۋە تېبەتلىكلەرنىڭ بىرلەشمە بۇدداچى قوشۇنى بىلەن بولغان جەڭدە 37 يېشىدا شېھىت بولغان .

يۈسۈپ قادىرخان باشچىلىقىدىكى قاراخانىيلار قوشۇنى خوتەن بىرلەشمە قوشۇنىنى يوقاتقاندىن كېيىن ، ئەلى ئارسلانخان قاتارلىق قۇربان بولغان سەركەردىلەرگە قەشقەردە كاتتا تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن . سەسقۇم جاڭگىلى «قۇم شەھىدان» ، ئەلى ئارسلانخاننىڭ جەسىتى كۆمۈلگەن دۆلەتباغدىكى جاي «ئارسلانخان مازىرى» دەپ ئاتالغان . ھەر يىلى ئاشۇرا ئېيىنىڭ 8 — 10 - كۈنلىرى مۇبارەك جايلارنى زىيارەت قىلىش ئادەتكە ئايلىنىپ ، بارا - بارا «ئوردام» ، «ئوردا - خېنىم» ، «ئوردىخان پادىشاھىم» دەپ ئاتالغان .

## 2

ئاشۇرا ئېيىدىكى «ئوردا خېنىم مازىرى» زىيارىتىدىن ئارقىمۇئارقا يانغان زىيارەتچىلەرنىڭ بىر قىسمى قەشقەر شەھىرىدىكى «ئارسلانخان» مازىرىنى يوقلاپ ، بەشكېرەمگە قاراپ ماڭىدى . بەشكېرەمدە نۇرغۇن ئەزىزلەرنىڭ مەقبەرىلىرى بار ئىدى .

① قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا بارىدىغان يولنىڭ تۆمەن دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، شەھەرلىك سۇلياۋ (ياڭتىراق) زاۋۇتىنىڭ شەرق تەرىپىدە قەبرىستانلىق بار . «بارگاھ» دەپ ئاتالغان بۇ جايدا ، 11 - ئەسىردە «ھامىدىيە» مەدرىسەسى ۋە «سائادەت» كۇتۇپخانىسى بولغان . قەدىمكى يەر - نام تەزكىرىسى ۋە ۋەسىقىلەردە قەيت قىلىنىشىچە ، «سائادەت كۇتۇپخانىسى» غا جەملەنگەن نۇرغۇن ئەسەرلەر خىزىر خوجا دەۋرىدىكى توپىلاڭدا نابۇت بولغان .

«ئوسمان بۇغراخان» — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغ-
لى بولۇپ، ئالتىن ئاتۇشنىڭ قايراق كەنتىدىكى يېڭى مەدرىسەگە ئوقۇغىلى بېرىپ كەچتە قايتىشىدا كەلكۈن سۇ ئېقىتىپ كەتكەن. ئۇنىڭ جەسىتى بەشكېرەم چۇمبۇس كەنتىنىڭ ئېرىقىدىكى لايلات-مىدىن تېپىلغان ۋە شۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. «بۇۋى مەريەمخې-نىم» — ئەلى ئارسلانخاننىڭ قىزى. ئۇ يېڭىسارنىڭ سەسقۇم جاڭگىلىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان. «تەزكىرەئى بۇغراخان» دا مۇنداق دېيىلگەن:

كەلدى ھاتىبدىن مۇبارەك سەمئىغە تۇرلۇك نەدا،
بۇ كارامەت، بۇ ماقامەت، بۇ ئىنايەت ئارسلان.
قىلدىلەر مەريەم خانىمغا ھەركۈنى يۈزمىڭ دۇئا،
كۆپ سانالار ھەمدى ئەيتىپ بىرۇبارغە ئارسلان.
ئارسلان مەريەم خانىم ئەۋساپىنىڭ ھېچ سانى يوق،
قىلسا ئون سەككىز مىڭ ئالەم تەئرىپىنى ئارسلان.
قىلسەلەر مىڭ تىل بىلەن جىملە جاھان ئەۋساپىنى،
مىڭ بىرىنىڭ بىرى ھەم بولماس بايان ئارسلان.

«شام پادىشاھىم» بولسا، شام (سۇرىيە) پادىشاھىنىڭ ئوغ-
لى بولۇپ، ئىسمى ئابدۇرەھمان. ئېيتىلىشىچە، ئۇ ھەربىي ئالىم بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 510 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 1116 ـ 1117 ـ يىللىرى «يىپەك يولى» نى بويلاپ شەرققە سەپەر قىلىپ، قەشقەر ۋە قۇمۇلغىچە بارغان. ئۇ شام (دەمەشق) غا قايتىش سەپىرىدە تاسادىپىي ھالدا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەن ھەم مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان.[①] شاھزادە بىلەن كەلگەن

① جۇڭگو ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى 1950 ـ يىللىرى سۈرىيىگە دۆلەت زىيارىتىگە بارغاندا، مۇخبىرلار: «يۇرتۇڭلاردا شام پادىشاھىنىڭ ۋاپات قىلغان ئوغلىنىڭ قەبرىسى ھازىر بارمۇ؟» دەپ سورىغان. جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ ئىزاھلىشى بىلەن ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز «قەشقەر بەشكېرەمدىكى ‹شام پاششاھ› دېگەن جايدا مەقبەرىسى بار» دەپ جاۋاب بەرگەن.

يەتتە نەپەر ھەمراھى قەشقەردە تۇرۇپ قېلىپ ، مۇشۇ جايدا ۋاپات بولغان . شاھزادىنىڭ پاتىمە ۋە زۆھرە ئىسىملىك ئىككى سىڭلىسى «ئاكىمىزنى كۆرۈپ كېلىمىز» دەپ كېلىپ قەشقەردە قازا قىلىپ ، مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان . شاھزادىنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىكى ئۆيىدە قالغان قۇتبى تاھۇر (تاھۇر — پاك ، تازا دېگەنلىك) ، قۇتبى زاھۇر (زاھۇر — ئاشكارا ، ئوچۇق - يورۇق دېگەنلىك) ئىسىملىك ئىككى بالىسى چوڭ بولغاندا ، ئانىسىنىڭ رۇخستى بىلەن «دادىمىزنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىمىز» دەپ قەشقەرگە كېلىپ ، ئۆز يۇرتىغا كېتەلمەي ، ئالتىن ئاتۇشنىڭ قۇمسېغىر كەنتىدە ۋاپات بولۇپ ، ئاشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان .

شاۋاز قاريي ھەر يىلى ئاشۇرا ئېيىنىڭ ئايەم مەزگىلىدە ئالتىن ئاتۇشتىكى «ھەزرەت سۇلتان» مازىرىغا بېرىپ ، بىر نەچچە كۈن زىيارەتتە بولۇپ خەتمىقۇرئان قىلاتتى . بۇ يىلقى ئايەم مەزگىلىدىن ئىلگىرى ئۇ ئۆيىنىڭ ۋە ئېتىز - ئېرىقنىڭ جىددىي ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ، سالىھ قارىيئاخۇنۇم تاغىسى بىلەن مېھرىبان ئەپروزىخان ئانىسىدىن بىرنەچچە كۈنلۈك رۇخسەت - رازىلىق ئېلىپ ، مەھەللىسىدىكى تەڭ دېمەتلىك بىرمۇنچە ياشلار بىلەن بەشكېرەملىك زىيارەتچىلەرنىڭ توپىغا قوشۇلدى . ئۇلار ئالتىن ئاتۇشقا بېرىپ «ھەزرەت سۇلتان» ، «بۇۋى ئانام»[1] مازارلىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بەشكېرەم ئېتىلەدىن كۈنچىقىشقا قاراپ مېڭىپ ، ئالتىن ئاتۇش بىلەن بەشكېرەمنى ئايرىپ تۇرىدىغان قۇمال تاغىدىكى «ئىت يولى» نى بويلاپ ، بەش - ئالتە سائەت يول يۈردى .

---

① بۇۋى ئانام قەبرىگاھى مەشھەدتىكى بۇرۇنقى بازارنىڭ «ئەسكى جۇۋۇ» (كونا ئاشلىق بازىرى) نىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، ئۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىنىكئانىسى ، يېقىن تۇغقىنى ، يەنە ئىشەنچلىك ئاشپىزى بولغان . بۇۋى ئانام ياخشى تەربىيە كۆرگەن ، ئوقۇمۇشلۇق ئايال بولۇپ ، مەكتەپ ئېچىپ ، نۇرغۇن قىز - ئاياللارنى تەربىيىلىگەن . قۇربان ھېيت ، روزى ھېيت ۋە ھەر پەيشەنبە كۈنلىرى ئاياللار بۇ يەردە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ كەلگەن . «بۇۋى ئانام» گۈمبىزى يىقىلىپ ، قەبرىمۇ توپا دۆڭگە ئايلىنىپ قالغانلىقتىن ، 2000 - يىلى مەشھەدنىڭ يۇرت ئاقساقاللىرى ۋە مەرىپەتپەرۋەر بايلىرى بۇ قەبرىنى ئادەتتىكىچە ياساپ قويغان .

«تەزكىرەئى بۇغراخان» ناملىق ئەسەردە «بۇۋى ئانام» ، «بەشكېرەم» ، «سۇلتان مىچى ئاتام» ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن :

قارا چاچ بۇۋىمنى سۇلتان قويچى ئاتامغا بەردىلەر ،
قىلدى تەكلىپ تويلىرىغا ، باردى تويغا ئارسلان .
باغبانلار ئەرز قىلدى تويغا بارساق دەپ تامام ،
باغبانلار بارسۇن تامام دەپ قىلدى يارلىق ئارسلان .
باغبانلار باردىلەر يۈز تۈمەن خۇش بولدىلەر ،
ھەر بىرىگە بەشكېرەم ھەر كۈندە قىلدى ئارسلان .
باغبانلارغا ھەر كۈنى قىلغان كەرەملەر سانى يوق ،
«بەشكېرەملىك» ئات قويۇلدى تا قىيامەت ئارسلان .
ئارسلاننى بۇۋى جايجاققا تەكلىپ قىلىپ ،
بىناھايەت خۇش بولۇپ قىلدى دۇئالار ئارسلان .
بۇۋىلەر باغبان بىلەن باشتا ئىدى بىر تۈمەن ،
جۇغلىشىپ تويغا ئېلىپ باردى ئۇل كۈن ئارسلان .
مۇندىن ئۆزگە ئەگىشىپ بارغان كىشىنىڭ سانى يوق ،
ھەربىرىگە قىلدىلەر نەچچە تون كېرەملەر ئارسلان .
ئۆلتۇرۇپ مىڭ قوينى ھەركۈن ئارسلانغا تۇتتى ئاش ،
ھەر قويى مىڭ بولسۇن دەپ قىلدى دۇئالار ئارسلان .
ھەر قوتاندا ھەر كېچە مىڭ قوزىلار تۇغدى قوي ،
قويدى «سۇلتان قويچى ئاتام»[1]دەپ ئاتلىرىنى ئارسلان .
قارا چاچ بۇۋىگە بىر كەنت خاس سۇ بەردىلەر ،
بەش ئېرىقنىڭ خەلقىنى ئوتاقچى بەردى ئارسلان .

قۇمالتاغ ۋە ئىت يولى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ، بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن ئادىل ، ئىرادىلىك بىر خاننىڭ

① قۇمالتاغ ۋە ئىت يولى تەۋەسىدىكى «سۇلتان مىچى ئاتام» مازىرىنىڭ ئەسلىي نامى «سۇلتان قويچى ئاتام» بولسا كېرەك .

ئوردىسى تۆركۆلنىڭ ئايغىدىكى بالاساغۇن دېگەن شەھەردە بو-لۇپ ، دەريا بويى ھاۋالىق ، ئوردا ھەشەمەتلىك ئىكەن . ئاققاش ، ئاۋات دېگەن يۇرتلارغىمۇ ھۆكمى ئۆتۈدىغان بۇ خاننىڭ يالغۇز ئوغلى بولغان شاھزادە تۇمۇر ئوردىدا ئوقۇپ پاراسەتلىك يىگىت بولۇپ يېتىلىپتۇ . شاھزادە 18 ياشقا كىرگەن يىلى دادىسىغا «شاھ ئاتا ، مېنى ئوردىدا تەربىيلەپ چوڭ قىلدىڭىز . ئەمدى سىزنىڭ ئۈمىدىڭىزگە لايىق يىگىت بولدۇممۇ - يوق ، دەپ ئۆزۈمنى دەڭسەپ كۆرسەم ، بەزى يېتەرسىزلىكىمنى ھېس قىلـ-دىم . ئىجازەت بەرگەن بولسىڭىز ، جاھان ئايلىنىپ كەلسەم» دەپتۇ .

پادىشاھ : «قېنى ، ئېيتقىنا ئوغلۇم ، سەندە قايسى ھۈنەر ، قايسى پەزىلەت كەملىك قىلدى ؟» دەپ سوراپتۇ . «مەن تېخى جاھان كۆرمەپتىمەن ، ئوردا ئەھلىدىن باشقىلارنى چۈشىنىپ باقـ-ماپتىمەن» دەپتۇ شاھزادە . ئەمما ، پادىشاھ يالغۇز ئوغلىغا بەك ئامراق بولغاچقا ، ئۇنى سىرتلارغا چىقىرىشقا زادىلا كۆزى قىيماي-دىكەن ، ئوغلىنىڭ تەلىپىنى قايتۇرۇۋېتىشكىمۇ كۆڭلى ئۇنىماي-دىكەن ، شۇڭا ، تەڭلىكتە قېلىپ ۋەزىرلىرىدىن مەسلىھەت سو-راپتۇ . «شاھزادىنىڭ ئېيتقانلىرى ئورۇنلۇق ،— دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر ، — شاھزادە تەخت ۋارىسى بولغانىكەن ، پۇقرالارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى بىلىپ باققىنى تۈزۈك . بىلىمگەنلىرىنى تولۇقلاپ بىلىمدە كامالەتكە يېتىش ئۈ-چۈن ، جاھان كېزىپ باققىنى ئەلۋەتتە دۇرۇس ئىشتۇر» .

شۇنىڭ بىلەن شاھ ئوغلىغا ئىجازەت بېرىپ ، 40 تۆگىگە مال جابدۇپ ، 40 نەپەر يىگىتنى قوشۇپ ، ئۇنى يولغا ساپتۇ . شاھزادىگە ئەگىشىپ ماڭغان يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدا قۇۋۇز ئىـ-سىملىك بىر يىگىت بار ئىكەن . پادىشاھ ئۇنىڭغا «سەن ئوغلۇمـ-نىڭ ئامانلىقىغا ئىگە بولۇپ ، ئامان - ئېسەن ئېلىپ كەلگىن . ئەگەر بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرسە كاللاڭنى ئالىمەن» دەپ جېكىلەپتۇ . شاھزادە كۆپ مەملىكەتلەرنى ئايلىنىپتۇ ، ماللىرىنى

سىتىپتۇ . ئۇ ئاخىر ئاقىاشقا كېلىپ ، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قاپتۇ . بىركۈنى شاھزادە ئاقىاشنىڭ شەھەر ئىچىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ، يولدا ئاتلىق كېلىۋاتقان چىرايلىق بىر قىزنى كۆرۈپتۇ . دۇنيادا تەڭدىشى يوق بۇ قىزنىڭ كەينىدە 40 كېنىزەك كېلىۋاتقان ، نۇرغۇن كەپتەرلەر يېنىدا ، بېشى ئۈستىدە ئۇچۇپ ئايلىنىپ ، دولىلىرىغا قونۇپ يۈرگەنىكەن . شاھزادە ئېسىنى يوقىتىپ ، قىزنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ، ئاخىرىدا كېتىۋاتقان كېنىزەكتىن : «بۇ پەرى سۈپەت قىز كىمنىڭ قىزى؟» دەپ سوراپتۇ . ئەسلىدە بۇ قىز مۇشۇ يەردىكى خاننىڭ قىزى بولۇپ ، ئىسمى ئايگۈل مەلىكە ئىكەن . ئۇ ھەر ھەپتىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى كېنىزەكلىرى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى باغقا ئوينىغىلى ئات مىنىپ چىقىدىكەن . ئۇنىڭ بېشىدا ئۇچۇۋاتقان كەپتەرلەرنى مەلىكە گەپ ئۇقۇدىغان ، خەت توشۇيالايدىغان قىلىپ ئالاھىدە تەربىيىلىگەنىكەن .

مەلىكە شەھەر سىرتىغا چىققاندا ، تۇيۇقسىزلا بىر ھادىسىگە يولۇقۇپتۇ . ئاخىرقى مەھەللىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ، يول بويىدىكى تام قىزنىڭ ئالدىغا تۇيۇقسىزلا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ . ئۈركۈگەن شاش ئات ئۆزىنى يانغا ئاتقانىكەن ، كەپتەرلەر بىلەن ئوينىشىپ خاتىرجەم كېتىۋاتقان مەلىكە ئاتتىن يىقىلىپتۇ ، لېكىن بىر پۇتى ئۈزەڭگىدىن چىقماي ئاتقا سۆرۈلۈپ قاپتۇ . تاسادىپىي يۈز بەرگەن ھادىسىدىن كېنىزەكلەر چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ . ئات مەلىكىنى سۆرەپ قاچقانىكەن ، ئەھۋالنى كۆرگەن شاھزادە ئېتىلىپ بېرىپ ئۈركۈگەن ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقىدىن تۇتۇۋاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن قىز ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ . قىز ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا ، بىر يىگىت ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يۆلەپ ئولتۇرغۇدەك . ئۇ شۇنداق قابىل ، چىرايلىق ئىكەنكى ، ئۇنداق كېلىشكەن يىگىتنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىكەن . قىز يىگىتكە تەشەككۈر ئېيتىپتۇ ، كۆڭلىدە يىگىتكە كۆيۈپ قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن مەلىكە شاھزادىنى باغقا تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىپتۇ .

شۇ كۈنى ئۇلار باغدا تۈنەپ قاپتۇ .
شاھزادىنىڭ سارايغا قايتمىغىنىنى بىلگەن قۇۋۇز 40 يىگىت بىلەن پۈتكۈل شەھەرنى ئاختۇرۇپ ، شاھزادىنى ئىزدەپ تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپتۇ ، ئەمما تاپالماپتۇ . تاڭ ئاتقاندا شاھزادىنىڭ 40 كېنىزىكى بار بىر مەلىكە بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن يىگىتلەر قۇۋۇزغا خەۋەر قىلىپتۇ . قۇۋۇز خۇشال بولۇپ ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھال ـ ئەھۋالىنى سوراپتۇ . ئۇ نېمە ئىش يۈز بەرگىنىنى سورىسا ، شاھزادە ئېيتىپ بەرمەپتۇ . شۇنداقتىمۇ ئۇ شاھزادىنىڭ سىرىنى بىلىۋاپتۇ .
خان مەلىكىنى قۇنقۇزغان يىگىتنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ ـ دە ، نۇرغۇن مال ـ دۇنيا سوۋغا قىپتۇ . لېكىن شاھزادە ئۇ سوۋغىلارنى ئالماي : «يىگىت دېگەن قىزنىڭ جېنىنى مال ئۈچۈن قۇنقۇزمايدۇ» دەپتۇ . خان بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولۇپتۇ . شاھزادىنىڭ ئۇ يەردە كۆپرەك تۇرغۇسى بار ئىكەن . لېكىن ، قۇۋۇز بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ ، شاھزادىنى قايتىشقا زورلاپتۇ . شاھزادە نائىلاج قايتىپتۇ . ئۇ قايتار چاغدا مەلىكە بىر جۈپ كەپتەر بېرىپ : «سىزنىڭ قانداق گەپ ـ سۆزىڭىز بولسا ، خەتكە يېزىپ بۇ كەپتەرلەرنىڭ پۇتىغا چىگىپ قويسىڭىز ماڭا يەتكۈزىدۇ» دەپتۇ .
شۇنداق قىلىپ ، شاھزادە ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ . ئۇ مەلىكىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، ئىشق ـ پىراق دەستىدىن ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قاپتۇ ، چىرايىمۇ سارغىيىپ كېتىپتۇ . ئۇ كۈندە بىر پارچە خەت يېزىپ كەپتەرنىڭ پۇتىغا باغلاپ ئۇچۇرىدىكەن ، كەپتەر خەتنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدىكەن . شاھزادە مەلىكىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ سەل ئارام تاپىدىكەن . پادىشاھ قۇۋۇزنى چاقىرىپ : «ئېيتقىنا ، شاھزادىگە قانداق كېسەل يېپىشتى ؟» دەپ سوراپتۇ . «ئەي كەرەملىك شاھىم ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇۋۇز ،— شاھزادە بالاغەتكە يەتتى . سىز ئاتىلىق قەرزىنى ئادا قىلسىڭىز ، شاھزادە ساقىيىدۇ» . ئىشنىڭ تېگىنى

بىلگەن پادىشاھ ئوغلىنى ئۆيلەمەكچى بولۇپ ، باشقا بىر پادىشاھ-
نىڭ مەلىكىسىگە ئەلچى ماڭدۇرۇپتۇ . لېكىن ، بۇ ئىشنى شاھزا-
دە ئاڭلاپ ، ئۇ مەلىكىگە ئۆيلىنىشكە ئۇنىماپتۇ . پادىشاھنىڭ
ئاچچىقى كېلىپ قۇۋۇزنى چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن : «سەن راستىنى
ئېيت ، شاھزادە بىرەر قىزغا ئاشىقمۇ ؟» دەپ سوراپتۇ . قۇۋۇز
بولغان ئىشنى ئېيتىپ بېرىپتۇ . پادىشاھ ئويلىنىپ قاپتۇ . ئۇنىڭ
ئاققاشلىق مەلىكىنى شاھزادىگە ئېلىپ بېرىشكە رازىلىقى يوق
ئىكەن . ئەسلىدە پادىشاھ ئاققاش خاننى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا ئۈن-
دەپ بىر پارچە خەت كىرگۈزسە ئاققاش خانى رەت قىلغان ،
پادىشاھنىڭ غەزىپى كېلىپ ، ئۇنىڭ تەۋەسىگە قوشۇن تارتماقچى
بولۇپ تەييارلىنىۋاتقانىكەن . شۇڭا ، پادىشاھ ئوغلىنىڭ تەلىپىنى
رەت قىپتۇ ، ئۇنىڭ ئاققاشقا بېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئادەم
بەلگىلەپ قويۇپتۇ .

شاھزادە بەزىدە كېچىلەپ يۈرۈپ ، مەلىكە بىلەن ئۇچرىشىپ
قايتىپ كېلىدىكەن . پايلاقچىلار شاھزادىنىڭ كېچىلەپ ئاققاشقا
بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى شاھقا مەلۇم قىلغانىكەن ، شاھ شاھزادى-
نى ئوردىدىن سىرتقا چىقارماسلىققا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ . شۇنىڭ
بىلەن شاھزادە ئوردا دەرۋازىسىدىن زادىلا چىقالماپتۇ . شاھزادە
مەلىكە بىلەن ئۇچرىشالمىغاندىن كېيىن ، يەنە كەپتەر ئۇچۇرۇش
ئارقىلىق مەلىكىگە خەت يېزىپ ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇپ-
تۇ . پايلاقچىلار شاھزادىنىڭ كەپتەرلىرىنىڭ سىرىنىمۇ شاھقا
مەلۇم قىلىشقانىكەن ، شاھ بۇيرۇق بىلەن كەپتەرلەرنىڭ كاللى-
سىنى يۇلۇپ تاشلاتقۇزۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن شاھزادىنىڭ چىرايى
بارغانسېرى زەپىران بولۇپ ، زەئىپلىشىپ ، بىر تېرە — بىر
سۆڭەك بولۇپ قاپتۇ . ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئوردىنىڭ راۋىقىغا
چىقىپ جەنۇبقا ، يەنى ئوڭرۇقنىڭ[1] ئايغىدىكى تاغ توسۇپ تۇر-

---

① ئوڭرۇق — «تاغ ئاخىرلاشقان يەر» دېگەنلىك بولۇپ ، ئۇ «ئوغرۇق» ئاتالغۇسىنىڭ ئىستېمالدا يۈرگۈزۈلۈشى .

غان ئاقتاش تەرەپكە قاراپ ئولتۇرىدىكەن.
بىر كۈنى شاھ پايلاقچىلاردىن: «شاھزادە نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «شاھزادە ھەركۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاياغ تەرەپتىكى قۇمال تاغقا قاراپ ئولتۇرىدۇ» دەپتۇ پايلاقچىلار. پادىشاھ «دەرھال بۇنىڭ سىرىنى بىلىپ كېلىڭلار» دەپتۇ. پايلاقچىلار شاھزادىدىن: «ئەي شاھزادە، كۈندە ئاشۇ تاغقا قاراپ ئولتۇرىسىز. بۇنىڭ نېمە مەنىسى بار؟» دەپ سوراپتۇ. شاھزادە: «ئۇ تاغنىڭ كەينىدە يارنىڭ يۇرتى ۋە ئۆزى بار» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پايلاقچىلار يەنە: «يارنىڭ يۇرتى بىلەن ئۇنىڭ دىدارىنى تاغ توسۇپ تۇرسا، تاغقا قاراشنىڭ نېمە پايدىسى؟» دەپ سوراپتۇ. «ئاشۇ تاغقا قارىسام يارغا بولغان ئىشق خۇمارىم قانىدۇ، قارىمىسام يۈرەك - باغرىم ئوت بولۇپ يانىدۇ،— دەپتۇ شاھزادە، — بۇ ئوتنى ئاشۇ قۇمالتاغ باسىدۇ».
شاھزادىنىڭ دېگەنلىرىنى پايلاقچىلار شاھقا يەتكۈزۈپتۇ. شاھ ئويلىنىپ قاپتۇ، ئوغلىنى كۆرمەكچى بولۇپ، راۋاققا چىقىپ قارىسا، شاھزادە تاغ تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغان، چىرايى سارغىيىپ، ئورۇقلاپ كەتكەن. پادىشاھ ئۇزاق ئويلىنىپ، ئۆز گېپىدە تۇرۇۋەرسە شاھزادىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ: «دۇنيادا ئىشق - مۇھەببەتنىڭ كۈچىدىن ئارتۇق قۇدرەتلىك ۋە سېھىرلىك كۈچ يوق ئىكەن. ئوغلۇم، مەن ساڭا قايىل بولدۇم، سېنى مۇشۇنچە دەردكە مۇپتىلا قىلغان مەلىكىنى ئېلىپ بېرىپ، سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزەي» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاقتاش خانىنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىش نىيىتىدىن يېنىپ، ئاقتاش خانغا ئەلچى كىرگۈزۈپ، مەلىكىنى شاھزادىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوگرۇقنىڭ جەنۇبىدىكى بۇ تاغ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا «قۇمالتاغ» دەپ ئاتىلىپتۇ.
يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، زاماننىڭ زامانىسىدا، ئالتىن ئاتۇشتا ئۆتكەن بىر پادىشاھنىڭ دۇنيالىقتا ئالپاغوت ئىسىملىك يالغۇز بىر ئوغلى بولغانىكەن.

پادىشاھ بۇ ئوغلىغا ناھايىتى ئامراق ئىكەن ، ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسە چىدىمايدىكەن . ئالپاغوتمۇ تۇغۇلۇشىدىن زېرەك ، پاراسەتلىك ، ئەقىللىق ئىكەن . ئۇ ئەقىلگە كىلىپلا ، دادىسى تەيىنلىگەن ئوردىدىكى دانىشمەنلەرنىڭ تەربىيىسىدە ئوقۇشقا باشلاپتۇ . ئالپاغوت ناھايىتى ئىرادىلىك ، چىداملىق ، مىجەزى قەتئىي ئىكەن ، ئۆگەنمەكچى بولغان نەرسىنى تاكى ئۆز دەستىگە ئالمىغۇچە كىچىدىمۇ ئۇخلىمايدىكەن . ئۇنىڭ مىجەز - خۇسۇسىيىتى دانىشمەن ئۇستازىنى ھەيران قالدۇرىدىكەن . ئالپاغوت 10 ياشتىن ئاشقاندا جەڭ مەشقى ، چەۋەندازلىق ھېكمەتلىرىنى ئىگىلەپتۇ . ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ، ئۇ ئات ئۈستىدە ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ 40 خىل ماھارەت كۆرسىتەلەيدىغان بولۇپتۇ . ئالپاغوتنىڭ ھۈنەر ئىگىلەش ئىشتىياقى كۈچلۈك بولغاچقا ، كۆپ خىل ھۈنەر ، ھېكمەت ئىگىلەپمۇ تەشنالىقى قانماپتۇ . ئۇ بىناكارلارنىڭ يېنىغا بېرىپ بىناكارلىق ھۈنىرىنى ئىگىلەپتۇ ، ھەتتا تاشچىلىق كەسپىنى ئىگىلەشتىنمۇ ئېرىنمەپتۇ .

ئالپاغوت كىچىك چاغلىرىدا دادىسىغا ئەگىشىپ شىكارغا بىللە چىققان بولسا ، ئەمدى 40 نەپەر يىگىت بىلەن ئوۋغا چىقىدىغان بوپتۇ . ئۇ تۇلپارغا مىنىپ ئارتۇچ دەرىخى بىلەن قاپلانغان ياپيېشىل تاغلاردا ئوۋ ئوۋلاپ قايتىدىكەن . ئالپاغوت 15 ياشتىن ئاشقاندا ئۇستازى ۋە باشقىلارنىڭ توسقىنىغا قارىماي ، ئۆزى يالغۇز ئوۋغا چىقىدىغان بولۇپتۇ . پادىشاھ ئوغلىدىن بەك تەشۋىشلىنىدىكەن ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدىكەن . شۇنداق قىلىپ ئالپاغوت ساغلام يېتىلىپ ، بالاغەتكە يېتىپ ، كېلىشكەن يىگىت بوپتۇ . ئۇنىڭ كۆزى چوڭ ھەم نۇرلۇق ئىكەن . ئالپاغوت دانىشمەن ئۇستازىنىڭ ئۈچ كېچە - كۈندۈز گۈلخاننى ئايلىنىپ دۇرۇت ئوقۇپ پۈتۈپ بەرگەن كۆز تۇمارىنى يېنىدىن ئايرىمايدىكەن . بىر كۈنى ئالپاغوت ئوقياسىنى ئېلىپ ، مىسران قىلىچىنى ئېسىپ ، تۇلپارغا مىنىپ ، يالغۇز ئوۋغا چىقىپتۇ . ئۇ باققۇنىڭ تاغقا تۇتاشقان قويۇق ئورمانلىق

تەرەپلىرىگە بىرىپ ئوۋ ئىزدەپتۇ . قىرىشقاندەك كەچ كىرگىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئوۋ ئۇچرىماپتۇ . كۇتۇلمىگەندە بىرئىپار كىيىك پەيدا بوپتۇ . بۇ كىيىك شۇنداق چىرايلىق بولۇپ ، بېشىدا ئىككى تال ئالتۇن مۈڭگۈزى بار ئىكەن . ئىپار كىيىك ئالپاغوتنى كۆ-رۈپمۇ قاچماي ، چوڭ قارا كۆزلىرىنى مىت قىلماي يۇمۇپمۇ قويماي قاراپ تۇرۇپتۇ . ئەتىگەندىن بېرى ئوۋ ئۇچرىتالماي تېرى-كىپ قالغان ئالپاغوت ئوقياسىنى بەتلەپ كىيىكنى قارىغا ئاپتۇ . كىيىك ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغۇدەكمىش . ئالپاغوت ئەمدىلا ئوقياسى-نىڭ كىرىچىنى قويۇۋېتەي دېگەندە كىيىك خۇددى نازلانغاندەك بىر قىلىق بىلەن سەكرەپلا يېنىدىكى بىر تۈپ چوڭ ئارچىنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ . ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ ئارچا دەرىخىنىڭ كەينىگە ئۆتكەن ئالپاغوت ئەتراپىغا قارىسا ، كىيىك تاغنىڭ ئۇستىگە چىقىپ كېتىۋاتقۇدەك . ئالپاغوت ئۇنى قوغلاپ تاغنىڭ بېلىگە چىققاندا ، كىيىك ئۇنى كۈتۈۋاتقاندەك قاراپ تۇ-رۇپتۇ . ئالپاغوت ئۇنى يەنە قارىغا ئېلىپ ئاتاي دېگەندە ، كىيىك خۇددى بايىقىدەك قىلىق قىلىپ تاغ ئۇستىگە قېچىپتۇ . ئالپاغوت ئۇچىنچى قېتىم قارىغا ئېلىپ ئۈزگەن ئوق كىيىكنىڭ ساغرىسىغا سانجىلىپتۇ . لېكىن ، كىيىك ئوق تەگمىگەندەك يەنىلا تاغنىڭ ئۇستىگە چىقىپ كېتىپتۇ .

ئالپاغوت ئۇنى قوغلاپتۇ ، لېكىن ئات بىلەن تاغنىڭ ئۇستىگە چىققىلى بولماپتۇ . ئۇ ئېتىنى تاشلاپ ، كىيىكنى پىيادە قوغلاپ تاغقا يامىشىپتۇ . ئۇ ئىپار كىيىكنىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلغاندەك قىلىقلىرىدىن بەكمۇ تېرىككەن ھەم كىيىكنىڭ چىرايلىقلىقى ئۇنىڭ قىزغىنلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغانىكەن . ئوق تەگكەن ئوۋنى تۇتالماي تاشلاپ كېتىشنى ئۆزىگە نومۇس بىلگەن ئالپاغوت ئاشۇ كىيىكنى تىرىك تۇتمىغۇچە ئۆيگە قايتمايمەن دەپ قەسەم ئىچىپتۇ . كىيىكنى ئىزدەپ تاغدىن ئېشىپ ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدى-كى ئورمانلىق ئارىسىغا كىرگەندە زېمىننى قاراڭغۇلۇق بېسىپ-تۇ . ئالپاغوت كېچىچە كىيىكنى ئىزدەپ تاپالماي ئاۋارە بولۇپتۇ ،

كۆزىگە ئۇيقۇمۇ ئىلىنماپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ، ئالپاغوت تاغدىن ئېشىپ تاغ باغرىغا چۈشۈپ قاپتۇ، بۇ يەر بەشكېرەم خانلىقىغا تەۋە ئىكەن. بىردىنلا كېيىك ئۈنىڭ ئالدىدىلا پەيدا بوپتۇ، قارىسا كېيىك يەردە ياتقۇدەك، ھېلىقى ئوقيا يەنىلا ساغرىسىدا سانجىقلىق تۇرغۇدەك. ئوقيا ئىزىدىن ئاققان قان يەرگە سىرغىپ چۈشۈپ، دوپپا ئىزىچىلىك يەرگە يېيىلغانىكەن. قان سىڭگەن يەردىن بىر دانە قىزىلگۈل ئۈنۈپ چىقىپ پورەكلەپ ئېچىلىپ، خۇشپۇراق چېچىپ تۇرۇپتۇ. ھەيران قالغان ئالپاغوت ئاۋايلاپ كېلىپ كېيىكنى تۇتۇۋاپتۇ. شۇ چاغدا كېيىك ئالپاغوتنىڭ قولىدىن سەكرەپ چىقىپ بىر قىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ. يىگىت قارىغۇدەك بولسا، ساھىبجامال بىر قىز تۇرغۇدەك، كۈن دېسە كۆزى، ئاي دېسە ئاغزى بار، بەدىنى بىللوردەك سۈزۈك ۋە ئاق، سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنگۈدەك گۈزەل ئىمىش.

ئالپاغوت نېمە ئىش بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، قىز نازۇ كەرەشمە بىلەن يىگىتكە سالام بېرىپ: «ئەي قەيسەر، ئىرادىلىك، باتۇر يىگىت. مەن سىزنىڭ قولىڭىزغا چۈشتۈم، بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئىرادىسى، قېچىپ كېتەرمەن، دەپ كېتەلمىدىم، قانسىراپ ماغدۇرۇم يەتمىدى، كەتسەممۇ كېتەر ئىدىم. لېكىن، سىزنىڭ ئىرادىڭىز، قەيسەرلىكىڭىز مېنى قايىل قىلدى. ئەمدى نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ» دەپتۇ. بۇ مۆجىزىدىن گاڭگىراپ قالغان ئالپاغوت نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ: «ھەي ھۆسن ـ كامالەتتە تەڭداشسىز پەرىزات، مېنى ھەيرانلىق دېڭىزىدا نىشانسىز قالدۇردىڭىز. ئالدىمدا ھېكمەت كۆرسەتكەن زادى نېمە سىر؟» دەپ سوراپتۇ.

قىز سىرىنى ئېيتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ: «ھەي دانىشمەن قىياپەت، ئىرادىلىك، قەيسەر يىگىت. سىزدىن يوشۇرىدىغان ھېچقانداق سىرىم يوق، ئاڭلاشنى خالىسىڭىز قۇلاق سېلىڭ، مەن ئەسلى ‹مېنى بويسۇندۇرغان يىگىتنى ياخشى كۆ-

رىمەن ، بولمىسا تۇل ئۆتۈپ كېتىمەن ، دەپ ئەھدى قىلغانىدىم ، سىز مېنى بويسۇندۇردىڭىز . سىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىڭىز مېنى مەپتۇن قىلىپلا قالماي ، تەڭداشسىز پەزىلىتىڭىز بىلەنمۇ مېنى قايىل قىلدىڭىز . ئەسلىدە مەن چۈشۈمدە كۆرگەن ، شۇنىڭدىن بېرى مېنى سەكپارە قىلغان يىگىت سىز ئىكەنسىز . مەن بەشكې- رەم خانلىقىنىڭ يالغۇز قىزى ، كىچىكىمدىنلا سېھرىي ھېكمەتنى ئۆگەنگەنىدىم . بىر نەچچە خىل قىياپەتكە كىرىۋالالايدىغان ھېك- مىتىم بار . دادام مېنى سىرتقا يالغۇز چىقارمايتتى ، 40 كېنى- زەكنى ئەگەشتۈرۈپ قوياتتى . ئاخىر ئۇلاردىن زېرىكىپ يالغۇز سىرتقا چىقىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولدۇم . بۇنداق قىلىشنىڭ بىر سەۋەبى بار ئىدى . بىر كۈنى بىر چۈش كۆرۈپتىمەن ، چۈ- شۈمدە راۋاقتا ياتقۇدەكمەن ، قارىسام سىزنىڭ مەملىكىتىڭىز تە- رەپتىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان تولۇن ئاي ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ماڭا قاراپ تۇرارمىش ، جەمئىي يۇلتۇزلار ئايغا سەجدە قىلىۋاتقان- مىش . بىردىنلا مېنىڭ راۋىقىم ئاسمانغا ئۇچۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقۇ- دەك ، ئايغا يېقىنلىشىپ بارغۇدەكمەن . بىر پەستىن كېيىن ئاي مېنىڭ قوينۇمغا كىرىۋاتقۇدەكمىش . مەن بۇ چۈشۈمنى بىر ئەۋ- لىياغا ئېيتسام ، ئۇ : «ئەي مەلىكەم ، سېنىڭ بولغۇسى ئېرىڭ بىر مەملىكەتنىڭ شاھزادىسى ئىكەن . ئۇ ئىككىڭلار توي قىلساڭ- لار پۈتكۈل يەر يۈزى خۇشال بولۇپ ئەمىنلىككە ئېرىشىدىكەن ، دېدى . شۇنىڭدىن بېرى كەلگەن ئەلچىلەرنى قايتۇرۇۋېتىپ ، ئۆ- زۈمچە تاغدا ، ئورماندا سەيلە قىلىدىغان ، مېنى ئالىدىغان يىگىتنى ئىزدەيدىغان بولدۇم . بەلكىم مەن چۈشۈمدە كۆرگەن يىگىت سىز بولسىڭىز كېرەك» دەپتۇ .

ئالپاغوت قىزنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىشىنىڭ تەكتىگە يې- تىپتۇ ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان قىز يەرگە ئېگىشىپ ھېلىقى قاندىن پەيدا بولغان گۈلنى ئۈ- زۈپ ئاپتۇ ـ دە ، يىگىتكە سۇنۇپ : «مېنىڭ قېنىمدىن ئېچىلغان بۇ سۆيگۈ گۈلىنى سىزگە تۇتىمەن . بۇ گۈل مەڭگۈ قۇرۇمايدۇ ،

قوبۇل قىلىڭ» دەپتۇ. قىزغا ئاشىق بولغان ئالپاغوت گۈلنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ پۇرىغانىكەن، شۇ ھامان ھوشىدىن كېتىپ-تۇ. ئۇ ھوشىغا كېلىپ قارىسا، قىز ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك ۋە ئەتراپىنى لەشكەرلەر قورشاپ تۇرغانمىش. ئالپاغوت «بۇ نېمە ئىش؟» دېگەندەك قىزغا قاراپ-تۇ. قىز: «ئۇلار ئاتامنىڭ لەشكەرلىرى، ئۇلار مېنى ئىزدەپ چىقىپ تاغنى ئارىلاپ كېلىۋاتقانىكەن، بۇ يەردە بىزنى كۆرۈپ قالدى» دەپتۇ. يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن ئېلىشماقچى بولغانىكەن، قىز ئۇنىماي: «سەۋر قىلىڭىز، بىز مەقسىتىمىز-گە يېتىمىز» دەپتۇ.

ئالپاغوت ئېتىنى گەپ ئۇقىدىغان قىلىپ تەربىيىلىگەنىكەن. ئات ئۇنى ساقلاپ تاغدا كېچىچە تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇ كەلمىگەن-دىن كېيىن ئۇدۇل ئوردىغا قايتىپتۇ. ئاتنىڭ يالغۇز قايتىپ كەلگىنىنى كۆرگەنلەر بىرەر ئەنسىزچىلىك يۈز بەرگەن بولسا كېرەك، دەپ شاھقا خەۋەر قىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھ بىلەن خانىش ھوشىدىن كېتىپتۇ. شاھ ھوشىغا كېلىپ شاھزادى-نى ئىزدەپ كېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، پۈتكۈل ئوردا لەرزىگە كەپتۇ. دانىشمەن ئۇستاز: «ئەي شاھىئالەم، بىز بۇ ھالدا پۈتكۈل مەملىكەتنى ئاختۇرساقمۇ ئالپاغوتنى تاپالمايمىز. ئەڭ ياخشىسى، شاھزادىنىڭ گەپ ئۇقىدىغان ئوۋ تايغىنىنى قو-يۇپ بېرەيلى. شاھزادىنى تايغان تاپالىسا ئەجەب ئەمەس» دەپتۇ.

شاھنىڭ پەرمانى بىلەن شاھزادىنىڭ ئوۋغا ئېلىپ چىقماي باغلاپ قويغان تايغىنى قويۇپ بېرىلىپ، كەينىدىن ئاتلىق لەش-كەرلەر يۈرۈپتۇ. تايغان يىگىتنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ تاغدىن ئې-شىپ، ئالپاغوت بىلەن قىزنى لەشكەرلەر قورشىۋالغان يەرگە كەپتۇ. ئەسلىدە ئۇلار خانىنىڭ «يىگىت بىلەن قىزنى ئەكېلىڭلار» دېگەن پەرمانى كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى جەڭ قىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە، بەشكېرەم خانىدىن «يىگىتنى تاشلاپ، قىزنى ئەكېلىڭلار» دېگەن پەرمان

كەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ ، ئۆز تەۋەسىگە قايتىپتۇ . شاھزادە ئالپاغوت قىزنىڭ دەردىدە كۆيۈپ ، بىر قانچە قېتىم ھېلىقى يەرگە بارسىمۇ قىزنى ئۇچرىتالماپتۇ . ئۇنىڭ چىرايى زەپىران بولۇپ ئۇھ تارتىپ يۈرۈپتۇ . شاھ ئاتىسى باشقا ئەللەرنىڭ مەلىكىلىرىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولغاندا ، ئالپاغوت ئاتىسىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىپتۇ ، شۇ قىزدىن بۆلەك ھېچقانداق قىز بىلەن توي قىلماي ئالەمدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ .

لەشكەرلەر قىزنى ئوردىغا ئېلىپ بارغاندا ، شاھ ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپتۇ ، بۇنىڭدىن كېيىن قىزنى سىرتقا چىقارماسلىق توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ . ئوردىدىكىلەر قىزنىڭ نازارىتىنى كۈچەيتىپتۇ ، ئۇ نەگە بارسا كېنىزەكلەر بىللە چىقىدىكەن ، ئۇخلىسا بېشىدا قاراپ تۇرىدىكەن ، يېنىدىن ئادەم ئايرىلمايدىكەن . شۇڭا ، قىز سېھرىي ھېكمىتى تۇرۇپمۇ ھېچ ئىش قىلالماپتۇ ، لېكىن ئىشق ـ پىراق دەردىدە ئۆرتىنىپ ، ئايدەك چىرايى كۈندىن ـ كۈنگە سولۇپ سارغىيىپ كېتىپتۇ . مەلىكىنىڭ ئەھۋالى پادىشاھنى ئويغا سېلىپ قويۇپتۇ . ئۇ «قىزىمنى ياتلىق قىلىۋەتسەم ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتەر» دەپ ئويلاپتۇ . مەلىكە ھەرقايسى مەملىكەت شاھزادىلىرى ۋە بەگزادىلەر كىرگۈزگەن ئەلچىلەرنى رەت قىلىپتۇ ، پادىشاھ ئىلاجسىز قاپتۇ .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېنىزەكلەر ھېرىپ ، كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا قىز سىرتقا چىقىپتۇ ـ دە ، كەپتەرگە ئايلىنىپ تاغقا كەپتۇ . ئۇ يەردە بىر ئادەم ئولتۇرغۇدەك . قىز سەپسېلىپ قارىسا ، شاھزادە ئالپاغوت ئۆزگىرىپ ، سولاشقان گۈلدەكلا بولۇپ قاپتۇ . قىز ئۆزىنى يىگىتكە ئېتىپتۇ . يىگىتمۇ ئىشق ـ پىراق دەردىدە سولغان گۈلدەك بولۇپ قالغان قىزنى دەسلەپ تونۇيالماپتۇ ، كېيىن دىدارلىشىپ مۇڭدىشىپتۇ ، دەرد ـ ئەلەمنى ئۇنتۇپتۇ . ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنى بىلىنمەي ، كۈن تاغ كەينىگە پېتىپتۇ . قىز : «ئىككىمىز مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يېتىمىز ، يېتەلمىسەك

بىرگە ئۆلىمىز» دەپتۇ. ئالپاغوت: «سىز قوشۇلسىڭىز، ئىككىلەن باشقا يۇرتلارغا كەتسەك مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يېتەتتۇق» دەپتۇ. قىز: «مېنىڭغۇ سىزدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇم يوق، لېكىن بىز باشقا يۇرتقا كەتسەك، ئاتىلىرىمىز بىر ـ بىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ، بىگۇناھ ئادەملەر ئۆلۈپ قان تۆكۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە تاقەت قىلايلى. ‹سەۋرىنىڭ تېگى ئالتۇن›، يەنە پۇرسەت چىقسىلا كېلىمەن» دەپ خوشلىشىپتۇ.

قىز كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتكەندە، يىگىت پەرياد چېكىپ تاغدا قاپتۇ. ئالتىن ئاتۇش شاھى ئوغلىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ تاقەت قىلالماپتۇ، ئوردىدىكى ۋەزىر، دانىشمەنلەرنى چاقىرىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ھەركىم بىلگىنىنى مەسلىھەت بېرىپتۇ. دانىشمەن ئۇستاز: «ئەي قۇدرەتلىك شاھىم، شاھزادە جاھىللىق قىلىۋاتىدۇ. سىلى بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا خاپا بولۇپ كەتمىسىلە. شاھزادىنى ھايات قالسۇن دېسىلە، ئۇنىڭ رايىغا باققادلىرى خوپ كېلۇر» دەپتۇ. شاھ دانىشمەن ئۇستازنىڭ گېپىگە كىرىپ، بەشكېرەم خانلىقىغا ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ. بەشكېرەم خانى: «مېنىڭ ئالتىن ئاتۇش خانىنىڭ شاھزادىسىگە بېرىدىغان قىزىم يوق، خان مەن بىلەن قۇدا بولۇشنى خىيالىغا كەلتۈرمىسۇن» دەپ، ئەلچىلەرنى قوغلاپ تاغدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ بۇ قاتتىق جاۋابنى ئاڭلاپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بوپتۇ ـ دە، بەشكېرەمگە قاراپ لەشكەر تارتماقچى بوپتۇ. بۇ خەۋەر بەشكېرەم خانىغا ئاڭلىنىپتۇ. خان ئوردا كېڭىشىنى چاقىرىپ، ۋەزىرلەر ۋە ئوردا ئەھلىدىن قانداق ئىش تۇتۇش توغرىسىدا مەسلىھەت ئاپتۇ. بەزىلەر «ئۇرۇشايلى» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ھەر كىم ھەر نېمە دەپتۇ. 130 ياشلىق بىر دانىشمەن خانغا مەسلىھەت بېرىپ: «ھەي شاھىئالەم، دۇنيادا ئۇرۇشماق ئاسان، ياراشماق تەس. ئالتىن ئاتۇش خانى بىلەن تىنچ ئۆتسەك، بىزگە كۆپ پايدىسى بار. ئۇرۇشساق زىيىنى كۆپ. ئالتىن ئاتۇش خانى قۇدرەتلىك، خانلىقىمىزنى بويسۇندۇرمىغۇچە يانمايدۇ، ھەتتا ئى-

چىدىغان سۈيىمىز نىمۇ قۇرۇتۇۋېتىدۇ. بۇنداق مەملىكەتنى ئۆزدىمىزگە دۈشمەن قىلىۋېلىش ئاقىلانىلىك ئەمەس. بۇنىڭدىن كۆرە باشقا بىر يول تۇتسىلا، يەنى قىزنى ئالتىن ئاتۇش شاھزادىسىگە بېرىدىغان بولغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ ئەلچى ئەۋەتسىلە، لېكىن تويلۇقىغا ئېغىر شەرت قويسىلا ئورۇندىيالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتمەمدۇ؟» دەپتۇ. شاھ: «قانداق شەرت قويسام بولار؟» دەپ سوراپتۇ. «شەرت قويماق ئاسان،— دەپتۇ دانىشمەن،— مۇشۇ شىمالىي چېگرىمىزدىكى قۇمال تاغنى يېرىپ بىر يول ياسىسا مەلىكىنى بېرىمىز دېسىلە. بۇ تاغنى يېرىپ يول ياسىماق تەس، يول پۈتكۈچە شاھمۇ، شاھزادىمۇ ئۆلۈپ تۈگەيدۇ».

بۇ مەسلىھەت شاھقا ماقۇل كەپتۇ ۋە ئەلچى تەيىنلەپ ئالتىن ئاتۇشقا يولغا ساپتۇ. ئەلچى ئالتىن ئاتۇش چېگرىسىغا كىرگەندە تۇغ ئوينىتىپ، لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقان شاھقا دۇچ كەپتۇ ۋە شاھانە سالامدىن كېيىن ئەكەلگەن خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ. ئالتىن ئاتۇش شاھىنىڭ سەپەردىن يانغۇسى يوق ئىكەن. لېكىن، ئوڭ قول ۋەزىر ئەلچىنىڭ گېپىنى ئويلىنىپ بېقىشقا مەسلىھەت بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپتۇ. ئەلچى ئەكەلگەن خەۋەرنى شاھزادە ئالپاغوتمۇ ئاڭلاپ بەك خۇشال بوپتۇ. ئەسلىدە ئاتىسىنىڭ قوشۇن تارتقىنىدىن بەك ئازابلىنىپ تۇرغانكەن. شاھ تاغنى كېسىپ يول ياساشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. نۇرغۇن ئادەم ئاتلىنىپ سىپىل تاغنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ يول ياساپ بىر يىل ئىشلىسىمۇ تاغ شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن ئالپاغوتنىڭ شاھ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يول ياساۋاتقانلار قايتىپ كەپتۇ.

ئوردىدا ئالپاغوت بولمىغاچقا، ئوڭ قول ۋەزىر شاھلىقنى ئېلىۋېلىپ، ئالپاغوتنى يەكلەپتۇ. ئالپاغوت دادىسىنىڭ مىيىتىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ئىت بىلەن ئېتىنى ئېلىپ يول ياسىغىلى تاغ باغرىغا كەپتۇ. ئۇ مېتىن ئۇرۇپ بەش پاتمان توپىنى قومۇرۇپ چىقىرىدىكەن، دۈۋىلەنگەن تاشنى سالما بىلەن

ئاتسا تاغنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىكەن . ئالپاغوت ھارغاندا ئىتى شىغىلنى تاتىلاپ يول ئاچىدىكەن ، ئىت تاتىلاپ چىقارغان شىغىلـ نى ئالپاغوت ئاتقا ئارتىپ سىرتقا توشۇيدىكەن . ئۇنىڭ قەيسەر ئىرادىسىدىن ، قىلىۋاتقان ئىشىدىن تەسىرلەنگەن خەلق ئۇزۇق ـ تۈلۈك ئەكىلىپ ئۇنى يوقلاپ تۇرۇپتۇ . بەشكىرەم مەلىكىسى بەزىدە كېلىپ ئالپاغوتتىن خەۋەر ئېلىپ دىدارلىشىپ كېتىدىغان بوپتۇ . ھەر قېتىم مەلىكىنى كۆرگەندە ئالپاغوتقا قايتىدىن كۈچ كىرىپ ، ئىرادىسى باشقىچە چىڭىيدىكەن . ۋاقىت 10 ـ يىلغا بارغاندا كېچە ـ كۈندۈز يول ئېچىپ ئىشلىگەن ئالپاغوتقا ھاردۇق يېتىپ كېسەل بولۇپ قاپتۇ . شۇنداقتىمۇ يولنى ئاچمىسام بولمايـ دۇ ، دەپ ئويلايدىكەن .

ئالپاغوتنىڭ ۋاپادار تايغان ئىتى ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىـ كەن . بۇ جانىۋار ئالپاغوتنىڭ پېشىدىن چىشلەپ ، بىر يەردە ئولتۇرغۇزۇپ ، ئۆزى شىغىلنى تاتىلاپ يول ئېچىپتۇ . ئاخىرقى بىر گەز يول قالغاندا ئىت ھالسىراپ شىغىل ئۈستىدىلا جان ئۈزۈپتۇ . ئالپاغوت ۋاپادار ئىتىدىن ئايرىلغىنىغا قايغۇرۇپ ، ئىتـ نىڭ جەسىتىنى يول بويىغا كۆمۈپتۇ ، ئاخىرقى بىر گەز يولنى ئېچىپتۇ . ئىككى خانلىقنىڭ قاتناش ئالاقىسى ئاسانلىشىپتۇ . يىراق ـ يېقىندىكى ۋە ئىككى خانلىقتىكى كىشىلەر يولنى ۋە ئىرادىلىك يىگىت ئالپاغوتنى تەبرىكلەپتۇ . يولنىڭ ياسىلىشى بىلەن ئىككى تەرەپتە كۆپ ئۆزگىرىش يۈز بېرىپتۇ . ئالپاغوتنىڭ ئىرادىسىدىن تەسىرلەنگەن ئوڭ قول ۋەزىر تارتىۋالغان خانلىقنى ئالپاغوتقا ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ . ئالتىن ئاتۇش خەلقى ئۇنى تەبرىكـ لەپتۇ . «ئالپاغوت يول ئاچالماي ئۆلۈپ تۈگەيدۇ» دەپ ئويلىغان بەشكىرەم خانى ئۇنىڭ توي شەرتىنى ئادا قىلغىنىنى كۆرۈپ ۋەدىسىدىن يانالماي ، ئالپاغوت كىرگۈزگەن ئەلچىلەرگە رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ ، ئاندىن 40 كېچە ـ كۈندۈز شاھانە توي قىلىپ قىزىنى ئالپاغوتقا ياتلىق قىپتۇ . ئالپاغوتمۇ ئۆز ئوردىسىدا 40 كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ ، مەلىكە بىلەن مۇراد ـ مەقسىتىگە

يېتىپتۇ .

بەشكىرەم خانى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئالپاغوت ئالتىن ئاتۇش بىلەن بەشكىرەم خانلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ سوراپتۇ . ئالپاغوت بىلەن مەلىكە ۋاپادار ئىتىنى مەڭگۈ ياد ئېتىش ئۈچۈن ، ئالتىن ئاتۇش بىلەن بەشكىرەمنىڭ ئارىلىقىدىكى بۇ يولغا «ئىت يولى» دەپ نام بېرىپ ، يولنىڭ ئىككى بېشىغا تاختا ئورنىتىپتۇ . شۇنىڭدىن بۇيان «ئىت يولى» دېگەن نام ساقلىنىپ كەپتۇ .

## 3

شاۋاز قارىي ھەمراھلىرى بىلەن زىيارەتچىلەرنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ بەشكىرەم بىلەن ئالتىن ئاتۇشنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان قۇمالتاغدىكى «ئىت يولى» دىن ئۆتۈپ ، «ھەزرەت سۇلتان» مازىرىغا كەلدى . بۇ ۋاقىت دەل «مىزان» (سېنتەبىر) ئايلىرى بولۇپ ، ئالتىن ئاتۇشنىڭ تولىمۇ مەمۇرچىلىق ۋاقىتلىرى ئىدى .

مەشھەد[①]تىكى «ھەزرەت سۇلتان» مازىرىغا قارايدىغان ئەۋلادى شەيخنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ مازارنىڭ گۇمبىزىدىكى مۇنارلار ئۆز ۋاقتىدا ئالتۇندىن قىلىنغان . شاۋاز قارىي زىيارەتچىلەر بىلەن بىللە يېڭىدىن بىنا قىلىنغان قەبرىگاھنىڭ شەرقىدە باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ قېرى ئاچا توغراقنىڭ يېنىدا يەنە توققۇز كىشىنىڭ قەبرىسىنى كۆردى . ئېھتىمال ئۇلار سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دادىسى ، ئانىسى ۋە يېقىن دۆلەت ئەربابلىرى بولسا كېرەك . قەبرىگاھنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا ئېسىلغان داش قازاندا ، زىيارەتكە كەلگەن خەلققە «بۇغرا ئاش» ئېتىلىدىكەن . بۇ داش قازانغا بىر قېتىمدا 50 چارەكتىن كۆپرەك[②] گۈرۈچ سىغىدى-

① ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، مەشھەد — 10 ـ ئەسىردىن بۇرۇن «تۈنجى كەنت» ، «مۇقەددەس كەنت» ، «ئۇلۇغ كەنت» دەپ ئاتالغان . سۇتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن مەشھەد كاتتا كېڭەش ئورنى بولغان . شۇڭا ، «ھەممە يىغىلىدىغان ئورۇن» مەنىسىگىمۇ ئىگە . بەزىلەر مەشھەدكە «توقچىلىق ، مەئىشەتلىك ماكان» دەپ تەبىر بەرگەن . تارىخچىلارنىڭ مەشھەدكە «شېھىتلەر ماكانى» دەپ تەبىر بېرىشىنىڭ ئاساسى بار . ھازىر ئىراندىمۇ مەشھەد نامىدا بىر جاي بار .

② كونا ئۆلچەمدە بىر چارەك 16 جىڭ ھېسابلىنىدۇ .

لكەن .
ئېيتىلىشىچە ، ئالتىن ئاتۇشتىكى مەشھەد ، باغئېرىق ، شو-رۇق ، ئۇنساق ، تۆركۆل ، سۇنتاغ ، كاتتا يايلاق ۋە قەشقەر رايوندىكى پەيزاۋات ، قىزىل بويى ، چۇجە باش ، سۇزاق ، يېڭى-سارنىڭ قىزىل ... قاتارلىق جايلىرىدىكى بىر بۆلۈك كىشىلەر باغ - هويلا ، تۈگمەن ، يەر ... قاتارلىق مال - مۇلكىنى سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا ۋەخپە قىلغان بولۇپ ، تۈرلۈك دەۋرلەرگە ئائىت ۋەخپىنامە توختىتىلغان . ۋەخپىنامىدە هەر پەيشەنبە ، جۇ-مە ، ئىككى ئايەم ، ئىككى هېيت كۈنلىرىدە داش قازاننى قايند-تىپ ، ۋەخپە يەرنىڭ ئاشلىقىدىن خەلققە «بۇغرا ئېشى» نەزىر بېرىپ ، ساۋابىنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان باشلىق ۋاپات بولغان كىشىلەرگە ئاتاش بەلگىلەنگەن . شۇ كۈنكى نەزىردىن كېيىن ، شاۋاز قارىي بۇ داش قازاننى يۇيۇشقا مەسئۇل كىشىنىڭ ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆردى .
«هەزرەت سۇلتان» قەبرىگاهىغا قارايدىغان ئۇزۇن ساقال شەيخ زىيارەتچىلەرنى ئالدى بىلەن قەبرىگاھ هويلىسىدىكى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ مەقبەرىسىگە باشلاپ كىردى . ئۇنىڭ چۈشەن-دۈرۈشىدىن قارىغاندا ، ئەبۇ نەسىرسامانىي قاراخانىيلار خانلىق-نىڭ پايتەختى قەشقەرگە دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ ، بۇ زات سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۇستازى ئىكەن . شاهزادە سۇتۇق مىلادىيە 921 — 931 - يىللىرى هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ، ئەبۇ نەسىر سامانىي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئوبۇل پەتتاھ قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان دۆلەت هاكىمىيەت ئورۇنلد-رىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلىگەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئىسلام دىند-نى ئاشكارا تارقىتىپ ، قاراخانىيلار هاكىمىيىتىنى باشقۇرغان . ئەبۇ نەسىر سامانىي قازا قىلغاندا ، مەشھەدتىكى مۇشۇ ئورۇنغا دەپنە قىلىنغان . سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مىلادىيە 956 - يىلى قازا قىلغاندا ، ۋەسىيىتى بويىچە ئۇ هۆرمەتلىك ئۇستازى ئەبۇ

نەسىر سامانىينىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان . ئۇزۇن ساقال شەيخ-نىڭ «ھەزرەت سۇلتان» مازىرىغا بولغان ئېتىقاد ۋە ھۆرمىتى زىيادە كۆرۈنەتتى . ئۇ ھەربىر سۆزىدە «جانابىي بۇغراخان ھەز-رەتلىرى» ، «ئۇلۇغ بۇغراخان» ، «بۇزرۇكۋار» ، «ئەلەيھى رە-ھىمە» دەپ تەكىتلەيتتى . بۇ مازارغا قارىغۇچى ئەۋلادى شەيخلەر-نىڭ قولىدا مۆھۈر بېسىلغان سىجىللات بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغانىكەن . شۇڭا ، ھاكىمىيەت دائىرىلىد-رى بۇ خوجىلاردىن باج - سېلىق ، ئالۋان - ياساق ئالمايدىكەن .

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىگاھى رەۋزى مەرىكىم (مەقبەرە) ، ئايۋان ، تىلاۋەتخانا ، تۈنەكخانا ، كىتابخانا ، تۆت مۇنار ۋە دەرۋازىدىن ئىبارەت ئىكەن . رەۋزى مەرىكىمنىڭ ئۈچ تەرىپىدىكى پېشايۋان شەكلىدە بۆلۈنگەن ھەرقايسى ئارىلار پەنجىرە بىلەن دائىرىلەنگەن بولۇپ ، ئايۋاندىن كىرىش ئىشىكى قويۇل-غان . ئىككى پەلەمپەيلىك قەبرە سۇپىسى ئۈستىگە قەبرە بۆشۈكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان . مەقبەرىگە رەڭدار يوپۇق يېپىلغان ، قەبرد-گاھ تەكچىسىگە ئالتۇن چىراغ بىلەن ئالتۇن كەمەر[1] قويۇلغانىدى .

قەبرىگاھقا قارايدىغان ھېلىقى ئەۋلادى شەيخنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مىنىدىغان ئېتى قارا قاشقا ئارغىماق بولۇپ ، بېشىغا ئادەتتە قالپاق كىيىدىكەن . ئۇ جەڭگە ساۋۇت - دۇبۇلغا ، قىلىچ - ئوقيا بىلەن كىرىدىكەن . مەشھەد — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كاتتا كېڭەش ئورنى بولغان . سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تاج كىيىپ ، ئالتۇن كەمەرنى باغلاپ ، سەلتەنەتلىك ئوردىسىغا كىرىپ ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىد-رى ھەققىدە سۆزلەيدىكەن ، ئەمر - پەرمان چىقىرىدىكەن . ماۋارە ئۇننەھىردىن تاكى خوتەنگىچە دائىرىدىكى ئىلىكخانلار ۋە ھاكىملار

[1] ئالتىن ئاتۇشتىكى خوجا ئەۋلادلىرىدا ساقلىنىۋاتقان «ئالتۇن كەمەر» سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان باغلىغان كەمەرمۇ - ئەمەسمۇ ، تېخى دەلىللەنمىدى .

پات ـ پات بۇ ئوردىغا يىغىلىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئاڭلايدىكەن، ئاخشىمى مەشھەدتىكى كاتتا سارايلاردا قونىدىكەن. ئادەتتە ھەر كېچىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ھۇجرىسىغا ئالتۇن چىراغ يېقىلىدىكەن. بۇ تەۋەررۇك ئالتۇن چىراغنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ياساتقان ۋە ئىشلەتكەن. ئۇنىڭغا ياغ كەتمەيدىكەن، قانداقلا سۇ قۇيۇپ قويسا يېنىدۇۋېرىدىكەن.①

قەبرىگاھنىڭ ھەيۋىتىدىن تەسىرلەنگەن زىيارەتچىلەر بۇ بۇزرۇكۋارنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئەدەپ بىلەن يۈكۈنۈپ سۈكۈتتە ئولتۇرۇشتى. شاۋاز قارىي ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ «ئىننا پەتەھنا» سۈرىسىنى فەسىھ ئاۋاز بىلەن باشلىدى. ھەزرىتى نەۋائى «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «قارىي كىشى ‹قۇرئان كەرىم› نى تەجۋىت② قائىدىلىرى بويىچە ئوقۇسا، بۇنىڭدىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ روھى راھەتلىنىپ، جېنى ھۇزۇرلىنىدۇ. ئەگەر قارىينىڭ ئاۋازى ياخشى بولمىسا، ئاڭلىغۇچى ھال ئىگىسى بولسا، ③ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ».

دۇئادىن پارىغ بولغان كىشىلەر مەقبەرىنى بىر ـ بىرلەپ ئايلىنىپ سىرتقا چىقىشتى. زىيارەتچىلەرنىڭ ئارىسىدا كامالىغا يەتكەن قىز گۈلخۇمارمۇ بار ئىدى. ئۇ پېشانىسى ئوچۇق، قامىتى كېلىشكەن شاۋاز قارىينى كۆرۈش بىلەنلا بەدىنى نېمە ئۈچۈندۇر تىترەپ كەتتى. تۇنجى ئۇچراشقان چاغدا، شاۋاز قارىي ئۇ قىزنىڭ ناتىۋان سىياقى بىلەن كۆز چەشمىسىدىن ئەقىل ـ پاراسەت نۇرى يېغىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقىۋالدى.

---

① ئېيتىلىشىچە، شەيخلەر پىلىكنى ياغقا چىلاپ، سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان نەرسە بىلەن ئوراپ «ئالتۇن چىراغ» قا سېلىپ، ئۈستىگە سۇ قۇيىدىكەن. كىشىلەر ئۇنى «بۇغراخاننىڭ كارامىتى» دەپ ئويلايدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا، بىر نەپەر ئەۋلادى شەيخ مەزكۇر «ئالتۇن چىراغ» نى قىرغىزلار ئارىسىغا ئېلىپ بارغان ۋە «بۇغراخاننىڭ كارامىتى» نى كۆرسىتىپ خېلى جىق پۇل تاپقان. بۇ «ئالتۇن چىراغ» نىڭ يوقىلىشىغا ئاشۇ شەيخ سەۋەب بولغان.

② تەجۋىت — «قۇرئان كەرىم» دىكى سۈرە، ئايەتلەرنى قىرائەت قىلىپ ئوقۇش قائىدىسى.

③ ھال ئىگىسى — زەۋق، شەۋق، شادلىق ۋە قىسىلىش بىلەن دىلىدا قاتتىق قوزغىلىش بولىدىغان خاس كىشى.

مەشهەدنىڭ شەرقىدىكى ئوچا دېگەن[1] يەردە هەر هەپتىنىڭ دۈشەنبە كۈنى بازار بولاتتى. قەشقەر شەھىرى، بەشكېرەم، ئاۋات، پەيزاۋات، كاتتا يايلاق، تۇگۇرمىتى، كۆكتام قاتارلىق جايلاردىن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كىشىلەر ئوچا بازىرىغا كېلىپ، سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. كەچتە يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۆيلىرىگە قايتىپ، يىراقتىن كەلگەن كىشىلەر بازاردىكى دەڭ ـ سارايلاردا قونۇپ قېلىشاتتى. بىر قېتىم تۇيۇقسىز كەلگەن كەلكۈندە ئوچا بازىرىدا قونۇپ قالغان كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى سۇ ئېقىتىپ كەلكۈندە قازا بولغان، بىر قىسمى دەرەخ شاخلىرىغا، ئۆگزىلەرگە چىقىۋالغان. ئوچا بازىرى ئاساسەن ئېغىر ۋەيران بولغان. كېيىنچە، بۇ بازار مەشهەد كەنتىگە يۆتكەلگەن بولۇپ، مەشهەدتىكى تۆت كوچىنىڭ «هەزرەت سۇلتان» قەبرىگاهىغا تۇتىشىدىغان تۆت دوقمۇشىغا تۆت مەسچىت سېلىنغان. شىمال تەرەپتىكىسى «ئوي كوچا مەسچىت»، شەرق تەرەپتىكىسى «ئوچا مەسچىت»، جەنۇبىي تەرەپتىكىسى «كۆلبېشى مەسچىت»، غەرب تەرەپتىكىسى «چىلان مەسچىت» دەپ ئاتالغان. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «چىلان مەسچىت» تە ئەمەلدارلار كۆپرەك ناماز ئوقۇيدىغان بولغاچقا، «ئەمەلدارلار مەسچىتى» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. «هەزرەت سۇلتان» قەبرىگاهىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە «لەڭگەر»، «كونا لەڭگەر»، «هاسا باغ» (هېسار باغ)، «چىنىباغ» قاتارلىق ئورۇنلار بولۇپ، هىندىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر، ئىران، سۇرىيە، ئىراق، تۇركىيە قاتارلىق هەر تاماندىن ئالتۇن ئاتۇشقا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. چەت ئەللەردىن كەلگەن كارۋانلار بۇ لەڭگەرلەرگە چۈشۈپ

① «ئوچا» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى «بازار» دېگەنلىك. جانلىق سۆزىمىزدە «بازار ـ ئوچا» دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇستۇن ئاتۇش ۋە كۇچا ناھىيىسىدە ئوچا كەنتى، يېڭىسار ناھىيىسىدە ئوچا يېزىسى بار.

قوناق قىلىپ ، ئەكەلگەن ماللىرىنى ساتىدىكەن .

ئالتىن ئاتۇشنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلى نامى بار ئىدى . ئەينى چاغدا چاڭئەن (شىئەن) دىن باشلانغان «يىپەك يولى» نىڭ ئوتتۇرا لىنىيىسى تۇرپان ، قاراشەھەر ، كۇچا بىلەن قەشقەرگە كېلىپ ، كۆك ئارت (پامىر) ئارقىلىق پەرغانە ، باغداد ، دەمەشق (سۇرىيە) ۋە شەرقىي رىم ، خۇراسان (ئىران) دىن ئۆتۈپ ، غەربىي دېڭىزغىچە باراتتى . «يىپەك يولى» نىڭ شىمالىي لىنىيىسى بالاساغۇن ۋە بارسغاننى تۈگۈن قىلغانىدى . بۇ يوللار شەرقتە لياۋ (قىتان) سۇلالىسىنىڭ پايتەختى شياڭجىڭ ، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كەيفېڭغىچە باراتتى . قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ، غەربتە ھىندىستان ، خۇراسان ، ئەرەبىستان ، شەرقىي رىم بىلەن ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى قويۇق بولۇپ ، كېلىپ - كېتىدىغان سودا كارۋانلىرى ، سەيلە - ساياھەتچىلەر ۋە ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن كاتتا ئەربابلار مەشھەدنى قونالغۇ قىلىدىكەن . بۇ كاتتا ، قايناق بازار توغرۇلۇق مۇنداق قوشاقلار تارقالغان :

ئاتۇش دېگەن ئوبدان يۇرت ،
دۈشەنبە بازارى بار .
يېتىمچىنى قوللايدۇ ،
ھەزسۇلتان مازارى بار .

سېنىڭمەنۇ سېنىڭمەن ،
سېنىڭ بولماي كىمنىڭمەن .
ئاتۇشنىڭ بازارىدىن ،
تاللىۋالغان گۈلۈڭمەن .

ئاتۇشنىڭ بازارىدىن ،
سىزگە سامسا ئەپىبىرەي .
ئىچىمدىكى دەردىمنى ،
بىللە ماڭغاچ دەپ بىرەي .

بازار تەرەپتە زىيارەتچىلەرنىڭ ناغرا - سۇناي چېلىشىپ ، كەڭ سورۇن تۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ ، شاۋاز قارىي ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى قىزىقىپ بازار ئىچىگە قاراپ مېڭىشتى . كوچىنىڭ بىر تەرىپىدە سامسىپەزلەر : «قويدا ئەتتىم ، ياغ يەپ كەت ، ياغدا ئەتتىم ياغ يەپ كەت ، ياغ يەپ كەت !» دەپ توۋلىسا ، يەنە بىر تەرەپتە مانتىپەزلەر : «بىر مانتا ، بەش مانتا ، ئون مانتا ، ئون بەش مانتا» دەپ ، بەس - بەستە توۋلىشاتتى .

ئاشخانىغا يانداش كەتكەن زاسۇيپەزلەر ، كاللا - پاچاقچىلار ئۆز ماللىرىنى توۋلاپ ساتاتتى . بازاردا ھەر خىل ھۆپىگەرلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى قۇلاق - مېڭىنى يەيتتى . ناۋايلار قىزىرىپ پىشقان نانلىرىنى تەۋەككۈلەرگە تىزىپ ئاغزى بېسىلماي توۋلىشاتتى . يول بويىدىكى دۆۋە - دۆۋە قوغۇن - تاۋۇزلار ، يەل - يېمىشلەر ناھايىتى كۆپ ، مىلىچ مال بازارلىرىمۇ قىزىپ كەتكەنىدى . زىيارەتچىلەر يادنامە ئۈچۈن ئالتىن ئاتۇش دوپپىسى ، قىزىلىق ئامۇت قاتارلىقلارنى تەۋەررۈك دەپ ئېلىشاتتى . بازارنىڭ دوقمۇشىدىكى سەيناغا كىشىلەر توپلىشىۋالغان بولۇپ ، ۋائىزنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ياڭراۋاتاتتى . شاۋاز قارىينىڭ ئاغىنىلىرى قىزىقىپ ، توپلىشىۋالغان كىشىلەرنىڭ كەينىدە ئۆرە تۇرۇپ ، ۋائىزنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە دىققەت قىلىشتى . شاۋاز قارىي دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ ، بۇ يەردە بىردەم تۇردى . بېشىدىكى سەرپۇش تۇماقتا مەللەرەڭ سەللە يۆگىگەن ، ئۇچىسىغا يېلىڭ قارا تون كىيىپ بېلىنى باغلىۋالغان 60 ياشلاردىكى ئۇزۇنتۇرا ، كەكە ساقال ۋائىز سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان ھالدا ، «تەز-

كىرەئى بۇغراخان» دىكى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ خانلىق تەختىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانى توغرىسىدىكى قىسسەنى سۆزلەۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئالدىدا بىرەيلەن پات ـ پات «دوست» تارتىپ ئولتۇراتتى .

ۋائىزنىڭ تاققا ـ تۇققا سۆزلىرىدىن زېرىكىپ تۇرغان شاۋاز قارىي يېنىدىكى كىشىلەردىن بازارنىڭ ئۇ چېتىدا چېلىشىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا ، ھەمراھلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چاقىرىپ ، ئاشۇ مەيدانغا بېرىپ چېلىشچىلارنىڭ ماھارىتىنى كۆردى . مەيداندا مەشھەدلىكلەر ئۇچۇن چېلىشىپ بېرىشكە ئۇستۇن ئاتۇشتىن كەلگەن بىر چېلىشچى بار ئىكەن . چېلىشىش مۇسابىقىسىگە مەشھەد بازىرىنىڭ دورغا ـ يايىلىرى مەسئۇل بولۇپ ، مەيداننى ئايلىنىپ يۇرۇپ مۇسابىقىگە قاتنىشىشنى ئىختىيار قىلغۇچىلارنى ئۆزئارا چېلىششقا ئۇيۇشتۇراتتى ، ئۇتۇپ چىققانلارنى ئىككى مېتىر رەخت بىلەن مۇكاپاتلايتتى . ئاممىدىن ئىختىيارىي سايلانغان سورۇن باشقۇرغۇچىلار مەيداننى تىنچلاندۇراتتى ، پاراڭ سالغۇچىلارغا نەسىھەت قىلىپ تۇراتتى .

چېلىشىش سورۇنىدا قەشقەر «خانلىق مەدرىسە» دە شاۋاز قارىي بىلەن ھەمساۋاق ئوقۇغان ئالتىن ئاتۇشلۇق دوستى نورۇز ئۇچرىشىپ ، شاۋاز قارىي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ مۇڭداشتى . ئۇ شاۋاز قارىينىڭ چېلىشىش مەيدانىغا چۈشكۈسى بارلىقىنى ئاڭلاپلا ، ئۇنى توستى . چۈنكى ، ئۇ زاماندا يۇرتۋازلىق ، تەرەپبازلىق ئېغىر بولۇپ ، چېلىشىش سورۇنىدا ئاسانلا جېدەل چىقاتتى . شۇڭا ، نورۇز ئۇلارنى سورۇننىڭ بىر چېتىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى .

# ئۈچىنچى باب

## سادىق دوستلار

### 1

نورۇزنىڭ دادىسى ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە سودا ـ ساياھەت ئۈچۈن، ئوتتۇرا شەرق ۋە يىراق مەغرىبى ئەقسا (شىمالىي ئافرىقىدىكى ماراكەش، جازائىر ۋە ئەندەلىس[1]) غا قەدەر بارغان. ئۇنىڭ ئانىسىمۇ تەقۋادار ئايال بولۇپ، ئۆز ئۆيىدە مەكتەپ ئېچىپ، مەھەللە ـ كويىدىكى قىز بالىلارنى ئوقۇتقان. شۇڭا، بۇ ئوغلى تۇغۇلغاندا نورۇز پەسلى يېتىپ كەلگەچكە، ئىسمىنى «نورۇز» قويغان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەن نورۇزنى دادىسى قارىخانىغا ئاپىرىپ خەلپىتىمگە تاپشۇرۇپ: «پەرزەنتىمىز ئۈچۈن، بىز ئاتىلاردا بولغان ئىككىنچى ھەققى، يەنى ئىلىم تەلىم بېرىشنى بۈگۈن سىلىگە تاپشۇرۇپ ئادا قىلىشقا كەلدۇق. ئۈمىدىمىز زايە بولمىغاي» دېگەن.

ھەر ئوغۇل ـ قىزغا كېرەكتۇر روھىي ئەفزا تەربىيەت،
ئەيلىگەي ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنى مۇھەييا تەربىيەت.

---

① ئەندەلىس — ئىسپانىيىنىڭ 15 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئىسمى.

نورۇزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى داۋاملىق ئوقۇتۇش ئۇچۇن ، قۇلايلىق پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن . ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشىگە مۇيەسسەر بولغان نورۇز ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپلا ئىلىمگە ئىشتىياق باغلاپ ، «ئۇيالىما مەرىپەتنى ئۆرگەنۇردىن ، بولۇر ھالىڭ تونۇر قالساڭ تونۇردىن» دېگەننى دائىم ئېسىدە تۇتۇپ ، «ھەزرەت سۇلتان مەدرىسە»سىگە ئوقۇشقا كىرگەن . ئۇنىڭ «قۇرئان كەرىم» خەتمىسىدىن ئۆتكەنلىكىگە ناھايىتى خۇشال بولغان ئاتا ـ ئانىسى مەسلىھەتلىشىپ ، قەشقەر «خانلىق مەدرىسە» سىدە ئوقۇشقا ئاپارغان . دادىسى مۇدەررىسنى بىر ئات ، دەستار ، ئىراقىدىن تىكىلگەن تون ، كىمسەندىن تىكىلگەن مەيسە بىلەن تارتۇقلاپ ، ئوغلىنى ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا تاپشۇرغان . نورۇز «خانلىق مەدرىسە» دە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ، تۇرمۇش جەھەتتە بارغا قانائەت قىلىپ ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشكەن . بەزىدە مۇدەررىسنىڭ زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالسا ، نورۇزنى تالىپلارغا ئۆز ئورنىدا ساۋاق بېرىشكە بۇيرۇيتتى . شۇڭا ئۇ تالىپلارنىڭ «كىچىك خەلپىتى» بولۇپ قالغان . نورۇز تولىمۇ چاققان بولۇپ ، ئېگىزگە سەكرەش ، يىراققا سەكرەشتە ئاجايىپ ماھارەت كۆرسىتىپ ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجە يارىتىپ ، مۇكاپاتلىناتتى . ئۇ يەنە ساز چېلىشقا ماھىر ئىدى ، دائىم دەرستىن چۈشكەندە راۋاب ، دۇتار ، نەي چېلىپ بېرەتتى . نورۇز بىلەن شاۋاز قارىي قەشقەر «خانلىق مەدرىسە» دە «سەرىپ نەھۋى» ، «جالالى» ، «مۇشكات» ، «تەپسىر ھۇسەينى» قاتارلىق نوپۇزلۇق كىتابلارنى ھەمساۋاق ئوقۇپ ، ئوقۇشتا تېز ئىلگىرىلىگەن . بولۇپمۇ نورۇز تارىخ بىلىملىرىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ ، ئۆز دەۋرىدىكى نوپۇزلۇق تارىخىي كىتابلارنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن .

ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن «خانلىق مەدرىسە» دىكى تۆت يىللىق ئوقۇشنى ئەلا دەرىجىدە تاماملىغان نورۇزنىڭ «كامالەتكە يەتكۈچە ئوقۇسام» دەيدىغان ئارزۇسى بار ئىدى . چۈنكى ، «خان-

لىق مەدرىسە» نى تاماملىغان بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بۇخارا، ھىندىستاندىكى دېۋەبەن، مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدىكى ئەزھەر قاتارلىق كاتتا ئىلىم ئوچاقلىرىغا بېرىپ ئوقۇيتتى. بىراق، ئاشۇ چاغدا نورۇز-نىڭ ئوقۇمۇشلۇق دادىسى قازا قىلىپ، ئۇ ياشلىق دەۋرىدىكى ئىنتىلىشلىرىگە يارىشا تېخىمۇ ئۆرلەپ ئوقۇش شارائىتى تاپال-ماي، ئائىلىگە قايتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىرىك-چىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ يۇرتىغا قايتقاندا، ئۇستازى مۇھەممەد سادىق قارىيھاجىم شىرىنچى: «ئاللا ساڭا ئاتا قىلغان بىلىمنى باشقىلارغا ئۆگەتكىن. شاگىرتلىرىڭمۇ ئىلىم ۋارىسلى-رىدىن بولۇپ، باشقىلارغا ئۆگەتسۇن. بۇنىڭ ساۋابى تاكى قىيا-مەتكىچە بولىدۇ» دېگەن.

شاۋاز قارىي چېلىشىش سورۇنىدىن چىقىپ، دوستى نورۇز-نىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ تەخ-تىيۇن① دىكى ئۆيىگە بارغۇچە ئىككىيلەن مۇڭدىشىپ، مەدرىسە-دىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىللىق ئەھۋالىنى بىر – بىرىگە بايان قىلىشتى. بۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ ھەپتىدە بىر كۈن دەۋرىي قىلىپ قىش – ياز ئۆتكۈزىدىغان مەشرەپ ئولتۇرۇشى بولۇپ، مەشرەپتىكى سۆھبەتلەردە كىشىلەر ئۆتمۈشنىڭ، زامانى-سىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى، شۇ مەزگىلدە جەمئىيەت-تە ۋە ئائىلىلىرىدە يۈز بەرگەن، يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارغىچە كەڭ – كۇشادە سۆزلىشىپ پىكىر يۈرگۈزۈشىدىكەن. سۆھبەتتە بولغۇچىلار بىر – بىرىنى «بۇرادەر» دەپ يېقىملىق چاقىرىشات-تى. ئۇلاردىن پېشقەدەمرەكى نورۇزنىڭ مەرھۇم دادىسىنىڭ ھەق-

① ھازىرقى ئاتۇش شەھىرى تۇرۇشلۇق دائىرىنى يەرلىك كىشىلەر «تەختىيۇن» دەپ ئاتاي-دۇ. ئاتۇش شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان تەختىيۇن تاغلىرى بولۇپ، تاغنىڭ شەرقىي يان باغرىنى ئورۇمچى – قەشقەر تاشيولى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «ئاتۇش تاش ئادىمى» تېپىلغان ئورۇننىڭ تەختىيۇن تاغلىرىنىڭ غەربىي شىمالىي يان باغرىدىكى ئاغۇ يېزا ئاچچىق كەنتىنىڭ بوغاز دەرياسى قىرغىقىدىكى دۆڭلۈك ئىكەنلىكى كىشىگە ئەجدادلارنىڭ بۇ رايوندا ياشاپ، كۆپىيىپ كەلگەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. يەرلىك پېشقەدەملەر «تەختىيۇن ئاتالغۇسى تەختى ھون سۆزىدىن كەلگەن» دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ.

گۆي بۇرادىرى بولۇپ ، ھەر قېتىملىق مەشرەپ سورۇنىدا قەدىمە-
كى پەيلاسوپ ۋە ھۆكۈمالارنىڭ ھېكمەت - ھېكايەتلىرىنى سۆز-
لەپ ، سۆھبەتكە باشلامچىلىق قىلىدىكەن .

نورۇز يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن ، مەشرەپ ئولتۇرۇشىغا قاتنىشىدىغان بوپتۇ . بۇ سورۇنلاردا راۋاپ ، دۇتار چېلىپ ، ناخشا توۋلاپتۇ . مۇنداق سورۇنلاردا ئەپسانە ھەزىل - چاقچاقلارمۇ بولۇپ تۇرىدىغان بولۇپ ، بۇنداق ھەزىل - چاقچاق ۋە خۇراپىي ھەرىكەتلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا ياقماي ، كۆزىگە سىغماي ، پۇرسەت تېپىپ ، يۇرتتا خۇراپاتلىق تولىمۇ يامراپ كەتكەنلىكىنى ، خۇراپاتلىقنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ مەنبەسى ئىلىمسىزلىك ئىكەنلىكىنى تەرغىب قىلغان . نورۇز ئۆز قاراشلىرىنى تولۇق ئۇقتۇرۇپ بولغۇچە ، مۇتەئەسسىپلەر تەرىپىدىن «دەھرىي ، زىندىق ...» دېگەندەك ناملار بىلەن ھاقارەتلەنگەن . بەزى ھەسەتخور ، پىتنىخورلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن غوۋغا كۆتۈرگەن . دەل شۇ چاغدا مەرھۇم دادىسىنىڭ ھەقگۆي بۇرادىرى ئۆز قىزىنى نورۇزغا بېرىپ ، كۈيئوغۇل قىلغان . بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى غوۋغاگەرلەر ئوچۇق - ئاشكارا پىتنە - پاسات تېرىشقا جۈرئەت قىلىشالمىغان . دەرۋەقە ، ئاتىلارنىڭ پەرزەنتنى ئۆز سۈرىتىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخا دەيدىغان تەسەۋۋۇرى توغرا ئوخشايدۇ . پەرزەنت ئاتىنىڭ بىر جۈزئىي سۈرىتىدە ، خۇلق ، مىجەزى ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئاتا پەرزەنتنىڭ تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ ، ئۆزى ئارزۇ قىلغان پەزلۇكامالەتنى پەرزەنتلەرگە بېرىشكە ، ئۇلارنى قابىل قىلىپ يېتىلدۈرۈشكە غەيرەت قىلىدۇ . شۇ مەقسەت ئۈچۈن ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدۇ . پەرزەنتلىرى توغرۇلۇق خەلقتىن «تەربىيىلىگەن ئاتىسىغا رەھمەت» دېگەن سۆزنى ئاڭلىسا سۆيۈنىدۇ ، پەرزەنت ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىشنى ئويلايدۇ ، نەۋرە - چەۋرە كۆرۈپ ، نەسىل - ئەۋلادىنىڭ داۋاملىشىشىنى ئويلايدۇ . نورۇز ئاتىسىنىڭ ئىزىنى باسقان مانا شۇنداق يىگىت بولۇپ يېتىلگەن .

شاۋاز قارىي ئاق كۆڭۈل دوستى نورۇزنىڭ كەچمىشلىرىگە
قىزىقىپ ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى .
نورۇز باغقا قاراپ سېلىنغان توققۇز جەگىلىك ۋاسادەمىيان مېھ-
مانخانىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا ھەمزەك① تىن تىكىلگەن يېكەنداز-
نى سېلىپ ، شاۋاز قارىي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئولتۇرۇشقا
تەكلىپ قىلدى ، ئاندىن كۆك سىرلانغان ساپال ئىۋرىق بىلەن
ساپال چىلاپچىنى تەڭلەپ ، ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ بەردى ، چۈچا
تۇتۇلغان چوتا لۆڭگىنى قول سۇرتۇشكە سۇندى . ئۇنىڭدىن كې-
يىن نورۇز چىرايلىق گۇل بېسىلغان سەرگەز داستىخاننى كەڭ
ئېچىپ سېلىپ ، بىر توققۇز چوڭ ناننى ئاپئاق قەلەيلەنگەن مىس
لېگەن ئۇستىگە قويۇپ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە قايماقتا ئەتكەن قاتلىمى-
لارنى تىزىپ ئاچىقتى . ئارقىدىن كىچىك لېگەندە ساقۇت ، يەنە
بىر لېگەندە قۇيماق ، چوڭراق ئىككى مىس لېگەننىڭ بىرىدە
قاراقاش ، يەنە بىرىدە تۇرنا قوغۇن كاسىلىرىنى ئەكىرىپ قويدى .
ئۇ چوڭراق ئاياقتا قورۇلغان بۇغداي ۋە كەندىر قومىچى ، ئۇستى-
دە يېڭى ئۆرۈك گۇلىسى ۋە بىر توققۇز پىشۇرۇلغان تۇخۇم ،
پىلىچەكتە ئۇجمە شىرنىسى ئەكىرىپ داستىخاننى ھۆل - قۇرۇق
مېۋىلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى . ئەڭ كېيىندە بىر ھېجىر سۇزمە ،
كىچىك لېگەندە ئەينۇلىنىڭ تازا پىشقىنىدىن ئەكىرىپ ، داستى-
خاندىكى نېمەتلەرنى يۇرۇشتۇرۇپ سىغدۇردى .

تاماقتىن كېيىن ، نورۇز مېھمانلارنى ئۆيىنىڭ كەينىدىكى
باغقا باشلىدى . باغنىڭ ھاۋاسى سالقىن ، كۆلنىڭ سۇيى كۆپ ،
خىلۋەت ئىكەن . باغ ئىچى كۇندىن - كۇنگە قىزىتىۋاتقان قۇياش
نۇرى بىلەن ياشىرىپ ، كۆل بويىدىكى پېچانلار كۆكىرىپ يېشىل
مەخمەل تۇس ئالغان ، ئەتراپتىكى رەڭمۇرەڭ ئېچىلغان گۇللەر-
نىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان گۇزەللىكى ئۆز ھۆسنىنى كۆز - كۆز

① ھەمزەك — تېگى كۆك ، موملاپ بويالغان پاختا رەخت كونىچە تىلدا ھەمزەك دېيىلىدۇ ،
كەڭلىكى بىر گەز كېلىدۇ .

قىلىپ تۇراتتى . سۈزۈك ئاسماندا كەپتەرلەر موللاق ئېتىپ ئۇس-سۇل ئويناشماقتا ئىدى . ئۇلار كۆلنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ، مېۋى-لەرنى ئارىلىدى . ئەنجۈرلۈككە بارغاندا ، ھەممەيلەن تارقىلىپ شاخلارنىڭ ئارىسىدىن سارغىيىپ پىشقان ئەنجۈرلەرنى ئىزدەپ تېپىپ ، كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن ھۇزۇرلىنىپ يېيىشتى ، ئاندىن كۆل بويىدىكى ناماتمان كىگىز سېلىنغان سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشتى .

كەچقۇرۇنلۇقى شاۋاز قارىي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ ئۆيدە مەززىلىك ئاتۇش چۆپى بىلەن غىزالاندى . ئۇلار مەسچىتكە چىقىپ ناماز خۇپتەندىن كىرگۈچە نورۇزنىڭ ئايالى ئايىرىم ئۆيگە بىر نەچچە كىشىلىك ئورۇن سېلىپ قويغانىكەن . ئۇلار بىر - بىرلەپ ئۆز ئورۇنلىرىنى تېپىپ ئۇيان - بۇياننىڭ گېپىنى قىلىشىپ ياتتى . شاۋاز قارىينىڭ يادىغا بۈگۈن ۋائىز سۆزلىگەن قىسسە كەپقالدى . راست ، ئۇ قىسسىنىڭ مەلۇم ئاساسى بار ئىدى . سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئالتىن ئاتۇشتىكى بەزى پائالىيەتلىرىدىن ئانچە خەۋىرى يوق شاۋاز قارىي «جاي پەچچىم» نىڭ ئەھۋالىنى سورىۋىدى ، نورۇز ئۆزى كۆرگەن - بىلگەننى سۆزلەپ بەردى .

تەختىيۇن كەنتىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان كۆكتام[1] نىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تاغ ئېغىزىدىن ئاققان سۈزۈك سۇ پەستىكى دەريا سۈيىگە قېتىلىپ كېتىدۇ . ئاشۇ سۇ چىقىۋاتقان تاغ ئېغىزى بىلەن ئېچكىرىلەپ كىرىپ ، سول قولنى بېسىپ غەربكە بۇرۇلۇپ سۇ ئېقىۋاتقان تارراق ساي بىلەن رەڭدار تاغ ، ئېدىرلىقلارنى ئارىلاپ ماڭغاندا ، سۇ يوق ساي ئايان بولىدۇ . بۇ ساي بىلەن مېڭىۋەرسە ، يەنە سۇ ئېقىۋاتقان ساي ئۇچرايدۇ . ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ 5 - 6 مېتىر يەرگە بېرىپلا سايدىكى شېغىلغا سىڭىپ ، غايىب بولۇپ كېتىدۇ . تاغ باغرىدا باراقسان ھەم يېيىلغان شاخ-

---

[1] كۆكتام — ئالتىن ئاتۇشتىكى بىر كەنتنىڭ نامى .

لىرى يەرگە تېگىپ يىلتىز تارتىپ ، يەنە كۆكلەپ يىلتىز تارتىپ
تۆگە لوكىسىدەك شەكىل ھاسىل قىلغان چوڭ بىر تۈپ سۆگەت-
نىڭ ئاستى سەيلىگاھ بولۇپ ، ئۇنىڭ جەنۇبىدا ، يەنى سۆگەت
سايىسى ئاستىدا كىچىك مەسچىت بار .
ئاشۇ مەسچىتنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئىككى تاغ ئارىسىدىكى
تار جىلغىدىن يېپىلىپ ئېقىپ چىقىۋاتقان سۈزۈك سۇ ئاستىدىكى
شېغىل تاشلار ئېنىق كۆرۈنىدۇ . سۇنى كېچىپ ئىچكىرىلەپ
كىرگەندە ، ئىككى تاغ ئارىسى تېخىمۇ تارلىشىپ ، چوڭ - چوڭ
گرانت تاشلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىۋاتقان سۇ ئۇچرايدۇ . ئىچكى-
رىلەپ ماڭغاندا سول تەرەپ پەستىكى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۈچ
مېتىر ئېگىزلىكتە ئېتىلىپ چىقىپ قىسقا دائىرە ھاسىل قى-
لىپ ، ئاندىن كوكۇلا قىلىپ ئۆرۈلگەن چاچلاردەك چېچىلىپ -
يېيىلىپ تارام - تارام ئېقىن بولۇپ چۈشۈۋاتقان تاغ بۇلىقىنىڭ
زىلال سۈيى كۆرۈنىدۇ . تاغنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئۆڭكۈرسىمان
چوڭ ئويۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇيۇل تاشتىن توختىماي چىقى-
ۋاتقان سۇ گويا ھاممامنىڭ جۈمىكىدىن چۈشۈۋاتقاندەك پەستىكى
يىغىلىپ تۇرغان سۇ ئۈستىگە تۆكۈلىدۇ .
بۇ يەردىكى گرانت تاشلاردىن ئاۋايلاپ ئاتلاپ شىمالغا قاراپ
ماڭغاندا ، تاشلارنىڭ ئۈستىدە ئاجايىپ ئىزلار كۆرۈنىدۇ . بۇ
ئىزلار بەئەينى ئويۇپ قويغان ئات تۇيىقىغا ئوخشايدۇ . ئىككى
ياندىكى تاغنىڭ تۈۋىدە سۇ يالاپ ئاقىرىپ كەتكەن چوڭ تاشلار
بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بېتىدە بىر غېرىچ ئەتراپىدا ئويۇلغان ئېرىقچى-
لار كۆرۈنىدۇ . تاغنىڭ شىمالىغا قاراپ ماڭغاندا سۇ تۈگەپ ،
كەلكۈن ئاققان جىلغىنىڭ شەرق تەرىپىدە ئۈستى تۈزلەڭ دۆڭ-
لۈك بار . ئۈستىدە 40 پومزەك تاش بىلەن توغراق بار . بۇ
دۆڭلۈكنى كىشىلەر «40 مەسچىت» دەپ ئاتايدۇ . زىيارەتكە
كەلگەنلەر بۇ يەردە تۈنەيدۇ . بۇ يەردىكى شەيخنىڭ ئېيتىشىچە ،
تۈنگەنلەرنىڭ قۇلىقىغا قورال - ياراغنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ
تېگىشكىنى ، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ، چېپىپ كېلىۋاتقان ھەي-

ۋەتلىك تۇياق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدىكەن . گاھىدا تالاي گۈلخانلار ئەتراپىدا قورال ئاسقان ، تاماق پىشۇرۇۋاتقان ئادەملەر كۆرۈنۈپ غايىب بولىدىكەن . بۇ تار جىلغىنى كىشىلەر «جاي پەچچەم» ، «جاي ئانام» ، «جاي ئاتام» ، «ئۇلۇغ يەر» دەپ ئاتاپ ئەزىزلەپ كەلمەكتە . بۇ يەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەر بار ...

كۆپتىن خەۋەردار ، ئوچۇق پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن سۆھ-بەتلىشىش تولىمۇ راھەت ۋە قىزىق تۇيۇلىدۇ . شاۋاز قارىي يېرىم كېچىگە قەدەر سۆھبەتلەشتى . لېكىن ، ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىشقى-دۇر تىت - تىت بولۇپ ، كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالماي ، تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ تەرەت ئېلىپ ، ئاغىنىلىرىنى ئويغى-تىپ قويۇپ ، مەھەللىدىكى مەسچىتكە چىقتى . ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغان جامائەت بىردەمدىن كېيىن مەسچىتكە يىغىلدى . مەس-چىت ئىمامىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بامدات نامىزى ئوقۇلغاندىن كې-يىن ، شاۋاز قارىي فەسىھ ئاۋازى بىلەن قىرائەت قىلدى . ئەھلى جامائەت ئۇنىڭ پاساھەتلىك قىرائىتىدىن خۇشنۇد بولۇشتى .

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ، شاۋاز قارىي ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى زادىلا بىلەلمەي قالدى . نورۇز ئۇلارنى باغقا باشلاپ ئاپىلاندۇرۇپ ، چۈشلۈك تاماقتا شۇنچە چىڭ تۇتسىمۇ ، شاۋاز قا-رىي ئۆززە ئېيتىپ خوشلىشىپ ، ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە «ھەزرەت سۇلتان» مازىرىغا قايتىپ كەلدى .

## 2

ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ جايلاشقان ئالتىن ئاتۇش دەرەخلىك ۋە ياپيېشىل ئېتىزلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تولىمۇ گۈزەل يۇرت . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئاتۇش دىگەن سۆز «ئار-تۇچ» دەرىخىنىڭ نامىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، بۇ يۇمىلاق ئارچى-نىڭ ئاتالمىسى ئىكەن .

ئارتۇچ دەرىخى ئارچا دەرەخ ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر تۈرلۈك دەرەخ بولۇپ ، ئادەتتە ئۇ قارا ئارچا ھەم يۇمىلاق ئارچا دەرىخى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ دەرەخنىڭ كۆرۈنۈشى چىرايلىق ، دەرەخ تاجىسى كونۇس شەكلىدە ، يوپۇرماقلىرى يىڭنىسىمان بولۇپ ، ئانچە تۇپراق تاللىمايدۇ ، تىكىلگەن جىرىملىرى زايە بولماي تېز كۆكلەيدۇ ۋە تۇتىدۇ ، بىر قانچە يۈز يىل ياشايدۇ ، ياغىچى مەزمۇت ، مۇستەھكەم بولىدۇ . ئۆز دەۋرىدە «تاغ سەبرىسى» دەپ ئاتالغان ئارتۇچ دەرىخىنى چىرايلىق قىزلارغا ئوخشىتىپ شېئىر - داستانلار يېزىلغان . ئارتۇچ دەرىخى ئالتىن ئاتۇشتىكى تەڭگىتاغدىن ئاغۇ (ئىككى تاغ ئارىسى ) ئارقىلىق كېلىدىغان قىران دەرياسى بويىدىن باشلاپ ، بارچۇق ، ئازاق ، تېجەن سايلىرىدىن تارتىپ ، ھەتتا ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ھەممە يېرىدە باراقسان ۋە كۆپ بولغاچقا ، ئەل تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئۇ دەرەخكە «ئارتۇچ» دەپ نام بەرگەن دېيىلىدۇ .

ئالتىن ئاتۇشتا تارقالغان «ئۆلمەيدىغاندەك تىجارەت قىل ، ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل» دېگەن سۆز ئالتىن ئاتۇش خەلقىنىڭ ھايات پىسخىكىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئالتىن ئاتۇشتا مۇنبەت يەر ئاز ، ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن ، ئەسىرلەردىن بېرى ئالتىن ئاتۇش خەلقى يەرگىلا تايىنىۋالماي ، تىجارەت قىلىشتەك چىقىش يولىنى تاللىۋالغان . ئۇلار ئالتىن ئاتۇشتىن باشقا رايونلارغا ، ئوتتۇرا ئاسىيا ، ئوتتۇرا شەرق ··· قاتارلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا چىقىپ تىجارەت قىلىش بىلەن بىرگە ، ئۇ جايلاردىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتلارنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆرۈپ يەتكەن .

ئالتىن ئاتۇش خەلقىنىڭ ئاساسىي كەسپى دېھقانچىلىق ۋە بوز توقۇش بولۇپ ، چارۋا ماللار ئاز بېقىلىدۇ . يەرلىك سانائەتتە قول ، پۇت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ئاددىي توقۇش ئۈسكۈنىلىرىگە تايىنىپ ، چەكمەن ، ماتا ، سەرگەز ، شاتىۋا ، كېتەكچە ۋە ئاق ماتاغا گۈل بېسىپ قىلىنىدىغان تۈرلۈك رەڭدىكى يىپ

ماللار توقۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ باھاسى ھەر خىل بولغاچقا، ئوتتۇرا- ھال كىشىلەر ۋە يۇرت بەگلىرى چەكمەن رەختنى سېتىۋېلىپ كىيىشىدۇ. كەمبەغەللەر ئەرزانىراق خام رەختلەرنى، ئاياللار شا- تىۋانى سېتىۋېلىپ كىيىم ـ كېچەك تىكىپ كىيىدۇ. قەشقەر ۋە ئالتىن ئاتۇشتا سېتىلىدىغان ماللار ئىچىدىكى چەت ئەل گەز- ماللىرىنى بايلار، ئەمەلدارلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى سېتىۋېلىپ كىيەتتى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلارنى سېتىۋېلىپ كىيىشكە قۇربىتى يەتمەيتتى. بۇ ھەقتە ئالتىن ئاتۇشتىكى توقۇش ئۇستى- لىرى ئارىسىدا «بەگكە چەكمەن، پۇقراغا خام توقۇيمىز» دېگەن تەمسىل تارقالغان. بۇ خىل رەختلەر يىپتىن توقۇلغاچقا، ئالتىن ئاتۇش رايونىدا ئاياللار چاق ئېگىرىپ، يىپنى بازارغا ئاپىرىپ ھۈنەرۋەنلەرگە سېتىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولغان.

ئالتىن ئاتۇشنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدىكى ئاياللارنىڭ يازدا بىرەر كەڭرەك ھويلىغا ياكى ئۆستەڭ بويىغا، ئۈجمە ياكى ئۆرۈك دەرىخىنىڭ سايىسىغا كىگىز سېلىپ سالقىندىغاچ ئولتۇرۇپ، قىش كۈنلىرى چوڭ ئايۋانغا يىغىلىپ ياكى ئۆگزىگە كىگىز سېلىپ ئاپتاپسىنغاچ چاق ئېگىرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئادەتتە 10 ــ 20 چاقچى جۇۋانلار چاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئېگىرىدىغان پاختا ـ يۇڭلىرىنى ئېلىپ كېلىشەتتى. بەزىلەر پاختا ئۇشلاپ (پىلتىلەپ) بېرىدىغان بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلەتتى. ئۇلار كۈندۈزى «پاتىمەم»، «سارىخان»، «سەلىمەم»، «شازادىخان»، «مىراجىخان»، «لەيلىگۈل» قاتارلىق خەلق ناخ- شىلىرى بىلەن «چاچ قوشىقى» نى، ئاخشىمى «يۈسۈپ ـ ئەھ- مەد» قاتارلىق خەلق داستانلىرى بىلەن ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى، بەزىدە «مەۋلۇت ناخشىلىرى» نى ئېيتىش ۋە ئاڭلاش بىلەن كۈن بويى يىپ ئېگىرەتتى. بەزى داستانلارنىڭ تەسىرلىك، ئېچىنىش- لىق يېرىگە كەلگەندە، يىغا ـ زار قىلىشىپ كېتەتتى. ئۇلار تاكى يېرىم كېچىگىچە ئۆيلىرىگە قايتمايتتى. كېلىن ـ قىزلىرىنى ئىزدەپ كىرگەن بوۋايلارمۇ ھويلىغا بىردىن ـ ئىككىدىن يىغى-

لىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئاڭلىشاتتى . چاق ئېگىرىدىغان ئايال ۋە چوكانلار قولى ھارغاندا ئىشنى توختىتىپ ئارام ئالغۇچە ، ئۆزئارا چاقچاقلىشىپ ، مۇنداق بېيىت ـ قوشاقلارنى قېتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىشاتتى :

ئىلىغا چىقىپ كەتتى ،
يول بىلمەيدىغان باللار .
سودىسىنى قىلالارمۇ ،
چالا سودىگەر باللار .

ئاي بىلەن كۈننى ئەۋەتتىم ،
مېھرىبان يارىم ساڭا .
ئايمۇ ياندى ، كۈنمۇ ياندى ،
ھېچ خەۋەر يوقتۇر ماڭا .

كاتتايلاق يولى [1] چۆللۈك ،
ئىچسەم سۇلىرى سۆللۈك .
ئەجەبمۇ ئۆز ياراشىپتۇ ،
قايتارما سېرىغ كۆڭلەك .

ئالما بەردىم يارىم ئامراق بولارمىكىن دەپ ،
بېھى بەردىم يارىم بېرى كېلەرمىكىن دەپ .
ئالما سوغۇق ، بېھى ئىسسىق مۆتىدىل بولار ،
يۈرىكىم جىغىلدايدۇ ئىلىغا كېتەرمىكىن دەپ .

ئۇلۇغ ـ ئۇلۇغ سۇلار كەلدى كۆۋرۈك سىلىڭلار ،
قىزىل ـ قىزىل ئالما كەلدى تۇتۇۋېلىڭلار .

---

① كاتتايلاق — ئالتىن ئاتۇشتىكى يېزا نامى .

تىكەندەك بىر جانىمنى پاتقۇزمىدىڭلار ،
ئوتتۇراڭلىدىن چىقىپ كېتەي ، قاراپ قېلىڭلار .

ئالتىن ئاتۇشتا بىرەر كىشى ئەر ئۆي ئىگىسىنى ئىزدەپ بارسا ، ئۇ ئائىلىدىكىلەر : «تاغ ئارقىسىغا كەتتى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ . بۇ «ئىلىغا كەتتى» ياكى «باشقا يۇرتلارغا كەتتى» دېگەنلىك . ئالتىن ئاتۇشتا مۇنبەت ، هوسۇلدار يەر ئاز بولغاچقا ، ئەر خەقنىڭ كۆپىنچىسى سىرتتا تىرىكچىلىك قىلىدۇ . خوتۇن ، بالا ـ چاقىسىنى يۇرتقا تاشلاپ كېتىپ ئۆيىگە قايتالمايدىغانلىرىمۇ كۆپ . يۇرتتا ئىشقا يارىمايدىغان قېرىسالار هەم خوتۇن ـ قىزلار قالىدۇ . ئادەتتە ئۆينىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى خوتۇن ـ قىزلار قىلىدۇ . ئۇلار كىيىم تىكىدۇ ، يىپ ئېگىرىپ بۆز توقۇيدۇ ، بازارغا بېرىپ سودا قىلىپ پۇل تاپىدۇ ، بالىلىرىنى باقىدۇ ، تويغۇزىدۇ ، كىيىندۇرىدۇ ، دېهقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك قىلىدۇ ، تۇگمەن باقىدۇ . بۇنداق يېزا ئاياللىرى ئادەتتە ئەرلىرىدىن كۆپ ئىشلەيدۇ ، ۋىجدانلىق ، ئاق كۆڭۈل ، توغرا سۆزلۈك كېلىدۇ ، هىيلە ـ مىكىر ، خىيانەت قىلمىشى كەم كۆرۈلىدۇ ، يولدىن چىققانلىرى ئاز ئۇچرايدۇ .

ئالتىن ئاتۇش رايونىدا 11 ـ ئەسىردە دەهشەتلىك كەلكۈن كەلگەن . «تارىخى هىجرىيىنىڭ 670 ـ يىلى (مىلادىيە 1270 ـ 1271 ـ يىللىرى) چاغاتاي خانىنىڭ قەشقەردىكى هۆكۈمدارى قوراخان دەۋرىدە ئالتىن ئاتۇشقا شىمالدىكى ئاغۇ تاغ ئېغىزىدىن دەهشەتلىك سەل سۇ كېلىپ ، 35 كۈن داۋام قىلغان ... بۇ رايوندىكى بارلىق ئۆي ـ ئىمارەت ، شەهەر سېپىللىرى سۇ ئاستىدا غەرق بولۇپ ، دەل ـ دەرەخلەردىن ئەسەر قالماي سايغا ئايلىنىپ كەتكەن»[1] . تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ كەلكۈن نۇر-

[1] قەشقەرلىك ئىمىرهۇسەيىن قارىهاجىم : «تارىخى ئەسەر ۋاقىئەئى كاشغەر» 1954 ـ يىلى قولىيازما نۇسخىسى .

غۇن كىشىلەرنى ئېقىتىپ كەتكەن . تاغدىكى پادىلارنىڭ گەندىلد-
رىنى ئېقىتىپ كەلگەن كەلكۈن سۈيىنىڭ ناھايىتى قاڭسىق بەد-
بۇيى ، ئېقىپ كېلىۋاتقان قوي ـ كالا ، مال ـ مۈلۈك ، ياغاچ
ـ تاش ، كىشىلەرنىڭ سۇدىن چىقالماي ۋارقىرىغان ئاۋازى ،
بۆشۈكتىكى بوۋاقلارنىڭ سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتانلىقىدەك پاجىئە-
لىك مەنزىرىلەر شەكىللەنگەن . بىر قىسىم كىشىلەر دەرەخكە ،
ئۆگزىلەرگە چىقىۋالغان ، كۆپ قىسمى ئۆلگۈرەلمەي كەلكۈن
سۇدا ھالاك بولغان .

كەلكۈندىن ئامان قالغانلار ئۆز قېرىنداشلىرىنى نەدىن ئىز-
دەپ تېپىشنى بىلمەي يىغا ـ زار قىلىشقان ، ھەممە ئادەم بىلگە
ماتەم بەلۋېغى باغلىغان . بەزىلەر دەريا لېۋىدىكى سۇ بېسىپ
كەتكەن ئورۇنلاردا لاي ـ لاتقىلارنى ، بەزىلەر ئالتىن ئاتۇشنىڭ
جەنۇبىدىكى دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىنى ئاختۇرۇپ ، قازا بولغان
قېرىنداشلىرىنى تاپقان . ھايات قالغان كىشىلەر كەلكۈندە ئېقىپ
كەتكەنلەرنى ئىزدەپ تېپىپ ۋە بىر يەرگە جەملەپ نامىزىنى
چۈشۈرۈپ ، يەرلىكىدە قويۇشقان . ئاشۇ قېتىملىق دەھشەتلىك
كەلكۈندە ، بوغاز دەرياسىنىڭ ئەسلي ئېقىنى بولغان «باچاق
ساي» دىن دەريا ئېقىنى يۆتكىلىپ ، تېجەن بىلەن بويامەت كەنت-
لىرى ئارىسىدا ئېقىن سايلار شەكىللەنگەن . بۇ ئاپەت تۈپەيلىدىن
ئالتىن ئاتۇشتىكى ئېكىنزارلىقلار لاي ئاستىدا قالغان . ئېغىر
مۇسىبەت ، ئاچارچىلىق ئالتىن ئاتۇشنى قاپلاپ كەتكەن . بۇ دەھ-
شەتلىك كەلكۈن ئالتىن ئاتۇشتىكى نەچچە مىڭلىغان ئادەمنىڭ
جېنىغا زامىن بولۇشتىن باشقا ، ئۇلارنىڭ ئۆي ـ ۋاقا ، چارۋا
ماللىرىنى ۋەيران قىلغان .

ھىجرىيە 842 ـ يىلى (مىلادىيە 1438 ـ 1439 ـ يىللد-
رى ) قاتتىق يەر تەۋرەپ ، ئالتىن ئاتۇش رايونى پۈتۈنلەي ۋەيران
بولۇپ ، نۇرغۇن كىشى ھالاك بولغان . شۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش-
تە ، قاتتىق زىلزىلە تۈپەيلىدىن تېرەكنىڭ ئۇچى يەرگە تەگكەن ،
يەرلەر چاك كېتىپ ، يېرىلىپ كەتكەن . نۇرغۇن كىشىلەر ، ھەتتا

تۆگمەنگە بارغانلار ئېشەك بىلەنلا يېرىلغان يەر ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن . يەر تەۋرەش توختىغاندا ، كىشىلەر يەر يېرىقلىرىغا كىرىپ كەتكەن كىشىلەرگە ئارغامچا تاشلاپ قۇتقۇزۇۋالغان .

كەلكۈن ۋە يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ دەھشەتلىك بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئالتىن ئاتۇش رايونى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان ، سۇلتانلارنىڭ گۈمبەزلىرىمۇ يىقىلىپ ، شۇ پېتى 60 يىل تۇرغان . مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ، ئالتىن ئاتۇشتىكى مەشھەد چىلبۆرىلەرنىڭ ئۇۋىسى ، بۆركۈتلەرنىڭ شىكارگاھى بولۇپ ، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىسكىلىتلىرى بىلەن تولغان خارابىزارلىققا ئايلانغان . ئاشۇنداق ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئۆزگىرىشى بىلەن ئارتۇچ دەرىخىمۇ ئاتۇش دىيارىدىن مەڭگۇ غايىب بولغان . ھالبۇكى ، بۇ دەرەخ شىنجاڭ رايونىدا ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ ، قاغىلىقنىڭ شىخشۇ ، ئۈششاق باش ، كۆكيار ، گۇما ناھىيىسىنىڭ كىلىياڭ قاتارلىق تاغلىق يېزىلىرىدا ھېلىھەم بۈك ـ باراقسان بولۇپ ئۆسمەكتە .

دەھشەتلىك تەبىئىي ئاپەتنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر 12 ـ ئەسىردە ياسالغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنىڭ ئورنىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشكەن . ئۇلار تاقۇت تەرەپتىن چارۋامال پادىلىرىنى ھەيدەپ ، مەشھەد تامانىغا ماڭدۇرغان . مال پادىلىرى مەشھەدتىكى بۇ قەبرىگاھنىڭ ئەسلىي ئورنىغا كەلگەندە ، بىر يەرگە يىغىلىپ ، ئاندىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ قەبرىگاھنىڭ ئەسلىي ئورنىنى يانداپ ماڭغان . جامائەت «بۇ ئورۇن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىگاھىكەن» دېيىشكەن يەرگە ئاددىي قەبرە قاتۇرۇلغان .

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قەشقەردە ۋالىيلىق قىلىۋاتقان ئوغلى سوپى سۇلتانغا يازغان نامىسىدە : «پەرزەندى چۈمەن دارىم ، بۇزرۇكۋار سۇتۇق بۇغراخان غازى پادىشاھىم ، پەزىلەتلىك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ مەقبەرە گۆرىستانىنى تەمىر ئەيلەپ ، كىتابلار يازدۇرۇپ ، ۋەخپە قىلىپ ، نامە ئەزىزىمدىن سەلتەنىتى-

مىزنىڭ ئىقبالىنى فۇزۇن ئەيلىگەيسىز » دەپ تەۋسىيە قىلغانىكەن . شۇنىڭ بىلەن «ھەزرەت سۇلتان» قەبرىگاھى چوڭ رېمونت قىلىنىپ ، قەبرىگاھنىڭ يېنىغا خانىقا مەسچىت ياسالغان .①

## 3

بۇ كۈنى ئاخشىمى شاۋاز قارىي جامەنىڭ ھۇجرىسىدا ئۇخلاپ ، تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ تەرەت ئېلىپ ، ئاغىنىلىرىنى باشلاپ مەسچىتكە چىقتى . ئىلگىرى ـ كېيىن يىغىلغان جامائەت بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، شاۋاز قارىينىڭ «سۈرە ياسىن» نى فەسىھ ئاۋاز بىلەن باشلاپ تاماملىغان تەجۋىتكە مۇۋاپىق قىرائىتىدىن خۇشنۇد بولۇشتى . ئەمما ، مېھرابتا ئولتۇرغان ئابدۇرەھمان خاتىپ : «مۇنچىۋالا ئۇزاق ئوقۇغانمۇ بارمۇ ؟ » دەپ غودۇڭشىپ قويدى ، ئېھتىمال ئۇنىڭ يۈرىكىگە ھەسەت ئوتى تۇتاشقاندۇر .

بامدات نامىزىدىن يانغان جامائەت «ھەزرەت سۇلتان» قەبرىگاھى بىلەن «شاھ قەبرىستانلىقى» تەرەپكە يۈزلىنىپ ، پىچىرلىشىپ ئۇزاق دۇئا قىلىپ تارقاشتى . «ھەزرەت سۇلتان» جامەسىنىڭ يېنىدىكى ئۈچ مو دائىرىدە «شاھ قەبرىستانلىقى» بولۇپ ، ئۆزىنى «مازار خەلقى» (غوجىلار ) ياكى «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادى بىز » دەپ ئاتىۋالغان بىر شەيخنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ قەبرىستانلىقتا قاراخانىيلارنىڭ مۇھىم دۆلەت ئەربابلىرىدىن شېھىت بولغان ۋە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان خان جەمەتىدىن ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولغان

---

① سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى ھىجرىيە 1246 ـ يىلى (مىلادىيە 1830 — 1831 ـ يىللىرى ) يەنە ئىسلاھ قىلىنىپ ياسالغان ، لېكىن 1902 ـ يىلىدىكى يەر تەۋرەشتە بۇزۇلۇپ ، 1957 ـ يىلى مەرھۇم سەلەي داموللاھاجىم يېتەكچىلىكىدە قايتا ياسالغان . 1000 يىلدىن بېرى ئىككى قېتىم چوڭ يەر تەۋرەش ، ئۈچ قېتىم زور كەلكۈننىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلى قايتا ـ قايتا ياسالغان بۇ قەبرىگاھ ئەسلىي ئورنىدىن ئازراق يۆتكەلگەن . ھازىرقى قەبرىگاھ 1875 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك مەلۇم ئالىم تەرىپىدىن تارتىلغان سۇتۇق بۇغراخان گۈمبىزىنىڭ فوتو سۈرىتى بىلەن سىزما رەسىمىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىغا ئاساسەن 1999 ـ يىلى ياسالغان . ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئاسارئەتىقە ئورنى .

كىشىلەر قويۇلغانىكەن .

شاۋاز قارىي ئۆزى يالغۇز بىر بىسىپ ـ ئىككى بىسىپ «ھەزرەت سۇلتان» قەبرىگاھى ئالدىدىكى چوڭ كۆلنىڭ بويىغا كەلگەندە ، ئالدىنقى قېتىم كۆرگەن ھېلىقى قىزنىڭ كۆلدىن كوزىغا سۇ ئۇسۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇنىڭ ئەزايى بەدىنى سىمابتەك ئېرىپ ، پۇتكۈل ۋۇجۇدىنى ئىللىق بىر ئېقىم ئەسىر قىلىپ ، يۈرىكە لاپ قىلىپ ئوت ئېلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى . ئاڭغۇچە ھېلىقى قىز بۇلدۇقلاپ تولغان كوزىنى سۇدىن ئېلىپ كۆلنىڭ لېۋىگە قويۇپ بېلىنى رۇسلىشى بىلەن تەڭلا جەزبىلىك شەھلا كۆزى شاۋاز قارىينىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان قامىتىگە چۈشتى . ئۇ «ئۇھ» دەپ تىنىپ ، ئۇيالغىنىدىن نەزەرىنى يۆتكەپ كۆل بويىدىكى مەجنۇنتال تەرەپكە قارىۋالدى . شاۋاز قارىي ئەدەپ بىلەن سورىدى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاتۇش قىزى ، ئىسمىلىرى نېمە ؟

— ئېتىمما ؟ مېنىڭ ئېتىم گۇلخۇمار . سىلى زىيارەتچىلەر كەلگەن كۈنى «ھەزرەت مازار» دا قۇرئان تىلاۋەت قىلغان ھېلىقى قارىي يىگىت بولامدىلا ؟

— ھەئە ، مەن شۇ .

— بىزنىڭ ھويلىمىز «شاھلار كوچىسى» دىكى① ئاشۇ كۆرۈنگەن باغ ئىچىدە ، مەن··· — گۇلخۇمار يىراقتىن دادىسىنىڭ قارىسىنى كۆردى ـ دە ، گەپنى ئۈزۈپ ، كىچىككىنە ئاغزىنى چىلەك يۇمغىنىچە قىزىرىپ ، پارقىراپ تۇرغان كوزىنى مۈرىسىگە ئارتىپ ئۆيى تەرەپكە مېڭىپ كەتتى .

گۇلخۇمار ئەتراپقا قارىماي ، كوزىنى كۆتۈرگەنچە تېز ـ تېز ماڭاتتى . مەڭزى قىزىل ، قاراچاچ ، قوي كۆزلۈك گۇلخۇمار ئىشىك ئالدىغا بارغاندا كەينىگە لەپپىدە قاراپ ، شاۋاز قارىينىڭ

① مەشھەدتىكى «شاھلار كوچىسى» دەپ ئاتالغان مەھەللىدە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئائىلە تەۋەسى ئولتۇراقلاشقان . بۇ كوچا ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بازىرخان ، خاقان ئوغۇلچاق بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك .

تىخىچە كۆل بويىدا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى . قىز- مۇ ، كوزىسىمۇ چىرايلىق كۆرۈنگەن شاۋاز قارىي بىرھازا ھاڭۋې- قىپ قاراپ تۇردى . ئاخىر گۇلخۇمار كۆزدىن غايىب بولغاندا ، ئۇنىڭ بىر جۈپ قارا كۆزى ، بۇدرۇق قولى ، ئاپئاق چىرايى كۆز ئالدىغا كەلگەن شاۋاز قارىينىڭ ئىچى تاتلىق بولدى . قىزنىڭ بايىقى سۆزلىرى قۇلىقىغا يېقىملىق ئاڭلانغان شاۋاز قا- رىي ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالەتتە بىرھازا تۇرۇپ ، ھۇجرىغا قايتىپ كەلدى . لېكىن ، بۇ كۇنى زىيارەتچىلەرنىڭ زىيارەت رەسىم - رۇسۇللىرى ، قىزىقارلىق ئويۇن - چاقچاقلىرى ئۇنىڭغا ياقمىدى . شاۋاز قارىي ئۆز - ئۆزىگە : «مەن نېمە بولدۇم ، ئۆزۈمنى ھىجرى پىراقىقا ئالدۇرۇپ قويدۇممۇ نېمە ؟ » دەپ ، ئىچ - ئىچىدىن چىققان يىغىنى باسالماي بۇقۇلداپ كەتتى . يىراقتىن چېلىنغان نەينىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئۇنىڭ يىغىسىغا جور بولدى .

شاۋاز قارىي شۇ كۇنى كېچىسى چۈشىدە گۇلخۇمارنى كۆر- دى . ئۇ قىز كۆل بويىدا كوزىغا سۇ ئۇسسۇۋاتقان ھالدا كۇلۇپ باقتى . شاۋاز قارىي قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ : «بىردەم تۇرسىڭىز بولمامدۇ ؟ ئانىڭىز ئۇرۇپ كەتمەس» دېۋىدى ، گۇلخۇمار كوزىنى يەرگە قويۇپ ، ئەتراپىغا قارىۋېتىپ : «ئانام مېنى پەقەت ئۇرۇپ باقمىغان» دەپ كۆزلىرىنى تال - تال كىرپىكى ئاستىغا يوشۇر- دى ، ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقىمۇ بەك ئوماق ئىدى . بىرەر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندە ، گۇلخۇمار ئالدىراپ كوزىنى مۈرىسىگە ئارت- قىنىچە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ قاچاتتى . شاۋاز قارىي تەلپۈنۈپ قولىنى سوزۇۋىدى ، گۇلخۇمار لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ ھاۋادا مۇئەللەق تۇ- رۇپ كوزىنى كۆتۈرۈپ ، كۈمۈش قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋازدا «قېنى يامان بولسىڭىز مېنى تۇتۇۋېلىڭ» دېدى . شاۋاز قارىي ئازراق كۆتۈرۈلۈپ قولىنى سۇنۇۋىدى ،قولى يەتمىدى ، سېكىلى- كىدىن تۇتۇۋالماقچى بولۇۋىدى ، گۇلخۇمار بىرلا چىرقىراپ كۆل- گە چۈشۈپ كەتتى ، شاۋاز قارىي «ئاپلا» دەپ تاشلىدى . ئۇنىڭ

ئوڭ يېنىدا ياتقان ھەمراھى «نېمە بولدۇڭ؟» دەپ نوقۇدى، سول تەرىپىدىكىسى «ئادەمنى ئۇخلاتماي . . .» دەپ غۇدۇرىدى.

ئەتىسى ناماز بامداتتىن يېنىپ، شاۋاز قارىي يەنە چوڭ كۆل بويىغا چىقتى. چۈنكى، ئۇ گۈلخۇمارنى كۆل بويىدىلا كۆرەلەيتتى. شاۋاز قارىي چوڭ كۆل بويىدىكى بىر تۈپ سۆگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، كۆلگە چالما ئاتتى. سۇدىن چىققان «چولتۇك» ئاۋازدىن ھۇزۇرلاندى. ئۇ گۈلخۇمارنىڭ ئۆيى تەرەپكە پات ـ پات قاراپ قويۇپ، چوڭ كۆلگە قاراپ ئولتۇرۇۋەردى. مەجنۇنتال، سۆگەت، تېرەكلەرنىڭ ئەكسى سۇدا جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئەتىگەنلىك سەلكىن شامال كۆلدىكى سۇ يۈزىنى سۆيۈپ ئۆتتى، يېڭى چىققان قۇياش سۇدا ئەكسلەندى، ئەمما گۈلخۇمار سۇغا چىقمىدى. شاۋاز قارىي ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ، يوڭ بەلۋېغىنى چىڭىتىپ قويۇپ، ئۆز ھۇجرىسىغا مېڭىپ كېتىۋېتىپ، يەنە گۈلخۇمارنىڭ ئۆيى تەرەپكە قايرىلىپ قارىدى.

شاۋاز قارىينىڭ كۆزىگە گۈلخۇمار ئۇزۇن چېچىنى ئۇششاق ئۆرۈپ، قىزىل تاۋار كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە يېشىل جىلىتكە كىيىپ، چىرايلىق كوزىنى مۈرىسىگە ئارتىپ يولدا يېنىك دەسسەپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. قىزنىڭ ئەۋرىشىم بويى، پېشانىسىدىكى تەكشى سېكىلەك چېچىغا قاراپ شاۋاز قارىينىڭ ئىچى كۆيدى. ئۇنىڭ كۆزى گۈلخۇمارنىڭ قەدىمى بىلەن تەڭ ماڭدى، قەدەم رىتىمىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ يۈرىكى سوقتى. گۈلخۇمارنىڭ كۈلۈشى شۇنداق تاتلىق، كۆڭلى شۇنداق ساپ ئىدى، كېيىكنىڭكىدەك قاپقارا كۆزلىرى چۆچۈپ تۇراتتى. چوڭ كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېگىشىپ كوزىنى سۇغا سالغاندا، چېچى مۈرىسىدىن سىيرىلىپ ئالدىغا چۈشكەن قىز بۇدرۇق قولى بىلەن چېچىنى ئارقىسىغا تاشلىدى. شاۋاز قارىي ئۇنىڭ چېچىنى تۇتۇپ تۇرغۇسى كەلدى، بىراق ئۇ كۆزلىرىنى بىر يۇمۇپ، قايتا ئاچقىنىدا گۈلخۇمار كۆرۈنمىدى. شاۋاز قارىي ئاشۇ كېچىدە كۆرگەن چۈشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن كۈندـ

لەرنى باش - ئۈچى يوق خىياللار دۇنياسىدا ئۆتكۈزدى .

* * *

بۈگۈن گۈلخۇمار هاممىسى سارىخان بۇۋى بىلەن بىللە كەڭ باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ پىشقان «شاخ مانتىسى» ئەنجۈرلەرنى ئۈزۈپ چىغدا توقۇلغان سېۋەتلەرگە قاچىلاۋاتاتتى . ئۇلار سېۋەت-لەرنى لىقمۇلىق تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، گۈلخۇمار كىچىك چىغ سېۋەتكە ئەنجۈرنىڭ كۈنگەيدە پىشقان ۋە شىرنىسى يۈرنىدىن ئاققانلىرىنى تاللاپ قاچىلاپ :

— هامما ، بۇنى كۆل بويىدىكى گۈللۈك ئارىسىغا تىقىپ قويسىلا ، مۇزدەك تۇرسۇن ، مەن سىلىگە لازىمنى كېيىن دەي-مەن ،— دېدى .

مېھرىبان هاممىسى ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىش بىلەن رازىلىقىنى بىلدۈردى . گۈلخۇمار تولدۇرۇلغان سېۋەتلەردىكى ئەنجۈرلەرنى ئىككى قولى بىلەن بېشىدا كۆتۈرۈپ ، تاۋۇسنىڭ يۈرۈشىدەك رەپتار بىلەن يۈرۈپ ، هويلىغا ئېلىپ كەتتى . خىز-مەتنى جايىغا يەتكۈزگەن سارىخان بۇۋى بىر سېۋەتتىكى ئەنجۈرنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كەينىدىن هويلىغا كىرىپ ، كۆز ئىشارىسى بى-لەن ئەنجۈرنى گۈللۈككە قويغانلىقىنى بىلدۈردى . گۈلخۇمار قا-راپ تەبەسسۇم قىلدى . ئۆيدىكىلەرنىڭ هەممىسى «هەزرەت سۇل-تان» غا زىيارەت ئۈچۈن كەلگەن خالىس مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن داستىخان تەييارلىقىنى قىلىشماقتا ئىدى .

ئابدۇرەهمان خاتىپنىڭ توققۇز ياغاچلىق ۋاسادەمىيان (يەك-كە ۋاسلىق ) قىلىپ سېلىنغان چوڭ مېھمانخانىسىنىڭ ئىچى قىپقىزىل چوغدەك ياسالغانىدى . خاتىپ هەرقايسى يۇرتلاردىن «هەزرەت سۇلتان» مازىرىغا زىيارەتكە كەلگەن يۈز ـ ئابرۇيلۇق مېھمانلارنى تاللاپ چىللاپ ، ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى . سالام ـ سەهەتتىن كېيىن قولغا سۇ بېرىلىپ ، تام ياقىلىتىپ سېلىنغان

كۆرپىگە باشلاندى . ئوتتۇرىغا ھەمزەك داستىخان كەڭ يېيىپ
سېلىندى . ئاياقلارغا سېلىنغان بىر توققۇزدىن ھەمەك ، كاكچا ،
قاتلىما ، توقاچلار تىزىلغان مەزەلەر ، ھېجىر ـ پىلچەكلەرگە
ئۇسۇلغان بىر توققۇزدىن ئۇجمە شىرنىسى ، بۇغداي ۋە كەندىر
قومىچى ھەم ئۇستىگە بىر توققۇزدىن پىشۇرۇلغان تۇخۇم گېزەك-
لىرى ، ھېجىرلاردا ئەتكەن چاي ، ئاندىن ساپال تەخسىلەردە مۇز-
دەك ئەنجۇر ، ھۇسەيىن ئۈزۈم ، ئاتۇش كۆكچىسى ، بېشەكشې-
رىن ، قوزىۋاي تاۋۇزلار تىزىلىپ ، شۇنچە كەڭ داستىخاننىڭ
يۈزى كۆرۈنمەي قالدى . ساھىبخان مەغرۇر سالاپەت بىلەن :
— قېنى مېھمانلار ، بەھۇزۇر باقىلى ،— دەپ تەكلىپ قىلا-
دى .
— خوش تەقسىر ، ھىممەتلىرىگە رەھمەت ،— دېدى ھەممەي-
لەن ئابدۇرەھمان خاتىپقا قارىشىپ ، ئاندىن داستىخانغا بەھۇزۇر
قول ئۇزىتىپ تاماققا ئېغىز تېگىشتى .
ئابدۇرەھمان خاتىپ ئۆز كۆڭلىدە مېھمانلارنى كۆڭۈللۈك
كۈتۈۋېلىشقا تەمشىلەتتى . نانۇشتەلىك سىنچايدىن كېيىن داستى-
خانغا قايماق پوشكىلى ، ئۇنىڭدىن كېيىن پېتىرمانتا كەلتۈرۈ-
لۈپ ، مېھمانلار ئىشتىھا بىلەن تاناۋۇل قىلدى . ئەڭ ئاخىرىدا
ئىككىيلەن قۇلىقىدىن تۇتقانچە ھويلىدىن كۆتۈرۈپ ئەكىرگەن
يوغان تەڭنىدىكى پىشقان قوي گۆشىنىڭ دىرىلدەپ تۇرغان قۇي-
رۇق يېغى بىلەن گۆشىنىڭ مەززىلىك ھىدى مېھمانخانا ئۆينى
بىر ئالدى . تىغى قىرودەك پارقىراپ تۇرغان چوڭ نېرىن پىچىقى
قويۇلغان تەڭنىنى ساۋۇت چەبدەسلىك بىلەن ئېلىپ يالغۇز كۆ-
تۈرگەنچە ئەكېلىپ غاپپار بۇكەل[1] نىڭ ئالدىغا قويدى . غاپپار
بۇكەل ھەش ـ پەش دېگۈچە تەڭنىدىكى گۆشنىڭ بويۇن ، تۆشلى-
رىنى ئاجرىتىپ ، ئۇستىخاننى مېھمانلارغا تارتۇقلىدى . يەنە ئىك-
كى كىشى ئاتۇش نېرىنى ئۇچۇن گۆش توغرىدى . ھېجىرلاردىكى

① بۇكەل — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «يىگىتۋېشى» دېگەنلىك .

شورپا ، توغرالغان پىياز ، قېتىق سىلىنغان چۆپ ، نېرىن گۆش ئارىلاشتۇرۇلۇپ ، ئاتۇش نېرىن چۆپى داستىخانغا قويۇلدى . مېھمانلار ئارقا ـ ئارقىدىن كەلتۈرۈلگەن نېمەتلەردىن تويغۇچە ئېغىز تېگىپ ، ساھىبخانىنىڭ مېھماندوستلۇقىدىن تولىمۇ رازى بولۇشتى .

شۇ كۈنى «ھەزرەت سۇلتان» غا كەلگەن زىيارەتچىلەر ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشقا تەرەددۇت قىلىشتى . شاۋاز قارىي : «يەنە ئازراق ئىشىم بار» دەپ ، يۇرتتىن بىللە كەلگەن ھەمراھلىرىنى ئۇزىتىپ قويدى . جامە ھۇجرىسىدا يېتىپ ـ قوپىدىغان ئادەم ئاز قالغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ خاس ھۇجرىدىن بىرنى ئىگىلىدى .

* * *

باغدىن چىققان گۈلخۇمار خۇشخۇيلۇق بىلەن ئۆي ئىچىدىكى ھامىمىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ ، قولىدىكى ئەنجۈر يوپۇرمىقى ئۈستىگە قويۇلغان بىر جۈپ ئەنجۈردىن بىرىنى ئېلىپ :

— سارە ئانا ، بۈگۈن سىلى مېھمانلارغا قارايمەن دەپ ناشتىمۇ قىلمىدىلا ، قېنى چىشلىسىلە ،— دەپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تۇتۇدى ۋە بىرىنى ئۆزى كىچىك ـ كىچىكتىن چىشلەپ يېدى . سارە ئانا يوق چىشلىرى بىلەن بىرتال ئەنجۈرنى يالماپ تۇرۇپ :

— بالام ، نېمە ئانچىۋالا ئەركىلەيسەن ؟— دېيىشىگە گۈلخۇمار ئىما بىلەن ئۇنى كات تۈۋىگە تارتىپ :

— مەن سىلىدىن تولىمۇ ھايا قىلىمەن . ئەمما ، بىر گېپىم بار دەيمۇ ـ دېمەيمۇ ؟— دېدى .

— سەن ھەرقانداق گېپىڭنى ماڭا دېمىسەڭ كىمگە دەيسەن ؟ رەھمەتلىك ئاناڭدىن قالغاندىن بۇيان سېنى مەن ئېمىتىپ باققان تۇرسام .

— ئۇنداق بولسا ، ھېلىقى گۈللۈكتىكى ئەنجۈرنى . . . — دەپلا ، گۈلخۇمار تېنەپ ـ تەمتىرەپ توساتتىن يىغلاپ سالدى .

— جىنىم قىزىم نېمىشقا يىغلايسەن . سەن مۇنداق يىغلىساڭ ، مېنىڭ كۆڭلۈممۇ پاراكەندە بولىدىكەن . مېنى تولا ئەنسىرەتمەي ئۆزۈڭنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ مۇددىئايىڭنى دېگىن ،— دەپ ، سارە ئانا ئۇنىڭ بېشىنى كۆكرىكىگە يېقىپ ، سىيلاپ كۆز يېشى قىلدى ۋە 21 بۇغداي دەپ ، ① ئۆزى ئۆرۈگەن سۇمبۇل چاچلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىيلىدى .

— جىنىم هاما ، مەن بىتەلەي بىچارىنىڭ سىر ـ ئەسرارىنى سىلىدىن باشقا كىشى بىلمەيدۇ . بۇنى دىللىرىدا پىنهان تۇتسىلا ، كىشىلەرنىڭ سۆز ـ چۆچەكىدىن قورقىمەن .

— ساراڭ بولما قىزىم ، مەن تەلۋە ، گۆدەك ، توسۇن تاي ئەمەسمەن .

ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، قىزدا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ قوزغىلىپ ، سىرىنى ئىزهار قىلدى :

— ئەنجۈرنى ياغلىقتا ئوراپ قويغان ئىككى قاتلىما بىلەن ئاستانىدىكى قايسى كۈنى بىز قۇرئان تىلاۋىتىنى ئاڭلىغان قارىي يىگىتكە يەتكۈزۈپ بەرسىلىكەن . ئۇ مۇساپىر كىشى ئىكەن ، ساۋاب بولارمىكىن دەيمەن .

— يا ئاللا سەنمۇ شۇنچىلىك مۆرەيدىكەنسەن ، ئۇز بالام ، بەجانىدىل قىلىمەن ،— دەپ سارە ئانا دىڭگۇسلاپ چىقىپ كەتتى .

سارە ئانا «ھەزرەت سۇلتان» مەسچىتىنىڭ كۆل بويىدىكى ئايۋىنىغا كىرىپ ھۇجرىلارنى بىرمۇبىر ئاختۇرۇپ زىيارەتچىلەر ئارىسىدىن شاۋاز قارىينى ئىزدىدى . ئۇ چەتتىكى ھۇجرىدا بىر يىگىتنىڭ خىشنى بېشىغا قويۇپ ، گۇللىرى ئۆچكەن يىرتىق كىگىز ئۈستىدە ئۇزۇن چاپانىڭ بىر پېشىنى كۆرپە ، بىر پېشىنى يوتقان قىلىپ يېپىنغانچە يەرگە چاپلىشىپ ياتقىنىنى كۆردى .

---

① ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدىسىدە قىزلىق چاچ 21 تال ئۆرۈلىدۇ ، كۆز تەگمىسۇن ئۈچۈن ، چاچنى «بىر بۇغداي ، ئىككى بۇغداي . . .» دەپ ساناشتەك ئەنئەنىۋى ئادەت بار . توبى بولغان كۈندىن كېيىن قىزلارنىڭ چېچى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلىدۇ .

— بالام ، نېمە بولدىڭىز ؟
شاۋاز قارىي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، بەلۋېغىنى باغلايمەن دەپ دەلدەڭشىپ كەتتى ـ دە :
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئانا ، تاۋىم يوق ،— دېدى .
— قاچاندىن بېرى ؟— سورىدى سارە ئانا .
— ئۈچ ـ تۆت كۈن بولۇپ قالدى . ئاپتاپ ئۆتكىنىنىمۇ بىلمەيمەن ، ئىچىم كۆيۈپلا تۇرىدۇ ، ئۇيقۇمۇ يوق . سۇ ، دوغدىن باشقا ھېچ نەرسە گېلىمدىن ئۆتمەيدۇ .
— بالام ، ئىسمىڭىز نېمە ، سىز قەيەرلىك ؟
— ئىسمىم شاۋاز قارىي . ئۆزۈم بەشكېرەمنىڭ ئىتلە كەنتىدىن .
— بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭىز ؟
— «ھەزرەت سۇلتان» نىڭ تاۋاپ زىيارىتى ئۈچۈن ،— شاۋاز قارىي قاتتىق ئاغرىپ تۇرغان بېشىنى چىڭ سىقىمداپ تۇتۇۋالدى .
— ئولتۇرۇۋېلىڭ ئوغلۇم ،— دەپ ئىجازەت قىلدى رەھىمدىل سارە ئانا ، — بالام ، سىزگە بېغىمىزنىڭ ئازراق بولسىمۇ سەھەردە ئۆزگەن ئەنجۈرىدىن ناشتە قىلارمىكىن دەپ ئالغاچ كەلدىم . يەپ كۆرۈڭ ،— ئۇ سېۋەتتىكى ئەنجۈرنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ، قولتۇقىدىكى ياغلىقنا ئورالغان يېڭى قاتلىما بىلەن بىرگە سېۋەتنى شاۋاز قارىينىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى .
— ھەشقاللا ، ئانىكا ،— دەپ شاۋاز قارىي ئورنىدىن تۇردى .
— ئولتۇرۇڭ ، قارىي ئوغلۇم ،— دەپ سارە ئانا قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى ، — ئوغلۇم ، ئەنجۈردىن ئېلىڭ ، مىزاندا پىشقان ، شەبنەمدە ئۆزگەن . ئەنجۈر دەردىڭىزگە داۋا ، رەنجىڭىزگە شىپا بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس .
سارە ئانىنىڭ زورلىشى بىلەن شاۋاز قارىي ئەنجۈردىن بىرنى يېدى .
— ئەجەبمۇ سوغۇق ھەم شېرىن ئەنجۈر ئىكەن ، ئاغزىمغا

تېتىدى .

سارە ئانا «يەنە يەڭ» دەپ ئىلغاپ ، بىر ـ ئىككىنى يېگۈز-دى . شاۋاز قارىي «ئەستاغپۇرۇللا» دەپ تەسلىكتە ئۈچ دانە ئەنجۈرنى يەپ توختىدى .

— قارىي ئوغلۇم ، ئاتا ـ ئانىڭىز بارمۇ ؟

— دادام كىچىكىمدىلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن ، ئەمما مېھرىبان ئانام بار . ئىككىمىز قەدەمجاي كۆلبىمىزدە تىرىكچىلىك قىلىمىز .

— روزىغار قىلدىڭىزمۇ ؟

— يوقسۇ ، تېخى خۇدايىم نېسىپ قىلمىدى .

— يەر ـ سۈيۈڭلار بارمۇ ؟

— ئازراق يەر ـ زېمىن بىلەن باغچىقىمىز بار . ئۇنىڭغا ئەنجۈر ، ئانار ، ئۈزۈم قويۇپ يېتىشتۈرۈۋالغان . يەپ ـ ئىچىپ ئېشىنغىنىمىزنى سېتىپ خىراجەت قىلىمىز . كاج تەلىيىم تاۋاپقا ساۋاب قىلماي بىتاب قىلىپ قويدى . ئانا ، مېنى بۇ يەرگە قانداق بولۇپ ئىزدەپ كەپقالدىلا ؟

— ئۈزاقى كۈن «ھەزرەت سۇلتان» دا سىزنىڭ قۇرئان تىلاۋىتىڭىزنى قىزىم گۈلخۇمار بىلەن ئاڭلىغاندۇق ، كېيىن گۈلخۇمار چوڭ كۆل بويىدا سىزنى ئۇچراتقانىكەن . بۈگۈن ئەتىگەن باغدىن ئەنجۈر ئۈزگۈچە گۈلخۇمار بۇ سېۋەتتىكى ئەنجۈرنى ئۆزى ئىخلاس بىلەن ئۈزۈپ ، سىزگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆتۈن-گەچكە ، ئىزدەپ — سوراپ كەلدىم .

— ئانا ، گۈلخۇمار كىمنىڭ قىزى ؟— شاۋاز قارىي چۆراپ ئورنىدىن تۇردى .

— گۈلخۇمار يۇرتنىڭ كاتتىسى ، «ھەزرەت سۇلتان» جامە-سىنىڭ خاتىپى ئابدۇرەھمان خاتىپ ئاخۇنۇمنىڭ قىزى . ئۇ تولى-مۇ ئەقىللىق ، ئۆز بالا .

— ھە ، ئەمدى بىلدىم . ئۆزلىرى . . . ؟

— مەن گۈلخۇمارنىڭ ھامىسى . قانداق گەپ ـ سۆزىڭىز

بولسا ، ماڭا دېسىڭىز بولىدۇ .

سارە ئانىنىڭ بۇ مەنىلىك سۆزىدىن تەسىرلەنگەن شاۋاز قارىينىڭ يۈزى ئازاردەك قىزىرىپ كەتتى . لېكىن ، ئۇ گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي ، زۇۋانى تۇتۇلغاندەك بولۇپ ، بىرھازا- دىن كېيىن :

— خۇمارگۈلگە مەندىن سالام دەپ قويالا . بىھۆرمەتلىك بولىسمۇ سوۋغا - سالاملىرى ئۈچۈن «ھەشقاللا» دىن باشقا ھېچنېمەم يوق ،— دەپ مەيۈسقىنا يەرگە قاراپ تۇردى .

— خوش بالام ،— سارە ئانا كەينىگە يېنىپ ، — گېپىڭىز تۈگىدىمۇ ؟— دەپ سورىدى .

— گېپىمغۇ تۈگىمىدى ، ئەمما . . . دېيىشكە ئۈيلىمەن .

— ئۈيالغىنىڭىز نېمىسى؟ دەۋېرىڭ ،— دەپ ، سارە ئانا قولىدىكى سېۋەتنى ياغلىقتا چىگىۋېتىپ ئۇنى نوقۇپ قويدى .

شاۋاز قارىي گېلىنى بوغۇۋالغاندەك تەسلىكتە دېدى :

— گۈلخۇمار بىلەن بىر كۆرۈشۈشكە مۇمكىن بولارمۇ ؟

— يا بولار - يا بولماس ، مەن بىر تەرەددۇتنى قىلىپ باقاي . .

## تۆتىنچى باب

# ئاشىقلىق كېسىلى

### 1

چوڭ ئايۋان ئىچىدىكى ساراي ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن چۈشكەن تولۇن ئاينىڭ يورۇقى بەقەسەمدىن تىكىلگەن ئورۇن ئىچىدە ياتقان گۈلخۇمارنىڭ يۈزىنى يورۇتۇپ، بۇ گۈزەل رۇخسارىدىن خىجىل بولغاندەك لاپ قىلىپلا بۇلۇت ئارىسىغا كىرىپ كەتتى ـ دە، دەم ئۆتمەي قايتا چىقىپ ئايۋاننىڭ دېرىزىسىدىن ماراپ، قىزنىڭ يۈزىنى يەنە بىر قېتىم كۆرمەكچى بولغاندەك، بارلىق نۇرىنى ئۇنىڭ گۈزەل چېھرىگە چېچىپ، بەئەينى زېمىندىكى يەنە بىر تولۇن ئاي قىلىۋەتكەنىدى.

ھەمزەك يوتقاندا قىزدىن ئايرىم ئورۇن سېلىپ ياتقان سارە ئانا شاۋاز قارىينىڭ پۈتكۈل ئەھۋالىنى، ئۇنىڭ تەنھا ھۇجرىدا خام خىشنى بېشىغا قويۇپ، يەرگە چاپلىشىپ يېتىپ كەتكەنلىكىنى، دەلدەڭشىپ تۇرۇپمۇ يەنە ئۆزىگە سالام بەرگەنلىكىنى، ئەنجۈر يەۋاتقاندا «ئەجەب شېرىن ئەنجۈر ئىكەن» دەپ تامشىپ كەتكەنلىكىنى، «سالام ئېيتىپ قويسىلا» دېگەن تەۋسىيە سۆزى ھەتتا «بىر كۆرۈشۈشكە مۇمكىنچىلىك بولارمۇ» دېگەن ئىلتىماسلىرىغا قەدەر يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەيپىياتى ۋە

ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ، «ئۇنىڭ دىلى تولىمۇ پەرىشان، يۈرەك - باغرى قان، كۆزلىرىدىن ئۇزۇلمەي ياش قەترىلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، ھەر ئاھىدىن گويا يالقۇن چىققاندەك بولىدۇ، چىرايى زەپىران، يۈزلىرى تاتارغان، لەۋلىرى گەز باغلىغان، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنىڭ پارقىراپ تۇرۇشىدىن ھاياتلىقى نامايان بولىدۇ» دەپ قوشۇمچە قىلدى. ئۇنىڭ كېيىنكى بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، گۇلخۇمار بىردىنلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇھ تارتتى، كېيىن تەكىيەگە ئۆزىنى ئېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. سارە ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ سۇ يېغى چىراغنى يېقىپ قارىسا، گۇلخۇمارنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشنىڭ دېغى ۋە نېمى تەكىيەدە تۇرۇپتۇ.

— بالام، نېمە ئانچىۋالا يىغلايسەن، ھېلىتىن مۇنچىۋالا يىغلىغان بارمۇ؟

— مېنىڭ يىغلىغۇم يوق، كۆزلىرىم ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ قالدى. قەلبىم دەردتىن ئازابلانغانلىقتىن بۇ كېسەلگە مۇپتىلا بولدۇم. لېكىن ئىچ - ئىچىمدىن بۇقۇلداپ چىقىدىغۇ بۇ يىغا، مەنمۇ بىلمىدىم. ماڭا بىر ئاز سوغۇق سۇ بەرسىلە، ئىچىم قىزىپ كەتتى،— دېدى گۇلخۇمار.

سارە ئانا كۆلچەكتىكى ئىگىر تۇۋىدىن مۇزدەك بىر تاۋاق سۇ ئېلىپ كىرىپ گۇلخۇمارغا سۇندى. گۇلخۇمار تىنمايلا ھەممىسىنى ئىچىۋەتتى، لېكىن قانمىدى. ئۇ «تاۋىم يوق تۇرىدۇ» دەپ ئۆزىنى تەكىيەگە تاشلىدى.

— خۇدايىم ساقلىسۇن، جېنىم بالام، بۇ يولغا ئۆزۈڭ قەدەم تاشلاپ، ئىشق بالاسىغا گىرىپتار بولۇپسەن. بۇ ئىنتايىن نازۇك يول. تۇرلۇك بالالار سېنى قەدەمدە كۈتۈپ تۇرىدۇ. سەل - پەل بىخەستەلىك قىلساڭ ھالىڭ خاراب،— دېدى سارە ئانا ئاستا ئۇنىڭ پېشانىسىگە قولىنى قويۇپ.

— چىراغنى ئۆچۈرۈپ، سىلىمۇ ياتسىلا. دادامنىڭ رەنجى چۈش، سىلىگە كايىپ قالمىسۇن،— دېدى گۇلخۇمار.

بۇ كېچە گۈلخۇمار پەقەت ئۇخلىيالمىدى ، كۆزىنىمۇ يۇمىدى ، لېكىن كۆزى غۇۋا ئۇيقۇغا بارغان هامان چۈش كۆردى . چۈشىدە شاۋاز قارىينىڭ ئاپئاق چوتا كۆڭلەك كىيگەن گەۋدىسى ، كېلىشكەن قامىتى ، ئەمدى خەت تارتىپ چىققان بۇرۇتى ، كەڭ يەلكىسى . . . يەنە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى . «سارە ئانا !» دەپ توۋلاپ قويدى .

— نېمە بولاۋاتىسەن قىزىم ؟— دەپ سورىدى ئۇيقۇسى كەم سارە ئانا .

— هېچنېمە بولمىدىم ،— دەپ ، گۈلخۇمار ئۆرۈلۈپ ياتتى .

ئۇ يەنە چۈش كۆردى . شاۋاز قارىي يەرگە چاپلىشىپ كۆكىردەكىنى مۇزدەك يەرگە تېگۈزۈالغانچە «سۇ» دەپ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، سۇ ئاپىرىپ بېرەي دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ قوپقانچە قاتتىق يىقىلدى . سارە ئانا «ۋاي··· » دېگىنىچە ئۇنى يۆلەپ قارىسا ، قىزنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن ، يۈرىكى قاتتىق سوقۇۋاتقان هالەتتە ئۆزىنىمۇ بىلمەيتتى . سارە ئانا قورققىنىدىن ئابدۇرەهمان خاتىپقا خەۋەر قىلدى . ئابدۇرەهمان خاتىپ :

— جېنىم بالام ، نېمە بولدۇڭ ؟— دەپ پېشانىسىگە قولىنى قويدى . بالىنىڭ هارارىتى ئارتىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ، ئۇ گاڭگىرىغان هالدا غودۇڭشىغىنىچە تالاغا چىقىپ كەتتى . شۇ ئەسنادا «قى ، قى ، قىق» دەپ چىللىغان خورازنىڭ ئاۋازىدىن كېيىن ، مەزىننىڭ «ئەسسالاتو خەيرون ، مىننەننەۋم» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . . .

بامدات نامىزىدىن يانغان جامائەت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، ئابدۇرەهمان خاتىپنىڭ هويلىسىغا هال سورىغىلى كىرىشتى . يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن مۇهەممىدىن جەددار مەسلىهەت بېرىپ ، تۈنۈگۈن كەنتىدىكى قەمبەر باخشىنى چاقىرتىپ كەلمەكچى بولدى . ئابدۇرەهمان خاتىپ شۇئان ئادەم ئەۋەتتى ، قەمبەر باخشى يەتتە شاگىرتى بىلەن كېلىپ ، ئىنجىقلاپ ياتقان گۈلخۇمارنى كۆرۈپلا :

«ئاللا كارامەت ، خېنىم يىغىندا قاپتۇ» دەپ ، ئايۋانغا قوتاز
ئارغامچىسىدىن قىلىنغان تۇغ (تۇغ ئالىيبشىل ، «يۇرۇك» دەپ
ئاتىلىدىغان لاتا ، قوتاز قۇيرۇقى ، كىچىك ئەلەملەر بىلەن بېزەل-
گەن ) باغلاشنى ، 40 تال نۆكچە تەييارلاشنى ، ئوچاققا سېرىق
قومۇش بىلەن هولا سېلىشنى ، كۆجىدە دۇت ، توغراق يىلىمىدە
ئىس سېلىشنى بۇيرۇدى .
قەمبەر باخشى قېرى ساتارچىغا كۆز قۇيرۇقىدا ئىما قىلدى .
ئۇ ئايغىر ئات قۇيرۇقىدىن 40 تال تار سالغان ساتارنى تۈزەشكە ،
شاگىرتلىرى چوڭ ، ئارا ، كىچىك ۋە زىل داپتىن ئىبارەت تۆت
خىل داپلىرىنى قاقلاپ قۇرۇتۇشقا تەييارلاندى . قەمبەر باخشى
يەڭلىرىنى تۈرۈپ تەييارلىنىپ : «قېنى ، خۇمار خېنىمنى تۇغ
يېنىغا ئەكەلسەك » دەپ تەكلىپ بەردى . گۈلخۇمارنىڭ زۆھرەخان
ۋە مايسىخان دېگەن تەڭتۇشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن سارە بۇۋى
ياتقان گۈلخۇمارنى تۇغ يېنىغا يۆلەپ ئەكەلدى . ئەمما ، گۈلخۇ-
مارنىڭ سۆلى يوق ، ئۆزىمۇ ئۆرە تۇرالمايتتى . قەمبەر باخشى
كاركىراپ سەت ۋە خۇنۇك ئاۋاز بىلەن داپ ئىچىگە بېشىنى
تىقىپ : «ئاللا ، ئاللايەي ، ئاللا . . .» دەپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇ-
دى . شاگىرت ۋە ساتارچى سەنەمگە كەلتۈرۈپ داپ ، ساتارنى
چالدى . گۈلخۇمارنى ئىككى نەپەر قىز تۇغقا ئېسىلدۇرسىمۇ
سىيرىلىپ چۈشۈپ ئۆزىنى تاشلىۋەتتى . ئايۋان ئىچى يېقىلغان
40 تال نۆكچە ، كۆجە ۋە توغراق يىلىمىنىڭ دۇت ـ ئىسى بىلەن
لىقمۇلىق تولۇپ ، تىنغۇسىز بولۇپ كەتتى . قەمبەر باخشى :
— خېنىم پېرە ئوينىيالىمىدى . مەن سۇمبۇل مەررە
چاق ، قورقىيا ـ بەرقىيا جىنلارغا ئاتاپ قەسىدە چىلكاپ[①] ئوقۇي-
مەن ،— دەپ گۈلخۇمارنى ياتقۇزۇپ ، 41 تال سۆگەت چىۋىقىدىن
تەييارلانغان تاياق بىلەن قېقىندى قىلىپ ، ئاغزىغا كەلگەن چۈشى-
نىكسىز بىرنېمىلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى .

① چىلكاپ — 40 «ك»ھەرپى بىلەن تۈزۈلگەن ئەپسۇن .

كارا كەپەن كەلىمەن ، كەلكالىمەت كەرىمى ،
كەشتاپىكى كەمىكەن ، كەيكانىيەت رەھىمى .
كەرشۆەرىكى كارامەت ، كەيسانىيەت نەزىمى ،
كەۋسەرىكى نازاكەت ، كەۋكاسىيەت قەزىمى .

. . . كاپاكە ، رەببۇكە ، كەم ، يەكنى ، كاۋا ، كىفتەن ، كەل پاراشى كامىرەن…

سۆزلەۋاتقان قەمبەر باخشىنىڭ ئاۋازى تۇتۇلۇپ ، تەرلەپ ـ پىشىپ كەتتى .

ئابدۇرەھمان خاتىپ كىرىپ ـ چىقىپ ئۇنىڭ ماھارىتىدىن مەمنۇن بولۇپ ، «ئەجەب ئۇستا ئىكەن» دەپ قايىل بولدى . قەمبەر باخشى خاتىپنىڭ ئالدىدا ئىككى يانغا ئىرغاڭلاپ بارلىق ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە تەمشەلدى . خاتىپ «قىزىم ساقايسا ، باخشىغا چوڭ ئىنئام بەرمىسەم بولماس» دەپ مۆلچەر سوقتى . قەمبەر باخشى قىزغا «چۆپپەك ـ چۆپ» دەپ ، ھەربىر تىن ئالغاندا سۈپكۈچ قىلىپ ئاخىردا دۇئاغا قول كۆتۈردى . خاتىپ ھۆڭگىرەپ يىغلاپ «يا قازىيالھاجەت» نى ئۈنلۈك ئېيتتى . باخشى يۈزىگە قولىنى سىيپاپ دۇئانى تۈگەتكەندىن كېيىن : «خۇدا بۇيرۇسا بۈگۈن چارشەنبە سائەتلىك كۈن» دېيىشىگە ، گۈلخۇمار «سۇ . . .» دەپ لېۋىنى يالىدى . سارە ئانا ساپال چەينەكتىكى كاشكاپنى گۈلخۇمارنىڭ لېۋىگە تەگلەپ ئىچكۈزگەندە ، گۈلخۇمارنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش يۈزىگە يىپىدىن ئۈزۈلگەن كۆز مۇنچاقتەك تامچىلاپ چۈشتى .

— دۇئا پايدا قىلدى . ئەمما ، بىر ئوغلاق نەزىر قىلىپ ، 41 قېتىم ئوقۇمىساق بولمايدۇ ،— دېدى قەمبەر باخشى .

ئابدۇرەھمان خاتىپ قەمبەر باخشىنىڭ ئالدىغا بىر ئۆچكە ، بىر توققۇز مەللە خام ، چوڭ تەڭنىدە جىگدە قويۇپ ئۇزاتتى . كەچقۇرۇنلۇقى گۈلخۇمارنىڭ قىزىتمىسى ئازراق پەسلىدى . ئۇ كۆزىنى ئېچىپ :

— سارە ئانا ، مەن نېمە بولدۇم ، ئەجەب قاغجىراپ كەتتىم . كۆڭلۈم سۇغىلا تارتىپ تۇرىدۇ ،— دېدى .

— خۇدايا شۈكۈر جېنىم بالام ، سەنمۇ بار ئىكەنسەن . مەن ئەجەبمۇ قورقتۇم ، كۆڭلۈڭ سۇ تارتقان بولسا ئىچكىن ،— دەپ سارە ئانا ھېجىردا سۇ ئەكەلدى .

— ئىچىدىغان سۇ ئەمەس ، ئاقىدىغان ، كۆرىدىغان سۇ ،— دېدى گۈلخۇمار بېشىنى چايقاپ .

— ئۇنداق بولسا . . .

سارە ئانا بىلەن زۆھرە تالاغا چىقىپ كەتتى . مايسىخان ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىيلاپ ، گەز باغلاپ كەتكەن لېۋىنى يېڭىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتتى ، ئاندىن بىر يېقىم تارىشا گۈگۈتنى يىرىپ ،گۈلخۇمارنىڭ تىلىدىكى گەزنى قىردى . سارە ئانا بىلەن زۆھرە باغدىكى چوڭ مەجنۇنتالنىڭ لېۋىدىكى كۆل بويىغا كارد-ۋات قويۇپ ، ئۇنىڭغا ئاۋۋال شىرداق ، ئۈستىگە قارا كىگىز ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەمزەك ، بەقەسەم ۋە ئەتلەستىن تىكىلگەن يوتقان - كۆرپىلەرنى سېلىپ جاي تەييارلاپ ، گۈلخۇمارنى ئەچد-قىپ ياتقۇزدى . گۈللۈكتىكى قىزىلگۈل ، لالە ، رەيھان ، خېنە ، سەبدە ، نەغەز ، ئالتۇن ، رەنا ، نامازشام گۈلى ، ھەپىرەڭ ، ھەش-قىپىچەك ، تاجى ، گۈلەسمەن ، ئالتۇن چېچەك ، ئوغلۇم چېچەك . . . قاتارلىق گۈللەر ئۇنى ئىستىقبال قىلغاندەك كۈلۈپ قارد-شاتتى . كۆل لېۋىدىكى ئىگىر بىلەن نەغەز گۈلى ئۇنىڭ كۆزىگە بەكمۇ يېقىملىق كۆرۈندى . بۇنى سەزگەن زۆھرە چەبدەسلىك بىلەن بېرىپ نەغەز گۈلىدىن بىر تال ئۈزۈپ ، چىنە ۋە ئالتۇن گۈللەر بىلەن قوشۇپ ، ئۇنىڭ چېكىسىگە قىستۇرۇپ قويدى . ھۆسنىگە ياراشقانلىقىنى سەزگەن بولسا كېرەك ، گۈلخۇمار پە-سىڭگىدە كۈلدى . سارە ئانا خۇشاللىقىدىن :

— جېنىم بالام ، سەنمۇ شۇنچىلىك كۈلىدىكەنسەن ،— دەپ ، چىشى يوق ئىچكىرىلىشىپ كەتكەن يۇمشاق لېۋى بىلەن ئۇنىڭ چېكىسىگە تۇتۇپ سۆيدى .

گۈلخۇمار بىر ئاز ئارام ئالغاندەك بولۇپ، تىنىق سۇغا كۆز تىكىپ قارىدى. كەچكى تاغ شامىلى ئۇنىڭ كوكۇلىلىرىنى تاراپ ئۆتتى، كۆلدىكى سۇ يېنىك دولقۇنلىدى. ئاڭغۇچە زۆھرە يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ بىرقانچە كىچىك پىلچەككە ئازراقتىن پاختا سېلىپ، ئۈستىگە زىغىر يېغىدىن قۇيۇپ، كۆل لېۋىگە ئەكېلىپ پىلىككە ئوت يېقىپ كۆلگە قويۇپ بېرىۋىدى، ئۇلار كۆلدىكى دولقۇندا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مېڭىپ، گويا سۇ ئىچىدە ئوت كۆيۈۋاتقاندەك، گوياكى كۆك ئاسماندىكى يۇلتۇزلار كۆلگە ئېقىپ چۈشكەندەك كۆرۈندى. بۇنى كۆرگەن گۈلخۇمارنىڭ كۆڭلىدە روشەنلىك پەيدا بولدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈشكە تەمشىلىۋىدى، سارە ئانا ئۇنى يۆلەۋېتىپ:

— ئادەمزاتمۇ بىلمەيدىغان ئويۇننى بىلىدىغان شەيتانكەنسىز، — دېدى زۆھرەگە قاراپ. زۆھرە:

— ھەرنېمە قىلسام گۈلخۇمارنىڭ كۆڭلىنى ئاچسىمۇ، ئوغۇل بالا نوچى دېگەن مەن، — دەپ، ئەركىلەپ ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە ئۇنىڭ قولىنىڭ پەنجىسىنى كۆكسىگە شۇنداقلا ئۇرۇۋىدى، ئۇنىڭ يېڭى كۆتۈرۈلگەن بېغىرى[1] دىرىلداپ كەتتى.

زۆھرە ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ ئىنىسى قابىلنىڭ قىزى بولۇپ، مەشھەدتىكى قارىيخانىنى تېخى يېقىندا پۈتتۈرگەن، گۈلخۇماردىن بىر ياش كىچىك، ئۇلار تام قوشنا ئىدى.

2

ئايرىم ھۇجرىدىن بىرنى ئىگىلەپ يېتىپ ـ قوپقان شاۋاز قارىينىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ھېچ نەرسە يېمىدى، چىرايى سارغىيىپ، رەڭگى ئۆچۈپ، ئۇيقۇسى قېچىپ، بىئارام بولدى. چۈنكى، ئۇنى ئىشق سۇلتانلىقىنىڭ سىپاھلىرى

---

① بېغىر — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كۆكسى، ئەمچەك» دېگەن مەنىدە

تامامەن ئەسىر قىلىۋالغانىدى . ئۇ جامەنىڭ خاس ھۇجرىسىدىكى بورا ئۈستىگە سېلىپ ياتقان قەلەمپۇر چەكمەن توننى ئېلىپ سىلكىپ دولىسىغا سېلىۋېتىپ ، ئۆزىچە :
— مەن نېمە بولدۇم؟ بىرەر ئالىمادىسقا ئۇچرىدىممىكىن دېسەم ، تايىنى يوق . ئاغرىقمەنمىكىن دېسەم ، ئاغرىق يېرىمنى بىلمەيمەن ، ساقمەنمىكىن دېسەم ، ۋۇجۇدۇمنىڭ ھەممىسى كۆيىدۇ ، ساق يېرىمنىڭ تايىنى يوق ، مۇنداقمۇ بولامدۇ كىشى ،— دەپ غودۇڭشۇپ بىر ئاز ئويلىنىپ قالدى . ئۇ ھىجرانلىقنىڭ ئوت پىراقىدا پۇچۇلىنىپ ، خۇددى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ ، قانچە ئازاب چەكسىمۇ ، سىرىنى پىنھان تۇتۇشقا تىرىشاتتى . سۆيۈملۈك ئانىسى ئەپروزىخان ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشۈپ ، تەنھا ھۇجرىدا بىردىنلا ، — جېنىم ئانا !— دەپ توۋلاپ تاشلىدى . ئۇ سىرىنى قانچە پىنھان تۇتقان بىلەنمۇ قەلبى پەرۋانىدەك ئىشتىياق ۋە ئارزۇ ـ ئارمان ئاتەشىدە كۆيۈپ ياناتتى . ئۇنىڭ ئىشق ئاتىشى سائەت ـ بىسائەت يالقۇنلىنىپ قەلبىنى ئۆرتەيتتى ، سۆيۈملۈك مەھبۇبىنى بىر مىنۇتمۇ نەزەرىدىن يىراق قىلمايتتى ، ئەگەر ئۇنى نەزەرىدىن يىراق قىلسا ، سۆيگۈ ئازابى تېخىمۇ بىئارام قىلاتتى .
بىر كۈنى ئانىسى ئۆيدە ياتقان شاۋاز قارىينىڭ بېشىنى سىيلاپ ، «جېنىم بالام ، سەن ھاياتىمىزنىڭ مېۋىسى ، ئۆيىمىزنىڭ نەشئەسى ،ئۇمىدىمىزنىڭ غۇنچىسى . قوپ ، تېگىڭگە كۆرپە سېلىپ بېرەي» دېسە ، ئۇ ئۈنىمىدى . ئانىسى «ئۇنداق قىلمىغىن» دەپ باش ـ كۆزلىرىگە سۆيۈپ يالۋۇرسىمۇ شاۋاز قارىي يەنە ئۈنىمىغاندىن كېيىن ، ئانىسى : «چوڭ داداڭ رەھمىتى ‹ئوغۇل بالا دېگەننى دائىم يۇمشاق ئورۇن ـ كۆرپىدە ياتقۇزماي ، داق يەرگىمۇ كۆندۈرگەن ياخشى . بالىنىڭ كىيىم ـ كېچەك ، يېمەك ـ ئىچمىكى ، ئورۇن ـ كۆرپىسى قاتتىق ـ قۇرۇق بولغىنى ئوبدان . شۇنىڭدا بالا قويۇچ بولۇپ يېتىشىدۇ . ئەركە قىلىپ قويۇلسا ، ۋۇجۇدىغا ياغ باغلاپ سەمرىپ ، كىبىرلىك ، بېشىغا كۈن چۈشكەندە كارغا كەلمەيدىغان مەخسۇم مىجەز بولۇپ قالىـ

دۇ . نۆۋىتى كەلگەندە داقىلاڭ يەردە ئاسمانى يوتقان ، يەرزى كۆرپە ، خىشنى تەكىيە قىلىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىدۇ ئەمەسمۇ ؟ » دېگەن » دەپ ئەسلىگەن سۆزى ئۇنىڭ يادىغا كەلدى .

شاۋاز قارىي تەكىيە دەپ بېشىغا قويۇپ ياتقان خىشنى پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن تېپىپ ، سەل نېرىغىراق ئىتتىرىپ قويدى ـ دە ، تاشقىرىغا چىقىپ ، چوڭ كۆل بويىغا كەلگەندە دوستى نورۇز ئۇچراپ سالام ـ سەھەت قىلىشتى . نورۇز ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ :

— نېمە بولدۇڭ ، تاۋۇڭ يوقمۇ دوستۇم ؟ سېنى كەتتىمىكىن دەپتىمەن ،— دېدى .

— ھېچنېمە بولمىدىم ،— دېدى شاۋاز قارىي ئۆزىنى بەرجەس تۇتۇپ ، — ئىسسىق ئۆتكەندەك بولۇپ ئىككى ـ ئۈچ كۈننىڭ بۇياقى يېتىپ قېلىپ ، سەن بىلەنمۇ كۆرۈشەلمىدىم .

— ھازىر كۈزگە تەۋە بۇ چاغدا ئىسسىق ئۆتتى دېسەڭمۇ تازا ئەپلەشمەيدۇ . ئالتىن ئاتۇشلۇقتىن بىرەر كىشىنىڭ «ئىسسىقى» ئۆتۈپ قالدىمۇ يا ؟— دەپ نورۇز ئۇنى كۈلدۈردى ، — مەنمۇ كۈز قاتلاڭچىلىقىدا سېنى ئىزدىيەلمىدىم . بوۋىلىرىمىز «سۇمبۇلدا سۇ سال ، مىزاندا تېرى ، مىزاندا تېرىيالمىساڭ ئەمدى قوي نېرى» دەپتىكەن . مەن ئۆزۈم يالغۇز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇسا ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ كېچىلەپ بولسىمۇ تېرىۋالىمەن دەپ ، سېنىڭ ھالىڭدىن بىخەۋەر بولۇپ قاپتىمەن . مۇنچىۋالا بولۇپ كېتىشىڭنى نېمە بىلەي ؟

— ھېچ ۋەقەسى يوق ، ھېلىمۇ كېچىكمەپسەن ، ھالىمغا ئىچىڭ ئېچىشىدىغان بولسا ، تۇز قۇيمىساڭلا مەيلى .

شاۋاز قارىي چوڭ كۆل بويىدىكى سۆگەتنىڭ بىر تال يوپۇرمىقىنى ئۈزۈپ يىرتتى ، نورۇز بىرتال قۇرۇق سۆگەت چىۋىقىنى «گۇچ ـ گۇچ» قىلىپ سۇندۇرۇپ ئۇلتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى . شاۋاز قارىي بىر «ئۇھ» تارتقاندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرىنى ئېيتىپ

بەردى :

— گاھى تاۋىم ئۆزگىرىپ بېشىم قايىدۇ، گاھى كۆڭلۈم ئېلىشىپ، ئىچىم تىت ـ تىت بولىدۇ، ئارقىدىنلا يىغلىغۇم كېلىدۇ. يىغا كۆزۈمدىن ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئەزايىمدىن ئاقىدۇ .ئۇنى ئاز دەپ، يۈرىكىم قوزغىلىپ قىنىمدىن چىقىپ ئاغزىمغا تىقىلىپ كۆيىدۇ...

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە، نورۇز ئۇنىڭ تېخى توي قىلمىغانلىقىنى بىلگەچكە، چەبدەسلىك بىلەن شاۋاز قارىينى ئۆز سۆزىدىن تۇتۇۋالدى :

— مەن دېمىدىمۇ، شاۋازئاخۇن. سىلىنىڭ دەردلىرى باشقا دەرد ئەمەس، پەقەت ئاتۇش قىزلىرىدىن بىرەرسىنىڭ كۆيۈك دەردى بولسا كېرەك، دەپ— ۋە ئۇنىڭ دولىسىغا كاچاتلاپ قويدى.

— ياقەي، ئۇنداق ئەمەس،— دەپ، شاۋاز قارىي قىپقىزىل لالىدەك بولۇپ كەتتى.

— يۈرگىن دوستۇم، مەن سېنىڭ كېسىلىڭگە داۋا تاپاي ۋە داۋا قىلاي.

نورۇز چوڭ كۆل بويىدىن ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ باغ ـ ھويلىسىغا ئېلىپ كەتتى. نورۇز تولىمۇ سەمىمىيلىك ۋە مېھرىبانلىق بىلدۈرۈپ شاۋاز قارىينى كۈتتى. يۈرەكتىكى سەكتەگە قاراپ، ئۇ ئەينۇلىنىڭ كۆكرەكلىرىدىن ئۈچ ـ تۆتنى ئىلغاپ ئارقىمۇ ئارقا يېگۈزدى. تەشنالىققا ئانار شەربىتى تەييارلاپ بەردى. شاۋاز قارىي ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە پىيالە شەربەتنى ئىچىپ، ئاندىن كۈلدى ۋە بېشىنى كۆتۈردى.

— مەن بۇغدايىنى تېرىۋالدىم. قىلىدىغان ئىشلىرىممۇ تا قوناق پىشقۇچە بىر يەرگە بېرىپ قالدى. سەن بەھۇزۇر بىزنىڭ ئۆيدە ئارام ئالغىن، خاتىرجەم بول، «كەلمەك ئىرادەت، كەتمەك ئىجازەت» دېگەن سۆزنىڭ ئىپادىسى مېنىڭ قولۇمدا،— دېدى نورۇز ۋە داستىخاندىكى نېمەتلەرگە تەكلىپ قىلدى،— قارىي

ئاخۇنۇم ، قانداق مەن بىلەمدىكەنمەن . سىنىڭ دورىلىرىڭنى ئىچىپ ئەكىرىپتىمەنما؟

نورۇزنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ شاۋاز قارىي ئاناردەك قىزىرىپ كېتىپ يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى . نورۇز مېۋىلەردىن كېيىن ، سىنچاي قۇيۇپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن شىرنە چاي ئەكىرىپ قاتلىما ئۇشتۇپ سېلىپ قويدى ، داستىخانغا قايماق پوشكىلىمۇ ئەكىردى . لېكىن ، شاۋاز قارىي مېۋىدىن باشقا ھېچنېمە يېمىدى . نورۇز سەۋەبىنى سورۇشتۇرۇۋىدى ، ئۇ :

— تاۋىم ياخشى ئەمەس ، ئۇستىخىنىم كۆيۇپلا تۇرىدۇ ،— دېدى .

شەيخ پەردىدىن ئەتتار مۇنداق دەيدۇ :

دوست بىلەن گەر بولسا تەدبىرىڭ سىنىڭ ،
يار بولغاي بەختۇ ئىقبالىڭ سىنىڭ .
سەن قاچان مەنمەنلىكىڭنى تاشلىدىڭ ،
شۇل زامان دۆلەت پىشىدىن ئۇچلىدىڭ .

— قارىم ، ئۇستىخانلىرى ئەمەس ، يۈرەكلىرى كۆيىدىغاندۇ .

— سىنى زە ،— دەپلا كۈلۈپ كەتتى شاۋاز قارىي.

— بۇرادەر ، بۇ يەردە سەن بىلەن مەندىن باشقا ھېچكىم يوق . مەنمۇ سىنى راست گېپىڭنى بەرمىگۇچە قويۇپ بەرمەيمەن ، ساقايتىپمۇ قويمايمەن . ئەمدى يەيدىغان غىزايىڭنى دېگىن ، ئۆيدىكىلەر تەييارلىسۇن . بىز باغقا چىقىپ ئۆز قولىمىز بىلەن ئۈزۈپ «شاخ مانتىسى» ئەنجۈرنىڭ شىرنىسى بۇرنىدىن تامغىنىدىن يەپ كىرەيلى ،— دەپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى نورۇز .

— رەھمەت ، تاماق بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولمايدۇ . يەنە نېمە تاماقكەن ئۇ؟— دەپ رەھمەت بايان قىلدى شاۋاز قارىي .

— دوستۇم ، جان بىر ، لەۋزى بىر ، سىنى مەن ساقايتماي

قايتۇرمايمەن دېدىم قايتۇرمايمەن . ئەمما ، ھازىر يەيدىغان تامىـ
قىڭنى دەپ بەرگىن ،— دەپ چىلىق تۇرۇۋالدى نورۇز .
— بوپتۇ ، ئەمىسە ئىختىيار سەندە ، ئەمما ئۇستىخانلىرىم
كۆيۇپ ، گەجگەم قېتىپلا تۇرىدۇ . مېنىڭ ئەھۋالىم تازا ياخشى
ئەمەس ،— دېدى شاۋاز قارىي .
— بوپتۇ ،— دېدى نورۇز ؛ — «قورۇما چۆپ پەن چۆپ ،
نېرىن چۆپ نەق چۆپ» دەيدىغان گەپ بار . بىزنىڭ ئالتىن
ئاتۇشنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە نېرىن چۆپ ياكى پېتىرمانتا قىلدۇ.
رىدىغان نىيىتىم بار ئىدى . لېكىن ، ئاۋۋال ساڭا شوۋىگۇرۇچ
قىلدۇرۇپ بېرەي . لېكىن ، ئەنجۇر بىلەن بۇ ئىككىسى تازا
قاملاشمايدۇ ،— دېدى ـ دە ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .
شاۋاز قارىيمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلۈۋىدى ، نورۇزكۈلكد.
دىن توختاپ ، بۈگۈن بازاردىن گۆش ئەكىلىشكە بارغانلىقىنى ،
لېكىن شاۋاز قارىينىڭ بىتاپلىق ئەھۋالىنى كۆرۈپلا بېشى پىرىر.
دە قېيىپ ، گۆش سېتىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ، بايا ئۇ
ئىككىيلەن ئۆيگە كىرگەندە ، ئايالى «گۆش قېنى» دەپ سورىغاذ.
لىقىنى ، شۇنىڭ بىلەن گۆشكە يەنە بالا ئەۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ
بەردى . ئىككىيلەن داستىخانغا پاتىھە ئوقۇپ قوللىرىنى يۈزىگە
سۈرتكەندىن كېيىن ، ئۆيدىن چىقىپ باغقا كىرىپ كېتىشتى .
كۆل بويىدىكى ناماتىمان كىگىز سېلىنغان سۇپىنىڭ يېنىدىن ئۆ.
تۈپ ، ئەنجۇرلۈككە بارغاندا ، نورۇز يوپيۇرماقتا ئۈزگەن بىرنەچچە
تال ئەنجۇرنى ئەكېلىپ :
— قېنى يە ،— دەپ تۇتۇۋىدى ، شاۋاز قارىي بىرنى تەسلىك.
تە يېدى ، — يېمىسەم رەنجىسەڭ ، يېسەم ئۆتمىسە ، راستىنى
ئېيتقاندا ، بىزنىڭ بەشكېرەم ئەنجۇرىگە قارىغاندا ئالتىن ئاتۇش
ئەنجۇرى تاتلىقكەن . مەنمۇ ئەنجۇرچى تۇرۇپ ، بۇنداق تاتلىق
ئەنجۇرنى ئالتىن ئاتۇشقا كەلگەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم
يېيىشىم .بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟— دەپ سورىۋىدى ، شۇنىڭ بىلەن
گەپ تېپىشلىدى .

نورۇز ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە كۆل بويىدىكى سۇپىغا كېلىپ، بىللە ئولتۇرۇپ گەپ باشلىدى. ھەرقانداق بىر قوۋم ئۆزى ياشاۋاتقان ماكانىنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى بىلىشى مەجبۇرىيەت بولغاچقا، شاۋاز قارىي ئالتىن ئاتۇشنىڭ «24 كەنت» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ئۈستۈن ئاتۇشتا تاقۇت، ئېكىساق، بەيساق، قايراق، ئوچا، يولچىلار، دېھقانلار قاتارلىق يەتتە كەنت، ئالتىن ئاتۇشتا 17 كەنت بارلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

ئالتىن ئاتۇشنىڭ ھاۋاسىدەك ھاۋا زېمىن ئۈستىدە يوق. بىز تۇرغان بۇ يۇرت ئالتىن ئاتۇشنىڭ شىمالىي تەرىپىدە غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان تاغ تۈۋىگە جايلاشقان بولۇپ، ھاۋاسى گۈزەل، زېمىنى مۇنبەت. شۇڭا، بۇ يەرنىڭ ئەنجۈرى ۋە باشقا مېۋىلىرى شېرىن ھەم لەززەتلىك. بۇ، ئالتىن ئاتۇشتىكى ئەڭ ئېگىز، ھاۋالىق رايون بولۇپ، يېنىدىن قىران دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ. شۇڭا يۇرتنىڭ نامى «تاغ تۈۋى» مەنىسىدە تەختىيۇن دەپ يورۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. تەختىيۇندىن ئالتىن ئاتۇش تەرەپكە نەزەر سالغاندا، ئارغۇدىن كەلگەن سۇ تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە ئالتىن ئاتۇشنىڭ ھەممە كەنتلىرىگە بۆلۈنگەنلىكى كۆرۈنىدۇ. ئوڭ تەرىپىمىزدىكى سۇ ئوڭئېرىق، سول تەرەپكە ئايرىلغان سۇ سولئېرىق (شورئېرىق) بولۇپ، كەنتلەرنى كۆكەرتىدۇ. ئارغۇ تەرەپتىن كەلگەن سۇنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇلاق سۈيى بولۇپ، قاراسۇ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەرەپتە تاغ بويلاپ كەتكەن لەڭگەر، مەيىي، تېتىر دېگەن كەنتلەر ئۈستۈن ئاتۇشتىن كەلگەن ئاق سۇ بىلەن كۆكىرىدۇ.

ئالتىن ئاتۇشنىڭ يېرى تاشلىق بولغانلىقتىن، ئەنجۈر دەرەخى تېز ئۈنىدۇ. تاغ سۈيى پەس تەرەپتىكى كەنتلەرگە سىزىپ، ئەنجۈر، ئۈزۈم دەرەخلىرىنىڭ تاش ئاستىدىكى يىلتىزى ئارىسىدىن چايقاپ ئۆتكەچكە، ئەنجۈر، ئۈزۈملەرنىڭ شېرىنسى يۇقىرى بولىدۇ. دادام: «ئالتىن ئاتۇشنىڭ ئەنجۈر، ئۈزۈملىرى مەن كۆر-

گەن بۇخارا ، قوقەنت ، سەمەرقەندلەرنىڭ ئەنجۈر ، ئۈزۈملىرىدىن۔
مۇ تاتلىق» دېگەن . ئالتىن ئاتۇشنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى ،
بولۇپمۇ قىزلىرىنىڭ قولى تاتلىق . شۇڭا ، بوۋىلار «ئالتىن ئا۔
تۇشنىڭ قىزى ، بەشكېرەم ئۈنى ، ئاۋاتنىڭ تۈزى بولسا ، ئاندىن
تامىقىڭغا جان كىرىدۇ» دېگەن . سەن بۇ قېتىم ئالتىن ئاتۇشقا
كەلگەندىن بۇيان ئۈزۈڭنى يوقىتىپ ، دائىم بىخۇد يۈرىدىغان
بوپقالدىڭ . راستىڭنى دېگىن ، زادى نېمە بولدى ؟— دەپ چىڭقى۔
دى نورۇز .

ئاڭغىچە شاۋاز قارىيغا ئاتاپ ئېتىلگەن شوۋىگۈرۈچ سۇپىغا
كەلتۈرۈلدى . تېخىچە بېشى ئاغرىپ تۇرۇۋاتقان شاۋاز قارىي
سىركە سورىدى . نورۇز چەبدەسلىك بىلەن ئۆيگە كىرىپ ، سىر۔
كە ۋە قېتىق كۆتۈرۈپ چىقتى . شاۋاز قارىي بۇ ئىككىسىنى
ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىۋاتقاندا ، نورۇز :

— بۇنداق ئوت يەپ ئوغا كېكىرىپ ئىچىڭدىن تۇتەپ يۈرگى۔
چە ، راست گېپىڭنى ماڭا ئېيتساڭ ، دەردىڭنىڭ داۋاسى ، رەن۔
جىڭنىڭ شىپاسى مۇشۇ ئۆيدىن چىقىشى مۇمكىن . ئەمدىغۇ دەر۔
سەن ؟— دېدى .

— «قارىغۇنى تار يەردە قىستا» دېگەندەك قىستاۋەردىڭ .
ئۆز دەردىم ئۆزۈمگە يېتىپ ئاشىدۇ . سېنى بۇ دەردكە چېتىپ
نېمە قىلىمەن ،— دېدى شاۋاز قارىي بىر تاتىرىپ ـ بىر قىزى۔
رىپ .

— نېمە دەرد ئۇ ، مەن چېتىلمايدىغان ؟— شاۋاز قارىيدىن
بۇ سادا چىققاندىن كېيىن ، نورۇز چۆچۈدى ، — بىز مەدرىسەدە
بىللە ئوقۇۋاتقاندا ، سۇيئاپ[1]تىن كەلگەن قىپچاقنىڭ ماڭا قىلغان
زورلۇق ـ زومبۇلۇقىغا سەن جېنىڭنى تىكىپ مېنى قوغدىغانلى۔
قىڭنى قىيامەتكىچە ئۇنتۇمايمەن . قېنى دېگىنە ، ھەرقانداق دەر۔
دىڭ بولسا ، مانا مەن قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەمگە تەييار ،—

---

[1] سۇيئاپ — توقماق يېنىدىكى ھازىرقى ئاق بېشىم خارابە شەھىرى .

دېگىنىچە ئۇڭ قولىنى مەيدىسىگە ئۇردى .

شاۋاز قارىي تىرىنقىنى تاتىلىغانچە ئولتۇرۇۋەردى ، نورۇز «قېنى دېمەمسەن» دەپ بىرنەچچە قېتىم ئۇنى نوقۇپ قويدى . ئەمما ، شاۋاز قارىي ھايا قىلىپ دېگىلى ئۇنىمىدى . ئىككىيلەن «ئەستاغپۇرۇللا» دېگەنچە تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ باغدىن ئۆيگە قاراپ ماڭغاندا ، قاش قارايغان چاغ بولغانىدى . نورۇز ئۆيگە كىرگەندە ، شاۋاز قارىينى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ، بۇلۇڭدىكى قوزۇقتا ئىلىپ قويۇلغان دۇتارنى قولىغا ئېلىپ ، بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى . ئۇ دۇتارنى تىزىغا قويۇپ ، ئىككى تال تارنى تىرىڭشىتىپ ، قۇلاقلىرىنى تولغاپ تەڭشىگۈچە ئىككى يېنىغا قىمىرلاپ ئۆزىنى توختاتقاندەك قىلدى - دە ، گېلىنى يېنىك قىرىۋەتكەندىن كېيىن ، ھەزرەت ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «بىر كۆرۈپ ھەسرەتتە قالدىم» ناملىق پارچە غەزىلىنى چەبىيات مۇقامىنىڭ بىرىنچى مەشرەپ ئاھاڭىغا سېلىپ ، ئوتتۇرا ھال ئاۋاز بىلەن باشلىدى :

بىر كۆرۈپ ھەسرەتتە قالدىم ئول پەرى رۇخسارىنى ،
ئىككى كۆرسەم دەپ تىلەيمەن كۆزلىرى خۇمارىنى .
ئۈچ كۆرۈپ ئالدىدا جان بەرسەم شەھىدۇ ئىشقىمەن ،
تۆت كۆرۈشكەندە سالۇرمەن خەنجىرى تەييارىنى .
بەش كۆرۈشمەكلىك بىلە يۈزىگە خالۇ جانغا دۇر ،
ئالتە كۆرگەندە تىلەرمەن قابىزۇل ئەرۋاھىنى .
يەتتە ئىقلىمدا سىنىڭدەك كۆرمىدىم نازۇك بەدەن ،
سەككىز جەننەتكە بەدەل قىلغايمۇ سەندەك يارىنى .
توققۇز ئۆرگۈلسەم بېشىڭدىن ، تاكى جانىم تەندە بار ،
ئون قولۇم بىرلە تاۋاپ قىلسام نىگارىم يايىنى .
ئون بىر ئاي بولدى نەۋائى يارىدىن ئايرىلغىلى ،
ئون ئىككى ئاي — بىر يىل ئىچرە كۆرمىدىم غەمخارىنى .

نورۇزنىڭ دۇتار پەدىسىنى باسقان بارمىقى بىلەن تارنى چەكـ
كەن بارمىقى ئانچە مىدىرلىمىغاندەك ، گويا دۇتار ئۆزى زۇۋانغا
كېلىپ سۆزلەۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . دۇتاردىن چىقىۋاتقان
رىتىملىق ۋە يېقىملىق سادا شاۋاز قارىينىڭ كۆڭلىنى ئىختىيار-
سىز هالدا مەھلىيا قىلماقتا ئىدى . نورۇز مانا ئەمدى دۇتارنى
ئاتۇش پەدىسىگە يۆتكىدى ، ھەربىر يۇرتنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى
ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان خاس ناخشا - كۈيلىرى بولىدۇ . يەرلىك
ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاتۇش ناخشىلىرىنىڭ ھەربىر مىسراسىدىن
مۇڭ - ھەسرەت تۆكۈلۈپ ، كىشىنىڭ دىلىنى ئېرىت-
تىپ ، پىكىر - خىيالىنى ئاللىقاياقلارغا باشلايدۇ . نورۇز
سۆيگۈ - مۇھەببەت قوشاقلىرىنى تاللاپ ئوقۇشقا باشلىدى :

ئاتامىزمۇ ئۆلۈپ كەتكەن ،
ئانامىزمۇ تاماس قالغان .
مېھرىبان ئاتامىزدىن ،
بىر پالاس مىراس قالغان .

دولاڭدىكى كەتمەنمۇ ،
ئۇچاڭدىكى چەكمەنمۇ .
ناخشا ئېيتسام قارايسەن ،
سەنمۇ مەندەك دەردمەنمۇ .

باغلاردىن چىقىپ كەلسەم ،
كۆرۈنەدۇر كېچىگىز .
ئۇتىڭىزدا كۆيدۇم مەن ،
ئاغرىمامدۇ ئىچىڭىز .

چاكاندىنى سوقۇپ سالسا ،
قازاندا چايى بولمامدۇ .

يېتىمگە كۆڭۈل بەرسەڭ ،
ئۇنىڭ ساۋابى بولمامدۇ .
...

شاۋاز قارىي بۇ ناخشىلارنى ئاڭلاپ خېلى روھلىنىپ قالغاندى ، شۇ ئارىدا دەھلىزدىن «تاماق تەييار بولدى» دېگەن ئايال كىشىنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى . شاۋاز قارىي نورۇزنىڭ ئانىسى بىلەن ئۆتكەن قېتىم كۆرۈشكەن ، بۇگۈنمۇ يەنە سالام ـ سەھەت قىلىشقانىدى . بايىقى ئاۋاز ئۇ ياۋاش ، مۇلايىم مەزلۇمنىڭ ئاۋازىغا ئوخشمايتتى . بۇ ، نورۇزنىڭ روياش ئايالى بولسا كېرەك ، ئۇلارنىڭ ئوغلى ئۈچ ياشتا ، قىزى قۇچاقتا ئىدى .

نورۇز دۇتارنى توختاتتى ، شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئوغلى تەمتىلەپ ماڭغىنىچە بوسۇغىدا كۆرۈندى . نورۇز ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئوغلىنى كۆتۈرگەنچە ئەكىلىپ ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ، داستىخاندىن بىر پارچە نان ئېلىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى ، ئاندىن ياندىكى ئۆيدىن بىر لېگەن نېرىن چۆپنى كۆتۈرۈپ كىرىپ داستىخاندا قويدى . ئىككىيلەن بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ ، ئىككى تەرەپتىن قوشۇق سېلىپ ، لېگەننى بىردەمدە قۇرۇقداپ بولدى . دۇئادىن كېيىن ، نورۇز ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ ئالتىن ئاتۇش توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى باشلىدى :

— ھازىرقى ئۇستۈن ئاتۇشنىڭ غەربىي شىمالىدا «داراتاغ ئۆڭكۈرى» دەپ ئاتىلىدىغان تاغ بار دەپ ئاڭلاپ ، مەن بىر قېتىم كۆرگىلى باردىم . بۇ تاغ تىك ۋە ئېگىز بولۇپ ، ئالدى تەرەپتىن چىقماق ناھايىتى مۇشكۇل ، بىراق تاغنىڭ غەرب ۋە شەرق تەرىپىدىن ئايلىنىپ چىققىلى بولىدۇ . ئاشۇ تاغنىڭ ئۇستىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى ئادەم پاتقۇدەك بولغىنى بىلەن ئىچىگە كىرىپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن قاراڭغۇ بوشلۇق باشلىنىدۇ . شام ، چىراغ يېقىپ ئىلگىرىلەپ خېلى ئۇزاق ماڭغاندا بىر ئوچۇقچىلىققا چىققىلى بولىدۇ .

بۇ ئوچۇق يەر بەش ـ ئالتە چارەكلىك[1] تۈزلەڭلىك بولۇپ، يەر ئۈستى ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلۈك، بۇ يەرنىڭ تۆت تەرىپىنى تىك تاغ ئوراپ تۇرىدىكەن. بۇ تاغنىڭ ئېگىزلىكى ئۆينىڭ تېمىدىن ئېگىزرەك بولۇپ، ئۇ گويا كىشىگە بۇ چىمەنلىكنى تام بىلەن قاشالاپ قويغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. چىمەنلىكنىڭ ئىچىدە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەرسىلەر بار. ئۆڭكۈرنىڭ چىمەنلىككە چىقىش ئاغزىنىڭ سول تەرىپىدە ئىككى مېتىر يىراقلىقتا تىك تاغ يېنىدىن يەرگە تامچىلاپ چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر بۇلاق، بۇلاقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر تۈپ چىنار دەرىخى بار. دائىم دەرەخنىڭ شېخىغا بىر ماتا لۆڭگە ئېسىقلىق تۇرىدۇ، ھەيران قالارلىقى شۇكى، لۆڭگىنى تۇتسىڭىز بىر ئادەم تەرەت ئېلىپ، يۈز ـ كۆزىنى سۈرتكەندەك نەمخۇش تۇيغۇ بېرىدۇ. دەرەخنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تاش ئوقۇردىن ھېلىلا ئاتنى بىرى يېشىپ كەتكەندەك ئوقۇردا يەم ـ خەشەك، ياندا بىر تورۋا ئېسىقلىق تۇرىدۇ. بۇ يەردە تۇرسىڭىز، تاڭ سەھەر، چاشكا ۋاقتى، كۈن چۈش بولغاندا، ئەسىر ۋاقتى بولغاندا، سوزۇپ قىچقىرىۋاتقان خوراز ئاۋازى، قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ مەرىگەن ئاۋازى، ئاتنىڭ كىشنىشى، ئىتنىڭ قاۋىشى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇ چىمەنلىككە چۈش ۋاقتى بولغۇچە ئاپتاپ تازا چۈشمەيدۇ، چۈشتىن ئەسىر ۋاقتىغىچە قۇياش نۇرى تولۇق چۈشىدۇ. ئوقۇرنىڭ ئەتراپىدا نەم تېزەك ۋە قوينىڭ ماياقلىرى چېچىلىپ تۇرىدۇ. ئاشۇ ئۆڭكۈردىكى چىمەنلىك توغرىسىدا خىلمۇخىل رىۋايەتلەر تارقالغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زاماننىڭ قەدىمىدە، دارا تاغ ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىكەن، تاغنىڭ ئۈستىگە قىينالمايلا چىققىلى بولىدىكەن. شۇ زاماندا ئىلىم تەھسىل قىلىشتا كامالەتكە يەتكەن بىر ئەۋلىيا ياشىغانىكەن. ئۇ كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنىمۇ ئالدىن ئېيتىپ بېرەلەيدىكەن، ھەرقانداق ئاغ-

① بىر چارەكلىك يەر — بىر موغا باراۋەر.

ـرىق ـ سىللاقىدا دەم سىلىپ سىيلاپ قويسا ساقىيىپ كېتىدىكەن . ئەۋلىيانىڭ بىر ياغاچ چۆچىكى بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئوقۇپ دەم سال- سا ، چۆچەكتە لىق تاماق تەييار بولىدىكەن . ئۇ بىر چۆچەك تاماق يېۋالسا ، ئىككى ـ ئۈچ كۈن قانائەت قىلالايدىكەن . ئۇنىڭ كۈن بويى قىلىدىغىنى ئىبادەت ، قولىدىن كېلىدىغىنى ئەلگە شىپائەت ئىكەن . ئەۋلىيانىڭ خوتۇن ، بالا ـ چاقىسى يوق ، قىش كۈنلىرى يېلىڭ ۋە يالاڭ ئاياغ يۈرسىمۇ توڭلىمايدىكەن ، كېچىسى بېشىنى بىر خىشقا قويۇپ ياتىدىكەن ، تاڭ ئاتقاندا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىبا- دەت قىلىدىكەن .

ئۇ زامانلاردا ئەجدادلىرىمىز قۇياشقا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلق بولۇپ ، ئۆز نامىنى «كۈن قوۋمى» دەپ ئاتايدىكەن . ئەۋلىيا 100 ياشقا تولغان كۈنى ئۇ ياشاۋاتقان تۇپراقتا بىر ئىش سادىر بوپتۇ ، مۇشۇ زېمىندا قىلىچ ئىسىملىك بىر يىگىت بىلەن ئايناز ئىسىم- لىك بىر قىز ئاشىق ـ مەشۇق بولۇپ قالغانىكەن . يىگىت ئاشۇ ئەۋلىيانىڭ يۈزلىگەن شاگىرتلىرىنىڭ بىرى ئىكەن ، قىز بولسا ھۆسن ـ جامالدا تەڭدىشى يوق گۈزەل پەرى سۈپەت ئىكەن . بىر كۈنى پادىشاھ ئەۋلىيانى زىيارەت قىلىپ كەپتۇ ، زىيارەتتىن قاي- تىۋاتقاندا ئاشىق يىگىت بىلەن ئۇنىڭ مەشۇقى يول بويىدا بىر تۈپ چىنار دەرىخى سايىسىدە مۇڭدىشىۋاتقانىكەن . پادىشاھ يول- دىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە ، قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ . پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ يىگىت بىلەن قىزنى سۈرۈشتۈرۈپ ، يىگىت ئەۋلىيانىڭ شاگىرتى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ . پادىشاھ مەقسەتكە ئەۋلىيا ئارقىلىق يەتمە- سە بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا ۋەزىرنى ئەۋەتىپتۇ . ۋەزىر ئەۋلىيانىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە سالام بېرىپ : «مەن سىلىگە پادىشاھنىڭ ئەمرىنى ئېلىپ كەلدىم . پادىشاھ ئايناز دېگەن قىزغا ئۆيلىنىشنى ئىختىيار قىلدى ، بۇ تويغا سىلىنى ئەلچى بولۇپ بەرسۇن دەپ پەرمان قىلدى . مەن شۇ پەرماننى ئېلىپ ئالدىلىرىغا كەلدىم» دەپتۇ .

قىلىچ بىلەن ئاينازنىڭ ئاشىق ـ مەشۇقلۇقىنى ئەۋلىيا بىلدـ
دىكەن . شۇڭا قىلىچنى ئالدىغا چاقىرىپ :
— ۋەزىر ئالىيلىرى ، دۇنيادا ھەرقانداق يېتىلگەن نەرسىـ
نىڭ ئىگىسى بولىدۇ ، پەرى قىز ئاينازنىڭ ئاشىقى يىگىت مانا
ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ . بۇ يىگىت ئۆز مەشۇقىنى پادىشاھقا ئۆتۈنۈپ
بېرەمدۇ ـ يوق؟ سوراپ باقايلى ،— دەپتۇ . ئاندىن يىگىتتىن
سوراپتۇ :
— ئەي يىگىت ، سەن مەشۇقۇڭنى پادىشاھقا ئۆتۈنۈپ بېرەمـ
سەن؟ پادىشاھ مەشۇقۇڭنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ ، ئويلىنىپ جاۋاب
بەر .
قىلىچ : «دۇنيادا ئۆز مەشۇقىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدىـ
غان يىگىت بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . ئەۋلىيا :
— ئۇ دېگەن پادىشاھ ، سەن پۇقرا . ئۇ سەندىن زورلۇق
بىلەن تارتىۋالسا قانداق قىلىسەن؟— دەپ سوراپتۇ . يىگىت :
— جېنىم تېنىمدە بولسىلا پادىشاھقا مەشۇقۇمنى بەرمەيـ
مەن ، ئۆلۈپ كەتسەم ئىلاجىم يوق ،— دەپتۇ . يىگىتتىن بۇ
جاۋابنى ئاڭلىغان ئەۋلىيا ۋەزىرگە قاراپ :
— پادىشاھقا ئېيتىپ قويۇڭ ، بىر ھەقىقەتنى چەيلەپ پادىـ
شاھنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇشقا مېنىڭ ۋىجدانىم ئۇنىمايدۇ ، مانا
بۇ مېنىڭ جاۋابىم ،— دەپتۇ .
ۋەزىر ئوردىغا قايتىپتۇ ، پادىشاھ ئەۋلىيانىڭ جاۋابىنى ئاڭـ
لاپ دەرغەزەپ بوپتۇ ۋە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بوـ
لۇپ :
— لەشكەر باشلاپ ، قىزنى ھازىرلا ئوردىغا ئېلىپ كېلىڭـ
لار ، قارشىلىق قىلغانلارنى دارغا ئېسىڭلار ،— دەپ پەرمان چۈـ
شۈرۈپتۇ . ۋەزىر لەشكەر باشلاپ قىزنىڭ ئۆيىگە بارسا ، دەرۋازىـ
نىڭ ئالدىدا قېچىشقا جابدۇنغان قىز بىلەن يىگىتنى ئۇچرىتىپـ
تۇ ، يىگىت قولىغا قىلىچ ئېلىپ لەشكەرلەر بىلەن ئېلىشىپتۇ .
ئۇ بىرنەچچە لەشكەرنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ ، ۋەزىر قىزنى تۇتۇشقا

ئەمىر قىپتۇ ، بىر قىسىم لەشكەرلەر قىزنى تۇتۇپ ھارۋىغا سېلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ . لەشكەرلەر يىگىتنى چېپىپ تاشلاپتۇ ، ئۇنى كۆرگەن ئايناز پەرياد بىلەن ۋارقىراپ ھوشىدىن كېتىپتۇ ، بىر چاغدا ھوشىغا كېلىپ قارىسا ھارۋىدا ئولتۇرغۇدەك . ئۇ ۋەزىرگە :

— مەن قىلىچىنىڭ جەستى بىلەن خوشلىشىۋالسام ، رۇخسەت بەرسىڭىز ، ئاندىن كېيىن ئوردىغا باراي ، — دەپتۇ . ۋەزىر ھارۋىنى ئارقىسىغا قايتۇرۇپتۇ ، قىز ھارۋىدىن چۈشۈپ ، قىلىچنىڭ بېشى ئۈزۈلۈپ قانغا بويىلىپ ياتقان گەۋدىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ يېنىدىكى خەنجەرنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئۆزىنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپ :

— ھەقىقىي مەشۇق ئۆز ئاشىقىدىن ئايرىلمايدۇ ، — دەپ يىگىتنىڭ جەستىنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپتۇ .

قىزدىن ئايرىلغان ۋەزىر قۇرۇق قول ئوردىغا قايتىپ ئەھۋالنى پادىشاھقا ئېيتىپتۇ ، پادىشاھ غەزەپلىنىپ يېرىلغۇدەك بوپتۇ ـ دە :

— ئۇلارنى قاچۇرۇشنى پىلانلىغان ھېلىقى ئەۋلىيادىن مەن دەردىمنى ئالىمەن ، ھازىر بېرىپ ئۇ ئەۋلىيانى ئوردىغا ئېلىپ كېلىڭلار ، — دەپ پەرمان قىپتۇ . لەشكەرلەر ئەۋلىيانىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ ئوردىغا كەلتۈرۈپتۇ ، پادىشاھ سوئال ـ سوراق سورىمايلا «ئەۋلىيا دارغا ئېسىلسۇن !» دەپ ۋارقىراپتۇ . جاللاتلار ئەۋلىيانى دارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ـ دە ، پۇت ـ قولىنى يېشىپ ، قۇياشقا ئىبادەت قىلىۋېلىشقا بۇيرۇپتۇ . ئەۋلىيا ئىبادەتكە ئولتۇرۇپتۇ ، شۇ ۋاقىتتا بوران چىقىپ دار ياغىچى قاراسلاپ كېتىپتۇ . ئەتراپتا تۇرغان ھەممە ئادەم نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي چەكچىيىپلا قاپتۇ ، شۇ ئەسنادا بىر سۇمۇرغ ئەۋلىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئۈستۈمگە مىنىڭ ، — دەپتۇ . ئەۋلىيا سۇمۇرغنىڭ ئۈستىگە مىنىشىگە ، قوش قانىتىنى يېيىپ ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ ـ

ده ، كۈن پېتىش تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپتۇ .
دارنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلار ئېسىنى يىغىپ قارىسا ئەۋلىيا يوق ، ئەۋلىيا سۇمۇرغنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ ئۇچۇپ يىراقلاپ كەتكەنىكەن . ئەۋلىيانى دارنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كەلگەن لەشكەر-لەرنىڭ قولى تۇتماس بولۇپ قاپتۇ . ئۈچ كۈندىن كېيىن پادىشاھ تەختتىن پەسكە چۈشۈۋېتىپ ، پۈتى مىتكوت بولغاندەك بولۇپ يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ . شۇ يىقىلىش بىلەن ئۇنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قاپتۇ ۋە بىر ئايدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . سۇمۇرغقا مىنىپ ئۇچۇپ كەتكەن ئەۋلىيا دارا تاغنىڭ ئۈستىگە كەپتۇ . قارىغۇدەك بولسا تاغنىڭ ئۈستىدە يېشىل مەرۋايىتتەك بىر پارچە يەر تۇرغۇدەك . سۇمۇرغ ئاستا شۇڭغۇپ ئاشۇ چىمەنلىككە قونغاندا ، ئەۋلىيا ئۇنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپتۇ . چىمەنلىكتە ئوغلىقى بىلەن ئىككى ئۆچكە تۇرغۇدەك ، مېكىيانلارنى باشلاپ بىر قىزىل خوراز دانلاپ يۈرگۈدەك . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئوقۇرغا بىر ئات باغلاقلىق بولۇپ ، ئاتنىڭ يېنىدا بىر ئىت ، يەنە بىر تەرەپتە ئاپئاق ساقاللىق بىر ئادەم ياتقۇدەك . ئۇ ئادەمنىڭ چىراي ئەسرا-رىدىن قازانىڭ ۋاقتى يېتىپ ، بۇ دۇنيادىن خوشلىشىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىكەن . ئەۋلىيا ئۇ مويسىپىتكە سالام قىلىپ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ ، بوۋاي ئەۋلىيانىڭ سالىمىنى ئىلىك ئاپتۇ ، ئەۋلىيا ئۇنى يۆلىمەكچى بوپتۇ ، لېكىن بوۋاي رەت قىپتۇ .
ئەسلىدە بۇ بوۋايمۇ ئەۋلىيا ئىكەن ، ئۇ شۇنداق دەپتۇ :
— مەن بۇ دۇنيانىڭ رىيازىتىنى 200 يىل چەكتىم ، ئىبادە-تىنىمۇ 200 يىل ئادا قىلدىم . مەن بۇ خىلۋەتتە ياشىغىلى 100 يىل بولدى ، سىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭىزنى تەقدىر پۈتكەن ، ئەمدى بۇ يەرنى سىزگە تاپشۇرىمەن ، ئاۋۇ ئويۇقتىكى كىتاب مەندىن سىزگە مىراس بولۇپ قالسۇن . شۇ كىتابتىن نۇرغۇن سىرلارنى بىلىسىز ، مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن ، مېنى كېپەن-لەپ قويۇڭ ، ئاۋۇ سۇمۇرغ مەن ياتىدىغان يەرگە ئېلىپ كېتىدۇ . سىز بۇ يەردە ئىستىقامەت قىلىڭ ، بۇ ھايۋانلار سىزنىڭ ھاجىتى-

ڭىزنى راۋا قىلىدۇ ، ئۆچكىلەر سىزنى سۈت بىلەن ، توخۇلار
تۇخۇم بىلەن باقىدۇ . ماۋۇ ئاتقا مىنىپ يايلىنى سىيلىسىڭىز ،
ئۇچۇپ سىزنى كۆزلىگەن يەرگە ئېلىپ بارىدۇ . ماۋۇ ئىت ۋاپادار
جانىۋار ، سىزنى قوغدايدۇ ، ئۆڭكۈرگە چىققانلارنى تالاپ قوغلاي-
دۇ . مەن كۆپتىن بېرى سىزنى كۈتكەن ، قۇياش تەڭرى سىزنى
ماڭا يەتكۈزدى . ئەۋلىيالارنىڭ ئەھدىسى مەزلۇملارنىڭ بېشىغا
كەلگەن كۈلپەتنى توسۇش ، يۇرتنىڭ ئامانلىقى ۋە بەخت ـ تەلىيى
ئۈچۈن ، زالىملارنىڭ زۇلۇمىنى زېمىندىن كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن
ئىبادەت ـ تىلاۋەت قىلىشتۇر .

بوۋاي شۇنداق دەپتۇ ـ دە ، پانىي دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ ،
باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىپتۇ .

ئەۋلىيا ئۇ مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىكىنى تەييارلاپتۇ ، ھېلىقى
سۇمۇرغ كۆزىدىن ياش تۆكۈپتۇ ، ھايۋانلارمۇ كۆزىدىن مۆل ـ
مۆل ياش تۆكۈپ تۇرۇپتۇ . سۇمۇرغ قانات قاققانىكەن ، بىر
شامال چىقىپتۇ ـ دە ، شۇئان سۇمۇرغ بوۋاينىڭ جەسىتىنى
كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ . ئەۋلىيا شۇ يەردە ئىستى-
قامەت قىلىپ قاپتۇ ، ھازىرغا قەدەر بۇ يېشىل ھويلىدا ئاتلارنىڭ
كىشنىشى ، ئىتلارنىڭ قاۋىشى ، توخۇلارنىڭ چىللىشى ، قوي ـ
ئۆچكىلەرنىڭ مەرىشىنىڭ ئاڭلىنىپ تۇرۇشى شۇ زاماندىن قال-
غان ، ئەۋلىيا ئاشۇ يەردە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن .

## 3

گىرەلەشكەن قوللىرىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ياتقان
گۈلخۇمارنىڭ چىرايىدىن ھەسرەت ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى ،
روھى چۈشكۈن ئىدى . ئۇ شاۋاز قارىينىڭ ئاق كۆڭۈل ، بىلىم-
لىك ۋە زېرەكلىكىنى ياقتۇرۇپ قالغاچقا ، قەلبى يالقۇنلاپ تۇر-
غان مۇھەببەت ئىشقى بىلەن تېپىچەكلەيتتى . شاۋاز قارىينىڭ
ھازىر مۇشكۈل شارائىتتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ، ئۇنىڭغا ئاز-

راق بولسىمۇ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشنى ئويلايتتى ، لېكىن ئىسلاجىسىز ئىدى . گۈلخۇمارنىڭ قەلبىنى چۈشەنمىگەن خاتىپ قىزنى كېسەل دەپ ئويلاپ ، پات - پات ئۇھ تارتىپ قوياتتى .

ئابدۇرەھمان خاتىپ ئەتىگەندە كەڭ ئېڭىكىنى قويۇق ساقال باسقان تېۋىپنى باشلاپ ئايۋانغا كىرگەندە ، گۈلخۇمار تۆشەكتە قاتتىق جۆيلۈپ ياتاتتى . تېۋىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ :

— بىز كەلدۇق ، بالا كەلمىسۇن ، خىزىر بەرىكەت ، دۆلەت ، تەن سەھەت ، خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي ، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر ،— دەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن ، گۈلخۇمارنىڭ ئوڭ قولى ئۈستىگە رومالنى يېپىپ تۇرۇپ تومۇرىنى تۇتۇپ ، — خېنىم قارا كېزىك بولۇپ قالغىلى تاس قاپتۇ . قارا ئوغلاق تېرىسىگە ئېلىپ گىل بىلەن سۇخلايلى . يېيىشىگە ئارپا نېنى ، خېمىرتۇرۇچ سۇيىدە ئەتكەن ئوگرە ، كاشكاپ دورىلىرىنى بېرەيلى ،— دېدى .

ئابدۇرەھمان خاتىپ «خۇدايا شۈكۈر» دەپ قەسەمچاق تېۋىپ بىلەن هويلىغا چىققاندا ، نامازدىن يېنىپ هويلىغا هال سوراپ كىرگەن جامائەت ئۇلارغا سالام بەجا كەلتۈردى . تېۋىپ گۈلخۇمارنىڭ تومۇرىنى تۇتقىنىنى ئاڭلاپ ، جامائەت ئىچىدىكى روزى دوكا :

— قەسەمچاق تېۋىپ هەرقانداق كېسەلنىڭ تومۇرىدىن ئەمەس ، چىرايىدىن قاراپلا بىلىدۇ . ئۇنىڭدەك تېبىبى هازىر زېمىن ئۈستىدە يوق . ئۇ ئىمادىددىن قەشقەرىدەكلا تېۋىپ ،[1]— دېيىدى ، جامائەت ئۇنىڭ سۆزىنى بىردەك تەستىقلىشىپ باش لىڭشىتىشتى .

---

[1] مەشھۇر تېۋىپ ۋە جەرراھ ئىمادىددىن قەشقەرى «شەرھى ئەلقانۇن» ناملىق ئەسەر يېزىپ ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان . ئۇ مىلادىيىنىڭ 1083 - يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان . ئەللامە مۇھەممەد بىننى رەشىد بىننى ئەلى قەشقەرى ئالىم مۇھەممەد ئىبن زىكرىياغا ئىمادىددىن قەشقەرىنى تونۇشتۇرغان . ئۇنىڭ داۋالاشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ، ھەتتا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى داۋالىغانلىقى تارىخقا يېزىلغان .

— خېنىمنىڭ ئىسسىتمىسى بەك ئېغىر ، مەن نېلۇپەر بىلەن كاشكاپ تەييارلاي ،— دېدى تېۋىپ ،— خېنىمنى تېرىگە ئالايلى ، گىل بىلەن سۇخلايلى . قارا سۆگەت چۇجىسى ، ھەمشۇۋا ، ئاق لەيلىقازاق كۆتىكى ، بۇغداي ئۇنىنىڭ كېپىكىدىن پاشۇ قايىنىتىپ ، خېنىمنىڭ بويىنى يۇيايلى .

بىر نەچچەيلەن ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قوتاندىن ئېلىپ چىققان چوڭ قوچقارنى گۇلخۇمارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ ، ئۆلتۈرۈپ سويۇپ خامتالاش قىلىشتى . داشقازان ئېسىلىپ ، پىچاقلار بىلىنىپ ، نەزىر ئۈچۈن تەييارلىقتا تۇتۇش قىلىندى . شۇ كۈنى تېۋىپ گۇلخۇمارنى تېرىگە ئالدۇردى ، گىل بىلەنمۇ سۇخلاتتى ، خاتىپ جامائەتكە نەزىر بەردى .

* * *

كەچكە تەييارلانغان شادى پولۇ[1]دىن شاۋاز قارىي زورىغا بىرنەچچە لوقما يېدى ، ئانىسىنىڭ ئۈستىلىق كۆرسىتىپ ئەتكەن بۇ لەزىز تامىقىنىڭ قەدرىنى بىلگەن نورۇز بېلىنى يېشىۋېتىپ تەرلەپ ـ پىشىپ ئولتۇرۇپ بەھوزۇر تاناۋۇل قىلدى .

— خۇدايىم ئىشتىھا بەرسۇن ، دوستۇم ،— دەپ شاۋاز قارىي ئۇنى زوقلاندۇردى . نورۇز :

— يادىڭدىمۇ ، دوستۇم قارىي ، مەدرىسەدە پولۇنى دەملەپ قويۇپ ، «ئەلەم نەشرە» نى تىلاۋەت قىلىپ بولغۇچە «دەم يېدى» قىلىپ ئات بوغۇز يېگەندەك يەپ كەتكىنىمىز . ئانام سېنى تولىمۇ ھۆرمەتلىگەنلىكتىن ، پولۇنىڭ بۇ كەمىياپ تۈرىنى ئەتكەن ، ئەمما سەن قەدرىنى بىلمىدىڭ ـ دە !— دەپ تەنە بىلەن ئىما قىلىپ قېشىنى ئېتىپ قويدى .

---

[1] شادى پولۇ — بۆرەك ، تال ، جىگەر ۋە گۆشلەرنى گۈرۈچ بىلەن تەڭ توغراپ ، زىرە ، قارىمۇچ ، نوقۇت ، زىرىخ ، بىھى ، ئاپتاۋى ئۈزۈم سېلىپ ئالاھىدە ئېتىلىدۇ .

داستىخان يىغىلىپ قولغا سۇ بېرىلگەندىن كېيىن ، ئارپىبە-
ديان ، رومىببەديان ، جۇۋانى ، چىگسەي ئۇرۇقى بىلەن چۆگۈن-
دە دەملەپ ئەكىرىلگەن چاينى ھۇزۇر بىلەن ئىچىشىپ ئولتۇ-
رۇپ ، نورۇز يەنە شاۋاز قارىينى سوراق - سوئال قىلدى . بۇ
قېتىم ئۇ بوش كەلمىدى .

— سادىق دوستلۇق دېگەن مۇھەببەت قەسرىنى بىنا قى-
لىپ ، ئاشىنالىق ۋاپاسى بىلەن ئۇنىڭ سەيناسىدا دوستلۇق گۈل-
لىرىنى رەڭگارەڭ ئېچىلدۇرماق ، دوستلار چارىسىز قالغان پەيت-
لەردە دوستلۇق مەشئىلىنى يېقىپ ، ئۇنىڭ ئىستىقبالىنى مۇنەۋ-
ۋەر قىلماقتۇر ،— دېدى نورۇز سۆزىنىڭ ئاخىرىدا .

شاۋاز قارىيمۇ ئەمدى ئۇنىڭغا دېمەسلىككە پېتىنالمىدى :

— ۋاپادار دوستۇم ، رەھمەت ساڭا . بۈگۈن سەن «ھەر نېمە
قىلساڭ بىر نېمە قىل» دېگەندەك مېنىڭ كېسىلىمنى بىلدىڭ
ۋە داۋا قىلماقچى بولۇۋاتىسەن . راستىنى دېگەندە ، مېنىڭ كېسى-
لىم ئىشق كېسىلى . مەن مەشھەدكە كېلىپ ئىككى كۈندىن
كېيىن مەسچىت ئالدىدىكى چوڭ كۆل بويىدا بىر رەنانى ئۇچرات-
تىم ، ھەتتا مۇبارەك ئىسمىنىمۇ سوراپ بىلدىم . ئۇنىڭ گۈزەل
رۇخسارىنى بىر كۆرۈش ھەم ئۇ گۈزەل جانان تارقاتقان مەست
قىلغۇچى پۇراقنى بىر قېتىم ھىدلاش بىلەن مەن ئۆزۈمنى يوقى-
تىپ مەستۇ مۇستەغرەق بولدۇم . ئۆزۈمدىن ئىختىيار ، كۆزۈم-
دىن ئۇيقۇ قاچتى . ئۇنىڭ ۋىسالى مېنىڭ كېچە - كۈندۈزلۈك
ئارزۇيۇم بولدى ، شۇنىڭدىن كېيىن مەن مۇشۇ دىشۋارچىلىقتا
يۈرمەكتىمەن .

— ئۇنىڭ ئىسمى كىمكىنە ؟

— گۈلخۇمار ،— دەپ قىزىرىپ جاۋاب بەردى شاۋاز قارىي .

— ئۇنىڭ قايسى ھويلىدىن چىققىنىنى بىلدىڭمۇ ؟

— بىلدىم ،— دېدى شاۋاز قارىي ،— ئۇ قىز چوڭ كۆلدىن
سۇ ئېلىپ يانغاندا ، دەرۋازىسى شىمالغا قاراپ ئېچىلغان چوڭ
ھويلىغا كىرىپ كەتتى . ئاڭغىچە يولدا داپ ساقال ، ياغلىشاڭغۇ

يۈزلۈك ، دوغىلاق قورساقلىق بىر كىشى ئۈلۈك ـ سول تەرىپىدە غاز قانىتى بولۇپ كېلىۋاتقان كىشىلەر بىلەن بىللە شۇ ھويلىغا كىرىپ كەتتى . كېيىن ئۇقسام ئۇ ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ قىزى ئىكەن .

— ھە بولدى ، بولدى ، بىلدىم ،— دېدى نورۇز قاقاقلاپ كۈلۈپ ، — ئۇ كىشى سىرتقا چىقسا سەنجازىدا ، ھەر ئۆيگە كىرسە تۆردە ئولتۇرىدىغان ئەبدۇرەھمان خاتىپ ئاخۇنۇم . ئۇ پۈتكۈل ئالتىن ئاتۇشتا نامى بار ئادەم ، ئۆيدە تۇرۇپ ۋارقىرىسا پۈتكۈل يۇرت «خوش» دەيدۇ . كىشىلەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشـ قا ، ئالدىدا تىك تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ . سەن دېگەن قىز ئاشۇ خاتىپ ئاخۇنۇمنىڭ ساھىب رەناسى خۇمارگۈلكەندە ، راستىـ نى دېگەندە ، ئىپپەت ـ نومۇسگۈيلۈقتا يۇرتتا بۇ قىزدەك يەنە بىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ . بىر سورۇندا بىرەيلەندىن «ياقۇت غۇنـ چە ، زۇمرەت گۈللەرنىمۇ ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ » دەپ ئاڭلىغانىدىم .

— رەھمەت ساڭا دوستۇم ،— دەپ شاۋاز قارىي دەس ئورنىـ دىن تۇرۇپ نورۇزنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۇنى قۇچاقلىدى .

— ئەر ـ ئاياللار ئۈچۈن تىرىكلىك يولدىشى ۋە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ تېپىش كىشىلىك ھاياتتا ھەربىر ئىنسان دۇچ كېلىدىغان مۇھىم تاللاشلارنىڭ بىرى ،— دېدى نورۇز سۆزىنى داۋاملاشتۇـ رۇپ ، — جورا تاللاشتىن مەقسەت ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ ، ئائىلە قۇرۇشتۇر . جورا تاللاشنىڭ قانداق بولۇشى تاللىغۇچى تەرەپنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى ، ئىستىقبالى ، كەسىپ ، خىزمەت ، باشقا ئىشلىرى ۋە ھاياتىنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈش ـ ئۆتمەسلىكىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ . جورا تاللاشتا ، تاشقى گۈزەلـ لىك ۋە ماددىي شارائىتىغا قاراش — ھازىرقى ۋاقىتتا ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىققەت نەزەرىدىكى مۇھىم تەرەپ ، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . چىرايىغا قاراش ، تاشقى گۈزەللىككە ئەھمىيەت بېرىش ئەيىب ئەمەس . بۇ ، ئىنسان تەبىئىتىدىكى گۈزەللىككە بولغان

مايىللىق ، ئىنتىلىشنىڭ ئىپادىسى . كۆزگە دەسلەپ چېلىقىدىغىنى تاشقى قىياپەت ۋە چىراي بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا زوقى كېلىش ۋە ئەسىر بولۇش تەبىئىي . ئەمما ، ئىنساننى ھەقىقىي قىممەتكە ، ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدىغىنى ئىچكى گۈزەللىك ، يەنى قەلب گۈزەللىكى ۋە ئەخلاقىي كامىللىقتۇر . تاشقى قىياپەت ۋە چىراي ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ ، قىممىتىنى يوقىتىدۇ . بايلىق تېخىمۇ ئۆزگىرىشچان ، ئىشەنچىسىز . ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ھەتتا چىراي ئۆزگىرىشىدىنمۇ تېزرەك بولىدۇ . قەلب گۈزەللىكى ۋە ئەخلاقىي كامىللىق ئۆزگەرمەس قىممەت ، باھاسى چۈشمەيدىغان بايلىق بولۇپ ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ قىممىتىدە ئۆزگىرىش ، تۆۋەنلەش بولمايدۇ . ئىنساننىڭ ھەقىقىي قىممىتى مانا شۇ ئۆزگەرمەس ھەقىقەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ .

— پاھ ، سەن ئەمدى ماڭا تەنبىھ بەرگىلى تۇردۇڭمۇ؟— دېدى شاۋاز قارىي ئاغرىنغاندەك بولۇپ .

— مەندىن ئاغرىنساڭ بولمايدۇ ،— دېدى نورۇز ، — مەن ساڭا تەنبىھ ئەمەس ، بەلكى تۇرمۇشتىن مەسلىھەت بېرىۋاتىمەن .

— راستىنى دېگەندە ، مەن تېخى ھېچ نەرسە كۆرمىگەن بوز يىگىتمەن . بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىشق بالاسىغا گىرىپتار بولمىغانمەن . سۆيگۈ ئوتىنىڭ ھارارىتى يۈرىكىمنى مۇنداق قىزىتمىغان ، سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرىدا ھېچبىر پۇچۇلانمىغانىدىم . بۇ تۇگىمەس سەۋدايى ئەزىم دەرياسىغا قانداق يولۇقتىمكىنتاڭ . كۆڭۈل قۇشۇم گۈل شېخىغا قونغانىدى ، ئۇ گۈل كۆڭۈل قۇشۇمنى ئەسىر قىلىۋالدى . شۇنىڭدىن بۇيان ، كۆڭۈل ئارامىم يوقىلىپ ، بېشىم خۇددى پەلەكنىڭ چەرخىدەك ئايلىنىشقا باشلىدى .

— بۇرادىرىم ، قوي بۇ گەپلەرنى ،— دېدى نورۇز ، — ئۇ قىز ساڭا گەپ - سۆز ياكى بىرەر بەلگە قىلدىمۇ؟

— مېنىڭ ئىسمىمنى ، قىلغان تىلاۋىتىمنى سورىدى . ئاڭغۇچە كىشىلەر توپىنى كۆرۈپ قېلىپ ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى .

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

— ئىككى كۈندىن كېيىن ياشانغان بىر مەزلۇم مەن ياتقان ھۇجرىغا بىر سىۋەتچەكتە ئەنجۈر، بىر ياغلىقتا ئىككى قاتلىما ئەكىلىپ، مەندىن ھال سوراپ، تەسەللى بېرىپ كەتتى.

— قولياغلىقى ھۆل - قۇرۇق بولسىمۇ كەلدىمۇ؟

— كەلدى. قۇرۇق ئەمەس، قاتلىما بىلەن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى نورۇز، — قولياغلىق دېگەن ئاشىقنىڭ مەشۇقىغا، شۇنداقلا مەشۇقنىڭمۇ ئاشىقىغا ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرۈپ قالغان قەلبىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەن تىل ئەلچىسى ۋە يۈرەك سالمىنىڭ بەلگىسى. قولياغلىقنى سەن ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ساڭا ئاۋۋال قولياغلىق بىلەن قاتلىما ئەۋەتىشى «بۇنىڭدىكى قاتلىما، بېشىمىزغا كەلگەن ئىشق ئوتىنى باشقىلارغا دادلىما» دېگىنى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيلىغاندا ساڭا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ زىيادىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

— ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟— دەپ نورۇزغا يېلىنغاندەك تىكىلدى شاۋاز قارىي.

— مەن بىر ئويغا كەلدىم، — دەپ مەسلىھەت بەردى نورۇز، — نېمە بولسا بولسۇن، ئۇ قىزغا بىر سالام خەت يېزىپ، ئۆيىگە كىرگۈزەيلى. ئۇنىڭدا سېنىڭ بارلىق ئەرز - ھالىڭ بايان قىلىنغان بولسۇن، قىزنىڭ قولىغا يەتكۈزۈشنى بىر ئامال قىلارمىز.

بۇ مەسلىھەت شاۋاز قارىيغا ھالۋىدەك ياقتى. نورۇز شۇئان ئورنىدىن تۇرغىنىچە مېھمانخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، باشقا بىر ئۆيدىن قەلەمدانغا سېلىنغان قومۇش قەلەم ۋە مەشۇتقا مىلەنگەن سىياھ بىلەن خوتەننىڭ بىرنەچچە ۋاراق سۈرۈلگەن شىرقىرىما قەغىزىنى ئەكىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. شاۋاز قارىي قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، قەغەز ئۈستىدە يۈگۈرتتى ۋە ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ سالام خەت يېزىشقا باشلىدى...

ھويلىدىكى سۆگەت دەرىخىنى قونداق قىلغان ئاق خورازنىڭ

قۇببەيلى سەھەردە شەرققە قاراپ «قى - قى - قىق» دەپ تۈنجى قېتىم چىللىغان سۈزۈك ئاۋازى تەختىيۇندىكى يۈزلىگەن ئائىلىلەرنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى. تاڭدىن خەۋەر بېرىدىغان، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان سىلىق بۇ ئاۋاز تىپتىنچ تاڭ سەھەردە، بەك يىراقلاردىن ئۆزىگە يانداش بوم ۋە زىل ئاۋازلارنى تاپقانىدى. نورۇز قوپۇپ قارىسا، شاۋاز قارىي ئاخشام مەيدىسىگە قويۇپ خەت يېزىشقا باشلىغان تەكىيەگە بېشىنى قويغىنىچە ئۇخلاپ قېتىپلا قاپتۇ. ئۇ ئاستا پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن سىرتقا چىقىپ، باغدىكى بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدە تەرەت ئېلىپ نامىزىنى ئوقۇپ ئۆيگە كىردى.

شاۋاز قارىي يازغان سالام خېتىنى نورۇزغا خىجىللىق بىلەن تەڭلىگەندىن كېيىن، ئىۋرىقتىكى سۈنى كۆتۈرۈپ، باغ تەرەپكە چىقىپ كەتتى. نورۇز سالام خەتنى قولىغا ئېلىپ: «ئەنى جانابىي ئىززەتلىك، ئالتىن ئاتۇش ئىچرە ھۆرمەتلىك...» دەپ، باشتىن - ئاياغ ھەر قۇرىنى قانماي ئىككى، بەلكى ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇپ تۈگىتىشىگە شاۋاز قارىي كىرىپ كەلدى. نورۇز ئۇنىڭغا قاراپ:

— «موللام كۈلمەيدۇ، كۈلسە تېلىقىپ قانمايدۇ» دېگەن مانا شۇدە، نېمە بولدۇڭ دېسەم دېگىلى ئۇنىمايسەن، ئەمما دېگىن، يازغىن دەپ دالالەت قىلسام تاڭ سەھەرگىچە ياتمايسەن. يازغان خېتىڭنى ئابدۇرەھمان خاتىپتەك 100 موللىمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ. گۈلخۇمار تاشگۈل بولسىمۇ ئېرىپ كەتكۈدەك خەت بوپتۇ. مەن خېتىڭنى كۆرۈپ ئىشق - مۇھەببىتىڭگە قايىل بولدۇم. بۇ يولدا ھەرقانداق رەنج - ئەلەم كەلسە، مانا مەن تەييار. تاغ قانچە چوڭ بولسىمۇ، تاغ بىلەن كۆرۈشەلمەيدۇ. ئەمما، ئادەم ھەرقانچە يىراقتا بولسىمۇ، ئاخىر كۆرۈشۈپ ۋىسال ئارزۇسىغا يېتىدۇ. ئىشق يولى ئىنتايىن خېيىمخەتەرلىك ھەم مۇشكۈل يول. بۇ يولغا قەدەم قويغان ئىكەنسەن، ھېچبىر بالادىن قورقما، ھەرقانداق دەرد - ئەلەمگە بەرداشلىق بول. تەۋەككۇلنىڭ تۇلپا-

رىغا مىنىپ ، ھەرقانداق توسالغۇلارنى يېڭىپ ، ۋىسالىبىرى ئىلـ
گىرىلە . سەن ئىشەنچىڭنى جەزم قىل ،— دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى
تىندۇردى .

ھەر ئىككىسى ياغ سامسا ۋە شىرنە چاي ، ھالۋا بىلەن
ئەتىگەنلىك چاينى ئىچكۈچە مەسلىھەتلەشتى . «ھەزرەت سۇلتان»
جامەسىگە بېرىپ ، يەنە شۇ ھۇجرىدا ئىستىقامەت قىلغاچ ، سالام
خەتنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىزدەنمەكچى بولۇشتى .

## بەشىنچى باب

# سالام خەت

### 1

— سارە ئانا، — دەپ قىچقاردى گۈلخۇمار.

ئايۋاندا مەشغۇلات قىلىۋاتقان ئاغزى ۋە دىلى يۇمشاق سارە ئانا دىڭگۇسلاپ ماڭغىنىچە:

— لەببەي قىزىم، — دەپ، ئۇنىڭ قېشىغا كىردى.

— ماڭا بىرەر قوشۇق شوۋىگۇرۇچ قىلىپ بەرسىلىكەن.

— ماقۇل بالام، هازىرلا قىلاي.

ئاڭغىچە گۈلخۇمارنىڭ قېشىغا زۆهرە كىرىپ:

— ئەسسالام، بۈگۈن مىجەزىڭىز قانداقراق؟ — دەپ سورىدى.

— خۇداغا شۈكۈركىم، بۈگۈن پۇتۇمغا، يۈرىكىمگە جان كىرىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. بايراق ئورنىمدىن تۇرۇپ مېڭىپ باقتىم.

— هەر نېمە بولسا، خۇدايىم شىپايى كامىل ئاتا قىلسۇن، — دېدى زۆهرە.

زۆهرە ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا ئەكېلىپ، گۈلخۇمارنى تەرەت ئېلىشقا دالالەت قىلدى ۋە ئۆينىڭ ئەۋرىزىگە چىلاپچىنى قويدى.

گۈلخۇمار پەگادا تەرەت ئېلىپ يۈز ـ كۆزىنى سۈرتتى . زۆھرە ئۇنىڭ چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ، بېشىغا قەمىرىت رومالنى سالدى . گۈلخۇمار قىبلىگە قارىتىپ سېلىنغان جايىنامازدا ئولتۇرۇپ بامدات نامىزىنى ئادا قىلدى . ئاشخۇچە داستىخان سېلىندى . ئۇلار ئارپىبەديان سېلىپ دەملەنگەن چايدا نانۇشتە قىلغاندىن كېيىن ، سارە ئانا بىلەن مايسىخان ئەينۇلا ، يۇمغاقسۇت ، چۇجە گۆشى ، چامغۇر سېلىپ ئېتىلگەن شوۋىگۈرۈچنى قېتىق ۋە سىركە بىلەن كۆتۈرۈپ كىردى . زۆھرە ئاشنى ئېلىپ ، ئاۋۋال گۈلخۇمارنىڭ ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويدى . گۈلخۇمار شوۋىگۈرۈچنى قوشۇق بىلەن قوچۇپ بېقىپ :

— گۆش تۈرىدۇ ، ئىچمەيمەن ، — دېدى .

— سارە ئانا ، نېمىنىڭ گۆشى ؟ — دەپ سورىدى زۆھرە .

— قىزىم ، چۇجە گۆشى زىيان قىلمايدۇ ، — دېدى سارە ئانا .

زۆھرە بىر پىيالىچەككە بۆلۈپ ، ئازراق قېتىق ۋە سىركە ئارىلاشتۇرۇپ ، ئۇنى گۈلخۇمارغا زورلاشتۇرۇپ ئىچۈردى .

— ئەجەب ئاغزىمغا تېتىدى ، — دېدى گۈلخۇمار ، ئاندىن سارە ئانىنى قىچقىرىپ ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى .

سارە ئانا رىزالىق بىلدۈرگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ چىقىپ كەتتى . خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ كىرىپ گۈلخۇمارنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى .

— نەگە كېتىپتۇ ؟ — دېدى گۈلخۇمار چۆچۈپ .

— كىم ئۇ ؟ — دەپ سورىدى زۆھرە كۈلۈپ .

— كېيىنچە ئۇقۇپ قالارسەن ، — دەپ سارە ئانا ئۇنىڭ پېشانىسىگە نوقۇپ قويدى .

— ھە ، ئىككىڭلار ئارىسىدا مەن بىلمەيدىغان سىر بار ئىكەن ـ دە .

— سەن بىلمەيدىغان ئىش بولمايدۇ ، ئەمما ۋاقتى كەلگەندە

بىلگەن ياخشى، — دېدى گۈلخۇمار.

گۈلخۇمار تېۋىپنىڭ كاشكاپ دورىلىرىنى يەپ - ئىچىپ، بىر ئاز ياخشىلاندى. قىزىنىڭ تاۋى ياخشى بولۇپ قالغىنىنى ئاڭلىغان ئابدۇرەھمان خاتىپ ئەتىسى قەسەمچاق تېۋىپنى قىچقارتىپ كەلدى ۋە ئالدىغا چىرايلىق داستىخان سالدۇردى. ئۇ:

— بىزنىڭ ئالتىن ئاتۇشلۇقلار «ئوڭئىبىرىق مەرىپەت ئوچىقى» دېسە، مەن «ئۇنچىۋالا ئەمەستۇ، مەشھەدكە يەتمەس» دەيتتىم. لېكىن، سىلىنىڭ داۋالىرى بىزنىڭ نۇرەدىدەمىزنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولدى. ئوڭئىبىرىقتىنمۇ كارغا كېلىدىغان تېببىي ھازىق چىقىدىغانلىقىغا ئىشەندىم، — دېدى.

دەل مۇشۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، قەسەمچاق تېۋىپنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، سۆڭەكسىز تىلىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنى تازا ماختىدى. ئۇ ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا[1] نىڭ بىمارنىڭ رەڭگىرويىغا قاراش بىلەن تومۇر تۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقانداق ئىچكى كېسەللىكنىڭ مەنبەسىگە توغرا دىئاگنوز قويۇپ داۋالايدىغان تەجرىبىسىنى پۇختا ئۆگەنگەنلىكى، شۇڭا كىشىلەر «ئىمادىددىن قەشقەرىدەك تېببىي ھازىق» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا تىرىشچانلىق بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. مەلۇم بىر كۈنى ئالىم ئۆز ئۇستازى ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد رازى (860 — 920) نىڭ «كىتابۇش شاھىت» (گۇۋاھلىق كىتابى) ناملىق ئەسىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئولتۇرغاندا، رەپىقىسى سەتتارە خېنىم ئۇنىڭغا

[1] ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ھىجرىيە 170 - يىلى سۈنبۇل ئېيىدا (مىلادىيە 980 - يىلى ئاۋغۇستتا) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خىرمىشىن شەھىرىدە دۇنياغا كېلىپ، 1037 - يىلى بۇخارادا 57 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ھاياتىدا جەمئىي 223 پارچە ئەسەر يازغان، بۇنىڭ 119 پارچىسى ئىبرانى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۈيۈك ئالىمنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا تارقالغان مەشھۇر ئەسىرى 74 پارچە دەپ قىياس قىلىنماقتا. ئۇ بالىسىغا «ئەلى» دەپ ئىسىم قويۇپ، ئۆز نامىنى «ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا» (ئەلىنىڭ ئاتىسى، سىنانىڭ ئوغلى) دەپ ئاتىغان. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ نامى، تەۋەررۇك ئۇلۇغ ئەمگىكى ۋە تەلىماتى پۈتكۈل دۇنيانىڭ نادىر ئالىملىرى قاتارىدا 1000 يىلدىن بېرى ياشاپ كەلمەكتە. ئەرەبلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ «ئەبۇل تەبىب شەيخۇلرەئىس» (تېۋىپلارنىڭ ئاتىسى، پېشقەدەملەر رەئىسى) دەپ ئاتىدى. ھەرقايسى ئەللەردىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلار تېببىي ئىلىمنى ئۇنىڭ نامىغا باغلاپ «مېدىتسىنا» دەپ يورۇتۇشتى.

«هالۋايى بۇخارى» دېيىلگەن تائامنى تەييارلاپ ئەكىرىپ بېرىپ چىقىپ كەتكەنىكەن . ئىككى كېچە ، بىر كۈندۈز ئۆتكەندىن كې-يىن سەتتارە خېنىم كىرىپ ھېلىقى تائامنىڭ يېيىلمەي شۇ پېتىچە تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئوغلى ئەلىگە ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەرگەن . قەسەمچاق تېۋىپ يەنە ئىمادىددىن قەشقەرىنى غايىۋى ئۇستاز تۇتۇپ ، ئۇنىڭ تەۋەررۇك تەجرىبىلىرىنى توپلىغان-لىقىنى ئېيتىپ بەردى . تېۋىپنىڭ بۇ گەپلىرىدىن خاتىپ بىر ئاز زېرىكتى بولغاي ، ئىككى يېنىغا تولا قىمىرلاپ ، تاش-قىرىغا پات - پات قاراپ ئولتۇردى . سەزگۈر تېۋىپ گەپنى تېخىمۇ قىزىقارلىق قىلىش ئۈچۈن ، ئەمدى ئىمادىددىن قەشقەرى بىلەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بىر قېتىملىق سۆھبىتىنى قول ، ئاۋاز ۋە چىراي ھەرىكىتى بىلەن دوراپ سۆزلىدى :

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (ئىمادىددىنغا قاراپ ) : سىز مۇن-چە سالاھىيەتنى قەيەردە ئوقۇپ ھاسىل قىلغان ؟

ئىمادىددىن : (جاۋاب ئىشارىتى بىلەن ) «مەدرىسەئى ساچىد-يە» دە ئوقۇپ ھاسىل قىلغان .

بۇغراخان : ھۈنەرلىرىڭىزدىن مۇھىملىرى نېمە ؟

ئىمادىددىن : ئەمچى ، ئوتاچى (تېۋىپلىك ) .

بۇغراخان : شۆھرەتپەرەس ، باشپاشتاق ، ئىتتىپاق ئۆتمەيدى-غان قىسمەن قەشقەرىلەر ئەمچىلەرگە ئۆزىنى داۋالىتىپ نېمە قىلىدۇ ؟

ئىمادىددىن : ھەي بۈيۈك خاقانىم ، ئەنە شۇنداق ئادەملەر باشقىلاردىن ئارتۇقراق ئەمچىگە موھتاج بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ئاۋ-ۋال ئەقلىگە ، ئاندىن كۆزىگە ، ئۇنىڭدىن كېيىن بەدىنىگە ئەمچى ، ئوتاچى لازىم بولىدۇ .

بۇغراخان : ئۇلارغا داۋانىڭ لازىملىقىنى قانداق ئۇقتۇرالاي-سىز ؟

ئىمادىددىن : تەڭرىم بەندىلەرنىڭ ھەرقايسىسىغا لايىق رىزىق تەقسىم قىلىپ بەرگەنگە ئوخشاش ، ئەقىلنىمۇ تەقسىم قىلىپ

بەرگەن . شۇ تەقسىمدىن ھەربىرىگە تېگىشلىك ھەسسە بۆلگەن . باشقا تۈرك ئايماقلىرىدا بولغىنىغا ئوخشاش قەشقەرلىقلەرنىڭمۇ ئا- لىم ھەم جاھىللىرى ، تەدبىرلىك ـ تەدبىرسىزلىرى ، ئىشچان ۋە ھۇرۇنلىرى بار . بۇ تەكرىمنىڭ ئىلتىپاتىدۇر .

بۇغراخان : قەشقەرلىقلەرنىڭ يەنە قانداق ئەتىۋارلىق خۇلق ـ ئەتىۋارى بار ؟

ئىمادىددىن : قەشقەرلىقلەر سېخىي ، يۈرەكلىك ، باھادىر ، كاتتىلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان ، كىچىكلەرنى ھىمايە قىلىدىغان ، سۆزى توغرا ، مۇلايىم ، ئوچۇق يۈزلۈك ، نەسەب ـ ھەسەپلىرى پاك ، ئىززىتى نەپسلىك ، ئەمەلىيەتنى كۆرمىسە ئىقرار قىلماي- دىغان جامائەدۇر .

سۇتۇق بۇغراخان ئالىم ئىمادىددىننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان- دىن كېيىن تەبەسسۇم بىلەن ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ كۈلدى ، ۋەزىرلەردىن ئوبۇل پەتتاھ ھەم نەجمىدىن ھەتتار قاتارلىقلارغا قاراپ : «بۇ كىشى ئەھلى قەشقەرلىقلەرنى تارتىنماي ماختىدى ، راست سۆزلۈك ، سالاپەتلىك ، ئەقىللىق كىشى بولۇشى جەزمەن- دۇر» دېدى ۋە ئىمادىددىننى يېنىدا ئولتۇرۇشقا ئىما قىلدى ، ئۇنىڭ ئىلمىي تېب مەشغۇلاتىنى ، مەلۇماتىنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى .

بۇغراخان : تېبنىڭ ئەسلىي مەقسىتى نېمە ؟

ئىمادىددىن : تويغاندا ئارتۇق يېمەسلىك ، تاقىتىدىن ئارتۇق ئىشلىمەسلىكتۇر .

بۇغراخان : ھاياتتا ئەڭ زىيانلىق نەرسە نېمە ؟

ئىمادىددىن : بىر قېتىم يېگەن تاماق سىڭىپ بولغۇچە ، ئىككىنچى قېتىم تاماق يېمەسلىك . تەجرىبىلەردىن پەرھىز قىلىپ كۆرگەندە ، دۇنيادا ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەرگە قارىغاندا كۆپ يەپ ئۆلگۈچىلەر كۆپرەكتۇر .

بۇغراخان : ھاممامغا كىرىپ يۇيۇنۇش ھەققىدە نېمە دەي- سىز ؟

ئىمادىددىن : ئۇيقۇدىن قوپقان پېتى ھامماغا كىرمەسلىك ، يالىڭاچ ئۇخلىماسلىق ، ئاچچىقى كەلگەن ۋاقىتتا تاماق يېيىشكە ئالدىرىماسلىق كېرەك دەپ قارايمەن . ھەر ۋاقىتتا نورمال ھالەتتە تۇرۇپ تاماق يېيىلسە ، ئۇيقۇ تىنچ ھەم لەززەتلىك بولىدۇ .

بۇغراخان : دورا ئىستېمال قىلىشتىكى مۇلاھىزىڭىزنى ئاڭلاپ كۆرسەم .

ئىمادىددىن : سالامەت تۇرغاندا ئىمكان بار دورا يېيىشتىن ساقلىنىش كېرەك . ئەگەر ئازراق كېسەللىك سېزىلىشكە باشلىسا ، تېز داۋالاپ ، دورا ئىستېمال قىلىپ ، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش زۆرۈر .

بۇغراخان : ئەڭ ياخشى گۆش قايسى ؟

ئىمادىددىن : سېمىز بولغان ياش قوي گۆشى ياخشى . پۇراپ قالغان ، تۇزلانغان گۆشنى يېيىشتىن ساقلىنىش لازىم . ئۆچكە ، كالا ، تۆگە گۆشلىرىنىڭ ھەزىم قىلىنىشى ئېغىر ۋە خاسىيىتى دېگەندەك ئەمەس .

بۇغراخان : مېۋە يېيىش ھەققىدە مەسلىھەتىڭىز قانداق ؟

ئىمادىددىن : مېۋىلەرنىڭ پىشقىنى ياخشى ، شاخ ۋە پىلىكىدىن ئۈزۈپلا يېگى ۋاقتىدا يېيىش مەنپەئەتلىكتۇر . ۋاقتى ئۆتكەن مېۋىنى يېيىشتىن ساقلىنىش لازىم .

بۇغراخان : سۇ ئىچىش ھەققىدە مەسلىھەتىڭىز قانداق ؟

ئىمادىددىن : سۇ پاكىز ھەم سوغۇق بولسا ، نورمىدىن ئارتۇق ئىچىلمىسە ئەڭ پايدىلىق ، بەدەننىڭ قۇۋۋىتى ۋە ھاياتنى ياخشى ساقلاش ئۈچۈن غايەت پايدىلىقتۇر . پەقەت ئۇخلاپ ئورنىدىن تۇرۇپلا سۇ ئىچىش زىيانلىق .

بۇغراخان : سۇنىڭ تەمى قانداق بولىدۇ ؟

ئىمادىددىن : ئىنساندا بولغان ھايات ۋە جانغا ئوخشاش ، بۇنى سۆز بىلەن ئاڭلىتىپ ، تەرىپ بىلەن ئۇقتۇرۇپ بولمايدۇ .

بۇغراخان : ئۇنداق بولسا ، سۇنىڭ رەڭگى قانداق بولىدۇ ؟

ئىمادىددىن : سۇنىڭ ئىچىدە نېمە بار بولسا ، رەڭگى شۇنداق

بولىدۇ .

بۇغراخان : ئىنساننىڭ ئەسلى (ئاساسى) نەدە؟

ئىمادىددىن : بېشىدا .

بۇغراخان : بەدەندە نەچچە تۈرلۈك تەبىئەت بار؟

ئىمادىددىن : تۆت تۈرلۈك تەبىئەت بولۇر . بىرىنچى ، سەۋدا — شامالغا مايىل بولۇر . ئىككىنچى ، سەپرا — قىزىققا مايىل بولۇر . ئۈچىنچى بەلغەم — ھۆللۈككە مايىل بولۇر . تۆتىنچى ، خاك[①] — قۇرغاق بولۇر .

بۇغراخان : ئىنسانلار نېمىشقا بىر خىل تەبىئەتتە بولمىغان؟

ئىمادىددىن : ئۇنداق بولسا ئادەملەر يېمەيدىغان ، ئىچمەيدىغان ، ئاغرىمايدىغان ، ئۆلمەيدىغان بولۇپ ، ھەمىشە تۇرۇشى لازىم .

بۇغراخان : نېمىدىن ساقلىنىش لازىم؟

ئىمادىددىن : ئىنسان ھەممە نەرسىدە ئوتتۇرا ھال بولۇشقا تىرىشماق لازىم . تويغاندىن كېيىن ئارتۇقچە زورلاپ يېمەسلىك ، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا كۆڭۈلنىڭ تارىيىشىغا ، ئۆمۈرنىڭ قىسقا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ . زەرەرى مەلۇم بولغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلماسلىق ، نەپسىنىڭ راھىتىنى بەدەن راھىتىدىن ، سالامەتلىكتىن ئىلگىرى قويۇش ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس- تۇر خاقانىم ، — دەپ تەزىم قىلدى .

سۆھبەت ئاياغلاشقاندا ، سۇتۇق بۇغراخان ئىمادىددىن قەشقە- رىنىڭ جاۋاب ۋە سۆھبىتىدىن خۇرسەن بولۇپ ، خەزىنىچىگە بۇيرۇپ ، «سۇتۇق ئابدۇكېرىم» دەپ ئۆز نامى نەقىش قىلىنغان 1000 دىنار كۇمۇش پۇل ، بىر قارا ئارغىماق ، سەللە ۋە قىلىچ قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلغان . سۇتۇق بۇغراخان يەنە سەرمۇنشى (باش كاتىپ) گە ھېكىم ئىمادىددىننىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈۋېلىپ ،

---

① ئۇيغۇر تېبابىتىدە تۆت تادۇ ، يەنى تۆت ئامىل — ئاب (سۇ) ، ئاتەش (ئوت) ، بادى (شامال) ، خاك (تۇپراق) دەپ قارىلىدۇ .

كىتابلارغا قەيت قىلىشنى ئەمر قىلغان ...

قەسەمچاق تېۋىپنىڭ بۇ ھېكايىسىنى ئابدۇرەھمان خاتىپ ئاغزىنى چاكىلدىتىپ ئولتۇرۇپ، زەن سېلىپ ئاڭلىدى، ئۇنىڭ-دىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىن تەييارلاپ تەكچىدە قويۇل-غان پەتنۇستىكى سوۋغىنى ئەكېلىپ قەسەمچاق تېۋىپنىڭ ئالدىغا قويدى. پەتنۇستا مەشرۇدىن تىكىلگەن يان چاكلىق، ئالدى - ئارقا پەش ۋە يەڭ ئۇچلىرىغا ئىراقى تۇتۇلىغان تون بار ئىدى. خاتىپ تونىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن بەش سەرلىك بىر يامبۇنى ئالدى - دە، پەتنۇس ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويۇپ:

— قېنى تەقسىر، لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ بۇ سوۋغىمىزنى ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلغايلا، — دېدى.

— ئۆز ئىشىمىز ئىدى، جانابلىرىدىن بۇنى ئېلىشقا قانداق يۈزۈم چىدايدۇ، — دېدى تېۋىپ ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ، كېيىن يەرگىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، «ھەشقاللا - رەھمەت» بىلەن داستىخاندىكى سوۋغا - سالامنى ئالدى - دە، ساقىلىنى لىكىلدىتىپ تۇرۇپ، ئۇزاق پىچىرلاپ دۇئايى خەير قىلدى.

## 2

سارە ئانا خېمىرنى ئاق لەيلى سۈيى ۋە تۇخۇم ئېقى بىلەن يۇغۇرۇپ ئەتكەن ئاجايىپ سىپتە ئۈگرىنى گۈلخۇمارنىڭ ئالدىغا قويۇپ كۆزىگە قارىدى. گۈلخۇمار كۆز ئۇچى بىلەن جامە تەرەپكە ئىما قىلدى. سارە ئانا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، دەرھال خۇمىرىغا ئاشنى ئۇسۇپ، سوغا ئىچىگە سېلىپ ھويلىغا چىقتى. ئۇ دەرۋا-زىدىن چىقىپلا ئۇدۇل «ھەزرەت سۇلتان» جامەسىگە بېرىپ، تەنھا ھۇجرىدا «سۈرە قەسەس[1]» نى تىلاۋەت قىلىۋاتقان شاۋاز قارىينى ئۇچراتتى. سارە ئانا ئاشنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئىككى كۆز-

[1] سۈرە قەسەس — «قۇرئان كەرىم» دىكى 28 - سۈرە.

دىن بېرى نەگە كەتكەنلىكىنى سورىدى . شاۋاز قارىي ئۆزىنىڭ تاۋزى يوق بولۇپ قالغاچقا ، تەختىيۇندىكى دوستىنىڭ ئۆيىدە داۋا- لىنىپ بىر ئاز ياخشى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى .

— قارىي ئوغلۇم ، — دېدى سارە ئانا ، — ئاجايىپ ئىش ، ئاغرىساڭلىمۇ تەڭ ، ساقايساڭلىمۇ تەڭ بولىدىغان ئىش بوپتۇ .

— قانداق ، كىم بىلەن تەڭ ؟ — كۆزلىرى چانىقىدىن چاچراپ چىققۇدەك ئىنتىزارلىق بىلەن سورىدى شاۋاز قارىي .

— خۇمارگۈل بىلەنچۇ ؟

— خۇمارگۈلمۇ ئاغرىغانمۇ ؟

— ئارى ئاغرىغان ، ئاغرىغاندىمۇ گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلدى ، دەڭا ئوغلۇم .

— هازىرچۇ ؟

— قەدىر ئەھۋال ، خۇداغا شۈكۈر . يارانقان ئىگەم ئۆزى چالمىغا جان بەرگۈچى ئىكەن . ئۇ ئەمدى ماڭغۇدەك بولدى .

— هەر نېمە بولسا ، خۇدا ئۇنىڭ دەردىگە داۋا بەرسۇن .

— سىزنىڭمۇ دەردىڭىزگە خۇدايىم ئۆزى داۋا بەرگەي . مەن يەنە كېلىمەن ئوغلۇم ، ئاش سوۋۇپ قالمىسۇن ، سىزنى يادلاپ ئەتكەنتۇق . ئىچىۋېلىڭ .

— ئانا ، ئۆزلىرىگە بىھۆرمەتلىك بولمىسا ، مۇشۇ يەردە بىر ئېرسالنامىمىز بار ئىدى ... — دەپلا شاۋاز قارىي ئورنىدىن تۇرۇپ تامدىكى شامدەك قېتىپلا تۇرۇپ قالدى .

— ئۇنى مەن نېمە قىلىمەن ؟ — دەپ سورىدى سارە ئانا .

ئىشق دەردى شاۋاز قارىيغا ئاجايىپ بىر شىجائەت ئاتا قىلد- غاندەك ، باتۇرلۇق بىلەن بەلۋېغىغا تۈمارچە يۆگەپ باغلىۋالغان ئېرسالنامىنى ئېلىپ :

— بۇنى خۇدا ھەققى ئۇچۇن خۇمارگۈلنىڭ قولىغا تەگكۈ- زۈپ ، مېنىڭ ھالىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن بولسىلا ، — دېدى .

— ماقۇل ئوغلۇم ، ئىككىڭلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ، — دەپ سارە ئانا تۈمارچە خەتنى ئېلىپ ، يېڭىنىڭ ئۇچىغا

يۆگىدى ـ دە ، ھۇجرىدىن يېنىپ چىققىنىچە ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ كەلدى .

ئايۋاندا سۈت سۈزۈۋاتقان گۈلخۇمار ئاخىرقى سۈتنى قاچىغا قۇيۇپ ، ئىككى تۇۋرۇك ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۈت قويىدىغان شوتىنىڭ 11 ـ تۆشۈكىگە قويۇۋەتكەندىن كېيىن ، قىزىلچە ئۆيگە كىرىپ ، سارە ئانا بەرگەن تۇمارچە خەتنى ئاچتى . لېكىن ئۇنى ئېچىش بىلەنلا تۇمارچە ئىچىدىن چىققان ئوت گۈلخۇمارنىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت ئاتەشىنى تۇتاشتۇردى . گۈلخۇمار تۇمارچە خەتنى دەم سۆيدى ، دەم يۈزىگە سۈرتتى ، دەم يۈرىكىگە تاڭدى ، باغرىغا باسقانچە ئۆينى يۇمىلىنىپ ئايلىنىپ ، يەنە قويۇپ تۇگۈلۈككە ئەكېلىپ يورۇقتا خەتكە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى . قەغەزنىڭ بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى بېتىدىكى ياش داغلىرىنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ «ئاھ» دەپ يىقىلدى . ئاڭغۇچە سارە ئانا كىرىپ ئۇنى يۆلەپ ، يۈرىكىگە سۇ چاچتى.

گۈلخۇمار ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ، شاۋاز قارىي بۇ ئىبىر-سالنامىنى يازغۇچە كۆزىدىن ئاققان ياش داغلىرى تېخى قەغەز يۈزىدە چەل بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ : «يار مەن ئۈچۈن شۇنچە ئازاب تارتىپ يىغلاۋاتسا ، مەن بۇ يەردە بەخىرامان يۈرسەم ، مەشھەدتە قانداق يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن» دەپ ئويلاپ ، ئۇنىڭ مۇھەببەت ئىشتىياقى ۋە سۆيگۈ شەۋقى تېخىمۇ زىيادە بولدى ـ دە ، ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى .

— قىزىم ، خەتتە نېمە دەپتۇ ، بىلدىڭىزمۇ ؟

— ياق ، مەن خەت ئوقۇيالمايمەن ئەمەسمۇ .

— ئۇنداقتا ، قانداق قىلىمىز ؟

سارە ئانا بىلەن گۈلخۇمار ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ ، «زۆھرە موللا قىز ھەم ئاغزى چىڭ» دەپ ، ئۇنى قىچقىرىپ بۇ سىرنى دېمەكچى بولدى . بىردەمدىن كېيىن زۆھرەمۇ بىر تەخسىدە ئۈزۈم كۆتۈرۈپ ، گۈلخۇمارنىڭ ھالىنى سوراپ كىرىپ كەلدى . گۈلخۇمار تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا ھاجىتى

چۈشۈپ قالغانلىقىنى ، لېكىن سىرنى ياتلارغا دېمەسلىكىنى جې-
كىلىدى ، ئۆتۈندى . زۆھرەمۇ سۇباتىنى بىلدۈرۈپ ، «نان ئۇر-
سۇن» دەپ ئالتىن ئاتۇشچە قەسەمنى قوشۇپ قويدى . گۈلخۇمار
بەرگەن خەتنى زۆھرە ياندۇرمىلاپ ئوقۇدى . ئۈچەيلەن دېۋەيلەپ
تۇرۇپ ، خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇشتى :

«ئەي جانابىي ئىززەتلىك ، مېھىر - شەپقەتلىك ، ئاپتاپ
تەلئەتلىك ، ئاشنائى قىيامەتلىك . ئالتىن ئاتۇش ئىچرە ھۆرمەت-
لىك ، قەدىر قىممەتلىك . مۇشتەرى سائادەتلىك ، ئەدلى ئادالەت-
لىك . كۆرۈشكىلى ئارزۇلۇق بولغان ، مۇڭداشقىلى مۇڭلۇق بول-
غان . قىزىلگۈلدىن بوي ئالغان ، كاككۇكتىن خوي ئالغان . كۆڭ-
لۈمنىڭ پىكرى ، تىلىمنىڭ زىكرى ، چىشلىرى ئۈنچە ، قاشلىرى
قەلەم ، چاچلىرى سۇمبۇل ، ئارامى باغىمنىڭ گۈلى ، چىمەنلەر-
نىڭ بۇلبۇلى ، دەردىمنىڭ داۋاسى ، رەنجىمنىڭ شىپاسى ، گۈزەل-
لەرنىڭ رەناسى ، ئاقىللارنىڭ داناسى . كۆڭۈل رىشتى باغلانغان ،
ھىجرانلىقتا داغلانغان ، كۆرۈشكىلى ئىشتىياق بولغان ، كېچە -
كۈندۈز تەلەپكار بولغان مەشۇقۇم ۋاپادارغا ئاشىق بىۋاپادىن سا-
لام !

ھەپتىلەردىن بۇيان كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قاچتى ،
تامامۇ ئۇستىخانغا ئوت تۇتاشتى .
تۇتاشقان ئوت ئىچىدە كۆيدى بۇ جان ،
قوۋۇشماق نىيىتىدە دىل پەرىشان .
ساڭا كۆيمەكلىكىم ھەقتىن ئىرادە ،
مېنى كۆيدۈرمىگىل مۇندىن زىيادە .
خەت يېزىپ نامە ئەۋەتتىم مېھرىبان يارىم ساڭا ،
ئوقۇتۇپ ئىلكىڭگە ئال مەلۇم بولۇر ھالىم ساڭا .
كېچە - كۈندۈز يىغلىماقتىن ئۆزگە ئىش يوقتۇر ماڭا ،
بۇ مېنىڭ يىغلىغىنىمنى كىم بېرىپ ئېيتۇر ساڭا ،
ئاي بىلەن كۈننى قوشۇپ ، ئەلچى ئەۋەتتىم مەن ساڭا .

ئايمۇ ياندى ، كۈنمۇ ياندى ، ھېچ خەۋەر يوقتۇر ماڭا ،
يا كېلىپ جېنىمنى ئال ۋە يا كۆڭۈل بەرگىن ماڭا .
دىلىمدىن چىقمىدىڭ ھەر كۈن ئېسىمدە ،
كېچە ياتسام كۆرەرمەن سېنى چۈشۈمدە .
ئاي ئالدىمدا ، كۈن كەينىمدە ، ھەسرەت ئىچىمدە ،
چىقماس ئوتنى ماڭا سالدىڭ ، دەردىم ئىچىمدە .
سېنى مەن ياد ئېتىپ جېنىم قەلەمقاش ،
كېچە - كۈندۈز كۆزۈمدىن ئاقتى قان - ياش .
كېچە ھەم سەھەردە ياد ئېتەرمەن ،
كى ئول خالىق ئەزىمگە داد ئېتەرمەن .

يۈسۈپ زىلەيخادىن ، لەيلى مەجنۇندىن ، ۋامۇق ئۇزرادىن ، پەرھاد شېرىندىن ، تاھىر زۆھرەدىن ، ھورلىقا ھەمرادىن ، غېرىب سەنەمدىن ، تۆگە بوتىلىقىدىن ، قوي قوزىسىدىن ، كېيىك ئايىغىدىن ، ئۇچار قۇش قانىتىدىن ، بۇلبۇل چىمەندىن ئايرىلغاندەك ئايرىلىپ ، سۇندى قاناتىم قايرىلىپ ، كۆرۈشەيلى يېرىم دىدار خەت بىلەن ، ئۆلۈپ كەتمەي پىغان بىلەن ، دەرد بىلەن :
خەير ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم
پېقىرلىرى موللا شاۋاز قارىي » .

گۈلخۇمار خەتنى چىلىڭ مۇجىغانچە يۈرىكىگە تېڭىپلا كۆڭلى ئايىندى . زۆھرە ئۇنى يۆلەپ دەس كۆتۈرۈپ تۆشەكتە ياتقۇزدى . گۈلخۇمار بىر ئاز ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ، مەسلىھەتلىشىپ جاۋابنامە يازماقچى بولۇشتى ، زۆھرە چىقىپ قەلەم - قەغەز ئەكىردى . گۈلخۇمار تۆشەكتە بىئارام يېتىپ تۇرۇپ ، يىغا ئاردىلاش كۆڭلىدىكىنى دەپ بەردى . زۆھرە ئەمدىلەتىن يازماقچى بولغاندا ، خاتىپنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالغاچقا ، خەتنى توختىتىشتى .
شۇ كۈنى ئاخشىمى غۇۋا چىراغ يورۇقىدا گۈلخۇمار بىلەن

زۆھرە تەكىيە ئالدىدا يېتىپ جاۋابنامە سالام خەت يېزىشتى . ئۆيدە قەغەزنىڭ پىرىسلىغان ئاۋازىدىن باشقا سادا يوق .

«مۇھەببەتلىك يۇرەكتىن سىغىنغاندا يازغان خەت . چىراي- لىقىم ، ئاشىقىم ، دىلدارىمغا سالام خەت . مېنى قارىم يارىم دەيدۇ ، جاندىن ئەتىۋار كۆرگەن ، ئۆلپەت بولۇپ ئۆمۈرلۈك ئىش- قى بىرلە كۆيدۈرگەن .

مۇھەببەتنامە يازدىم ئاڭلىسۇن دەپ ،
مېنىڭ كۆيگەنلىرىمنى چاغلىسۇن دەپ .
قىزىلگۈل ئاچىلىپ نىشانە قىلدى ،
سېنىڭ ئوتۇڭ مېنى دىۋانە قىلدى .
قىزىلگۈل سايىسى ساينىڭ بۇلاقى ،
ئەجەب دىشۋار ئىكەن يارنىڭ پىراقى .
قىزىلگۈل زىننىتى بۇلبۇل ئەمەسمۇ ؟
ساڭا مەندەك بىر گۈل لازىم ئەمەسمۇ ؟
سېنى كۆردۈم نىگارىم ئاشۇ ھەپتە ،
شۇندىن بېرى يۇرىكىم لەختە ـ لەختە .
سېنىڭ ئوبدانلىقىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشتەك ،
پىراقىڭدا كۆيۈپ بولدۇم قومۇشتەك .
ئىچىمگە ئوت تۇتاشتى ، قالمىدى جان ،
شۇڭا تارتماس بۇ كۆڭلۈم ئاش بىلەن نان .
بېيت بىلەن جاۋاب قىلدىم خېتىڭنى ،
سېلىپ قويدۇم بىر قانچە يەرگە ئېتىڭنى .
سېنى مەن بىر كۆرۈپ قالدىم بالاغا ،
تەرەھھۇم ئەيلىگىن مەن بىناۋاغا .
ئېتىمنى يازمىدىم ئۆزى بىلۇر دەپ ،
خالايىق بولمىغۇر گەپ ـ سۆز قىلۇر دەپ .
ئىبەردىم مەن بۇ خەتنى قاشلىرىغا ،
تىلەپ دۆلەت ، سائادەت باشلىرىغا .

جۇدالىقتا يۇرۇپ بىزنى ئۇنۇتماڭ ،
خۇدا سالغان سۆيگۈ ئوتىنى سوۋۇتماڭ .
سېغىندىم بىناھايەت ئۆزلىرىنى ،
كۆڭۈلگە خۇش مۇبارەك سۆزلىرىنى ،
نە سائەتتە كۆرەرمەن ئۆزلىرىنى ،
چىناردەك قەددى ـ قامەت يۇزلىرىنى .
ئەگەر بارالىسام مەن قاشلىرىغا ،
قىزىلگۈل بوپ قوناتتىم ، باشلىرىغا .

كۆرۈشۈشكە ئىشتىياقدار بولغان ، سۈبھى شامدا تەلەپكار ئاشىقىم ۋاپادارغا مەشۇقى بىۋاپادىن يوللىغان جاۋابنامە سالام خەت . نالايىق خەستە دىللىرى گۈلخۇمار بىۋە ـ بىچارە» .

خەتنى يېزىپ پۈتكۈزگەندە ، ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ ئۆگزىسىدىكى «ئاق تاپان» ئىت يولدىن ئۆتكەن يولۇچى ، بازارچىلارنىڭ شەپىسىنى ئېلىپ ، بايلارنىڭ ئىتىغا لايىق يوغان ۋە سەت ئۈنى بىلەن قاۋىدى .

زۆھرە خەتنى ئاستا ئاۋاز بىلەن ئوقۇپ بەردى . گۈلخۇمار ئېسەدەپ ئۆكسۈپ يىغلاپ ، كۆزىدىن تاراملاپ چۈشۈۋاتقان ياشنى داكىشال كۆڭلىكىنىڭ يەڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ ئېرتماقتا ئىدى . خاتىپنىڭ قوپۇپ تەرەتكە ماڭغانلىقى بىلىندى . ئۇلار دەرھال چىراغنى ئۆچۈرۈپ ، تۈڭلۈككە قاراپ مارجاندەك كۆزلىرىنى يۇمماي ، تاڭ قىزى چولپان بىلەن سۆزلىشىپ لەپپىدە ئۆيقۇغا كەتتى . ئەتىسى گۈلخۇمارنىڭ تەدبىرىگە ئاساسەن خەت ئىچىگە كىچىك بىر تال سامان ، كۆمۈر پارچىسى ۋە بىر تال توخۇ پېيى سېلىپ قويۇلدى . خەت بىلەن بىللە ياغلىقتا چىلان دەرىخىدىن ياسالغان كىچىك تاغاق ، كۆرىدىغان يۈزى سىياھ بىلەن بويالغان كىچىك ئەينەكمۇ سېلىندى . خەتنى چىرايلىق قاتلاپ يۆگىگۈچە گۈلخۇمارنىڭ قوللىرى تىترەپ ، ئەزايى بەدىنى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلدى ۋە سارە ئانىنى ئىشارە بىلەن قىچقىرىپ ، خەتنى

شاۋاز قارىغا تاپشۇرۇشنى جېكىلىدى .

*　　　　*　　　　*

سارە ئانا مەنچۇزە ئاش ① ئېتىپ ، شاۋاز قارىينىڭ ھۇجرىسىغا كىچىك خۇمرا بىلەن يەتكۈزدى . بۇ يەردە نورۇزمۇ بار ئىدى . گۈلخۇمار يازغان جاۋابنامە ۋە تۈگۈنچەكنى ئالغان شاۋاز قارىينىڭ قول - پۇتلىرى تەڭلا تىترەپ كەتتى . ئۇلار خەتنى ئوقۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالامەتلەرنى كۆرگەندە شاۋاز قارى يىغلىغىلى تۇردى . نورۇز ئىككى چېكىسىنى تۇتۇپ ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن چۇراپ ئورنىدىن تۇردى .

— خەت ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ مەنىسى بار ئىكەن . مەن چۈشەندىم . ئەمدى يىغلىما دوستۇم ، — دېدى نورۇز ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بەردى : — بۇ «سېنىڭ ئوت پىراقىڭدا چىرايىم ساماندەك سارغايدى ، پەيدەك قۇرۇپ كەتتىم ، كۆيۈپ كۆمۈردەك بولدۇم» دېگەنلىك . ئەمما ، كىچىك تاغاق بىلەن ئەينەك ۋە ئەينەك يۈزىنىڭ بويىلىشىدا ئايرىم غەرەز - مەقسەت بولسا كېرەك .

— سېنىڭچە گۈلخۇمارنىڭ مەقسىتى نېمىدۇ ؟

— مېنىڭچە ، — دەپ بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ چۈشەندۈردى نورۇز ، — ئەينەك يورۇقلۇق ، يەنى كۆڭۈلنىڭ بەلگىسى ، ئۇنىڭ كۆرىدىغان تەرىپىنىڭ بويالغانلىقى قاراڭغۇ ، يەنى كېچە دېگەنلىك . تاغاق سۆڭگۈچكە ئوخشايدۇ . ياغلىق يېپىلىدىغان كەڭ نەرسە ، ئۇ باغ دېگەن مەنىدە . بۇ ئۈچىنىڭ مەنىسى «كېچىدە سۆڭگۈچتىن باغقا كىر» دېگەنلىك بولىدۇ . قايسى كۈنى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن نەرسىلەرنى سانىساق بىلىنىدۇ . خەت ،

---

① مەنچۇزە ئاش — قۇشقاچ تىلى ئاش ، يەنى سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى . بۇ ئاشنىڭ خېمىرى نوقۇت چوڭلۇقىدا كېسىلىدۇ . بۇ ، كېسەلمەن ۋە زەپى مەيدە كىشىلەرگە بېرىلىدىغان قەدىمكى تاماقلاردىن بىر خىلى .

سامان ، پەي ، كۆمۈر ، ئەينەك ، تاغاق بولۇپ ھەممىسى ئالتە ئىكەن . دېمەك ، «ئالتىنچى كۈنى كېچىدە سۆڭگۈچ بىلەن باغقا كىر» دېگەن ئىشارە بولىدۇ .

— سېنىڭ مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان چاغدىكى تۇغما بىلىمدانلىقىڭغا قايىل ئىدىم . لېكىن ، مۇنداق ئەقىللىق ، ھەكىملىكىڭنى ئويلىماپتىكەنمەن . خۇداۋەندە كېرىم بەندىسىنىمۇ مۇنداق زېرەك يارىتىدىكەن ، — دەپ ئاپىرىن ئوقۇدى شاۋاز قارىي ۋە ھۇجرا ئىچىدە كىچىك بالىدەك سەكرەپ كەتتى .

— قارىيئاخۇنۇم ، ئالدىرىمايراق خۇش بولۇپ سەكرىسىلە . ئۇ نەرسىلەرنى بىلەلىشىم زېرەكلىكتىن ئەمەس ، بەلكى ئوقۇغانلىرىمنى ئىشلىتەلىگەن ۋە ئورنىنى توغرا تەھلىل قىلالىغانلىقىمدىن دېيىشكە بولىدۇ . ئالتىنچى كۈنى دېگەندە ، بۈگۈن شەنبىدىن باشلاپ ھېسابلىساق ، يەكشەنبە ، دۈشەنبە ، سەيشەنبە ، چارشەنبە ، پەيشەنبە ئاخشام كېچىسى بولىدىكەن . بىز شۇ كۈنگە چىددىي تەييارلىنىشىمىز لازىم ، — دېدى نورۇز .

— ئۇ كۈنگە نېمە تەييارلىق قىلاتتۇق . ئىككىمىز بارىمىز ، باغنى ئايلىنىپ ، سۆڭگۈچنى تاپىمىز . مەن كىرىپ ۋىسالغا ئېرىشىپ ، ئەرز ـ ھالىمنى بايان قىلىپ خۇمارگۈلنىڭ دىدارىغا مۇشەررەپ بولىمەن ، — دېدى شاۋاز قارىي .

— بەللى ، سېنىڭ تەنتەك ھېسسىياتىڭ بىلەن قويۇلغان مۇھەببىتىڭنىڭ ، يارغا ئىزھار قىلغان مېھىر ـ شەپقىتىڭنىڭ ئاسانلا قولغا كېلىشىنىڭ قانچىلىك لەززىتى بولار ؟ مۇھەببەت يولىغا كىرىش ئاسان ، ئەمما ئۇنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىش ، ۋىسالغا ئېرىشىش ، مۇراد ـ مەقسەتكە يېتىش بەكمۇ تەس . ئىشلارنى بېجىرىش قىيىن ئەمەس . مۇھىمى بۇ ئىشقا دىققەت قىلىش زۆرۈر . «بالىلا سالدى ئاللانى ، موللا ئالدى كاللانى» دېگەندەك ، بىرلا «ئاللا» دېگەن بىلەن ھەممە ئوڭ كېلىپ قالمىشىۋەرمەيدۇ ، جېنىم دوستۇم ، — دېدى نورۇز . بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاۋاز قارىينىڭ بېشى پىرىرىدە قېيىپ ، ئۇندىمەي تۇرۇپ قالغانلىقىنى

كۆرگەن نورۇز، — يۇر! — دەپ، ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ بازارغا باشلاپ چىقىپ ساتىراشقا چاچ - ساقىلىنى ئالدۇردى.

دۈشەنبە كۈنى ئالتىن ئاتۇشنىڭ بازار كۈنى ئىدى. ئۇ ئىككىيلەن كەچكىچە بازار ئايلىنىپ، قورساق ئاچقاندا تاماق يېيىشتى. كەچتە ئۆيىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك سودىلىقىنى تۈگەتكەن نورۇز شاۋاز قارىيىنى تەختىيۇندىكى ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئەتىسى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، نورۇز ئۆزى سۇ ئىسسىتىپ، شاۋاز قارىيىنى غۇسلى - تەرەت ئېلىۋېلىشقا دەۋەت قىلدى، ئاندىن شاۋاز قارىيىنىڭ ئۇچىسىدىكى تون ۋە كۆڭلەك - تامباللىرىنى ئۆيىدىكىلەرگە تاپىلاپ پاكىز يۇيدۇرۇپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، دەزمال سالدۇردى. نورۇز نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆيىدە يىغىپ ساقلىغان تەبىئىي ماتېرىياللارنى نىسبەت بويىچە تەڭشەپ تەييارلىغان گۈل سۈيى[1] نى چاچتى. ئەتىسى كەچلىك غىزادىن كېيىن ئۇلار مەسلىھەتلەشتى.

— بۈگۈن سەيشەنبە، تاڭ ئاتسا چارشەنبە بىرلا كۈن قالدى، — دېدى نورۇز، — خۇدا خالىسا، ئەتە ئىككىمىز ئەتىگەندە ئاۋۋال «ھەزرەت سۇلتان» مازىرىغا بېرىپ دۇئاتەۋەججۇتتا بولىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن گەپلەشكەن بولۇپ، ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ باغ چۆرىسىنى ئاستا ئايلىنىپ، دائىم سۇ كىرىپ تۇرىدىغان سۈڭگۈچنى، باغ تېمىنىڭ شورا يەرلىرىنى، قاچىدىغان - تۇرىدىغان دالدىلىرىنى، خىلۋەت جايلىرىنى تازا كۆرۈۋېلىپ كۆزىمىزنى پىشۇرىمىز. مۇبادا بىرەر ھادىسىگە ئۇچراپ قالساق، سېنى ئەلۋەتتە جان تىكىپ قۇتۇلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن — ... دەپ، شاپگىرلىق سەنئىتىنى[2] كۆرسىتىپ ئىشلىگەن، تىغى قىرودەك پارقىراپ تۇرغان بىر خەنجەرنى يېنىدىكى كۈمۈش

---

① گۈل سۈيى — قەدىمكى ئۇيغۇرلار كىر - قات يۇيۇپ قاتلايدىغان چاغدا، باغدىكى قىزىلگۈللەرنىڭ توزۇپ كېتىدىغانلىرىنى يىغىپ قاينىتىپ، سۈيىنى كىيىمگە چاچاتتى، بۇنىڭدا كىيىمدە قىزىلگۈلدەك پۇراق پەيدا بولىدۇ.

② شاپگىرلىق سەنئىتى — قىلىچ ۋە خەنجەرنىڭ يۈزىنى سۈرتۈپ، ھەسەن - ھۈسەن كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلىدىغان تۆمۈرچىلىك ماھارىتى. بۇ ئۇيغۇرلارغا خاس ھۈنەر - سەنئەت.

قاپلىق غىلاپتىن سۇغىرىپ ئېلىپ ، شاۋاز قارىيغا كۆرسەتتى .
— شۇنداقمۇ بولارمۇ تېخى ؟ — دەپ سورىدى شاۋاز قارىي .
— بولىدۇ يا بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ . كىشى ھەرقانداق ئىشتا غالىب بولسا ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ ، مەغلۇپ بولغاندا سۇنغان ساپالدەك بولماسلىقى لازىم ، — دەپ نورۇز كۆزىنىڭ قىرىدا شاۋاز قارىيغا قاراپ قويدى ، — گۈلخۇمار بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقىنىڭدا ئاۋۋال ئۇنىڭغا قائىدە بىلەن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بەرگىن . ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرز - ھالىڭنى يەتكۈز . ھەرگىز بەتقىلىق بولمىغىن ، نەپسىڭنى ساقلىغىن . قىز كىشى دېگەن مەھرەملىكتىن چەتنىسە ، ئۆزىگىلا داغ چۈشۈپ قالماي ، باشقىلارنىمۇ بۇلغايدۇ . بۇنىڭدىن ھەزەر قىلغىن .
— ئەلۋەتتە دېگىنىڭدەك بولىدۇ . مەن ئۆمۈرلۈك جۈپتى روزىغار بولۇش نىيىتىدىمەن . ھەرگىز چىزا لەززەتنى دەپ شاللاقلىق قىلغۇچىلاردىن بولمايمەن ، — دېدى شاۋاز قارىي .
— قەدىمدىن تارتىپ قىز - يىگىتلىرىمىز نەسلى - نەسەبى ، ئۆرپ - ئادىتى ، تىلى ۋە ئېپپەت - نومۇسنى ساقلاشنىڭ لازىملىقىنى بىلىپ يەتكەن ، — دەپ گەپ باشلىدى نورۇز ، — مۇھەببەتلەشكۈچى يىگىت - قىزنىڭ ئارىسىدا ھايا ، ئېپپەت - نومۇستىن ئىبارەت ئىززەت نەپسىنىڭ پەردىسى بولۇشى لازىم . چۈنكى ، ئۇلار قان - قېرىنداش ياكى تېخى ئەر - خوتۇن ئەمەس ، ھەتتا ئەر - خوتۇن ، قان - قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ھايا ، ئېپپەت - نومۇسنىڭ پەردىسى بولۇشى لازىم . ۋەدە قىلغۇچى يىگىت ياكى قىزنىڭ قايسىبىرى ئىززەت نەپسىنىڭ گۆھىرىنى بۇزسا ، ئۇ ھالدا ئۆمۈرلۈك تۇرمۇشداش بولغۇسى جۈپتى روزىغارى ، ئائىلىسى ، پەرزەنتلىرى ئالدىدا كەچۈرگۈسىز خىيانەت ۋە جىنايەت ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، قەدىمدە ئەركەكلىرىمىز ئۆز جۈپتى روزىغارى ، يەنى ئايالىنى «قاتىن» دەپ ئاتىغان . «قاتىن» سۆزى «دىلى (يۈرىكى) دىلىغا ، ئېتى ئېتىگە ، جېنى جېنىغا قېتىلغان ، ئارىلاشقان ، ئۇيۇشقان» دېگەنلىك بولۇپ ، كېيىنچە

«ق» ھەرپى ئورنىغا «خ» ھەرپى ئالمىشىپ، «خاتىن»، «خاتۇن»، «خوتۇن» بولۇپ ئىشلىتىلمەكتە. كونىلاردا «ياخشى خوتۇن كۆندۈزى راھەت، كېچىسى توي؛ يامان خوتۇن كۆندۈزى قايغۇ، كېچىسى ئوي» دېگەن گەپ بار.
ئەجدادلىرىمىز قەدىمدە ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتىدىكى ئەدەپ ـ قائىدىلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا سادىقلىق بىلەن ئەمەل قىلىپ، يايلاق ۋە چېدىر ئالدىدىكى بۇلاق ـ كۆللەردە ياشايدىغان، ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ئاق قۇ قۇشى ئۇچۇن ئورۇن ھازىرلاپ بېرىشكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئوۋ ئوۋلىغۇچى مەرگەنلەرنىڭ ئوقى ئەگەر ئەركەك ئاق قۇغا تەگسە، ئۇ يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە، چىشى ئاق قۇ تېخىمۇ ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈپ، ئاندىن قانىتىنى جۈپلەپ تۆۋەنگە شۇڭغۇپ، كۆكسىنى زېمىنغا قاتتىق ئۇرۇپ، ئۆزىنى ھالاك قىلىدىكەن. ئەگەر چىشى ئاق قۇغا ئوق تەگكەن بولسا، ئەركەك ئاق قۇمۇ خۇددى ئاشۇ تەرىقىدە ئۆزىنى ھالاك قىلىدىكەن. بىزدە ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولى بولغان «ئاق قۇنى ئوۋلىغانلارنىڭ ئائىلىسى قۇتامايدۇ، بەخت يولى ئېتىلىدۇ» دەيدىغان ئىشەنچ، قاراش بار. ئەجدادلىرىمىز ئۆز جۈپتى روزىغارىغا خۇددى ئاق قۇغا ئوخشاش سادىق، ۋاپادار ۋە سەمىمىي بولغان. ئائىلە مۇناسىۋىتىدىكى بۇ ئەنئەنىۋى ئادەتلەر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلىنىپ كەلگەن...
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، شاۋاز قارىينىڭ ئىشەنچى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ كېيىنكى سۆھبەتلىرى پەيشەنبە ئاخشىمى گۈلخۇمار بىلەن ئۇچرىشىشتا دېيىلىدىغان گەپ ـ سۆز، ئەۋەتىلىدىغان ئەلچى، توي كۈنىدىكى ھالاۋەت، كېيىنكى شېرىن كۈنلەر، ئۆي سازاۋەرچىلىكى، تۇغۇت تويى، بۆشۈك تويى، ئىسىم تويى... قاتارلىق شېرىن خىيال ـ ئارزۇلار ھەققىدە بولۇپ، شۇنىڭ تاتلىقى بىلەن ئاغزىنى تاتلىق قىلىشىپ ئۇخلاشمىدى. شاۋاز قارىي ئۇخلىماي تۇرۇپلا چۈشەكەپ: «شاھىد-

مەردان...» دەپ توۋلاپ تاشلىدى.

## 3

نورۇز بىلەن شاۋاز قارى پەيشەنبە كۈنى پېشىن نامىزىدىن ئىلگىرى مەشھەدكە كېلىپ «ھەزرەت سۇلتان» جامەسىنىڭ يېنىدىكى ساتىراشخانىغا كىردى. نورۇز بۇ ساتىراشخانىنىڭ دائىملىق خېرىدارى بولغاچقا، ساتىراش ئۇستام ئۇلارنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى شاگىرتلىرىغا يۇمشاتتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزى بىر قوللۇق پاكىز قىرىپ ياساپ قويدى.

بۈگۈن نورۇزنىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كىرىۋالغانىدى. ئۇ «گۈلخامار تۈنجى ئۇچرىشىش كۈنىگە نېمە ئۈچۈن پەيشەنبىنى تاللىدى؟» دەپ ئۆزىچە كۆپ باش قاتۇردى. «گۇمان ئىمانىنى قاچۇرۇپتۇ» دېگەندەك، نورۇزنىڭ ئەتىگەندىن بۇيان پېشىنى ساڭگىلىتىپ جىمغۇر يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن شاۋاز قارىينىڭ كۆڭلىگە ھەر خىل خىياللار كىرىۋالدى. ئۇ دوستىنىڭ ئاغزىنى ئېچىش ئۈچۈن خېلى ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن نورۇزغا ھېچبىر گەپ خۇشياقمىدى. شاۋاز قارىينىڭ ئىچى تازا سىقىلىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، بىردىنلا نورۇز بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا چىرايىنى ئېچىپ قارىدى - دە، «خاسىيەتلىك پەيشەنبىنىڭ سىرىنى تاپتىم» دەپ، گەپنى تۆۋەندىكى تارىخي ۋەقەدىن باشلىدى:

11 - ئەسىردىكى كامالەتكە يەتكەن قەشقەر ئالىملىرىنىڭ پېشۋاسى، ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس ۋە تىلشۇناس ھۈسەيىن ئىبىن ئەلى ئىبىن خەلەپ «مەدرىسەئى ھامىدىيە» دە ئۇزاق يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ، ئۆمرىدە كۆپ رەنجۇمۇشەققەتلەرنى چېكىپ، كۆپ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ ھاردۇق يېتىپتۇ. شۇڭا، ئۇ ياشانغان ۋاقتىدا ھاردۇق چىقىرىش ۋە غەم - قايغۇدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن سەپەر قىلىشنى ئىختىيار قىلىپتۇ. قاراخانىيلار

خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئەبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخان ① ئوردا
ئالىملىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ئىززەت ـ ھۆرمەت يۈزىسىد-
دىن ھۇسەيىن ئىبىن ئەلى ئىبىن خەلەپنى 80 نەپەر شاگىرتى
بىلەن ھەجگە ئۇزىتىپتۇ .

ھۇسەيىن ئىبىن ئەلى ئىبىن خەلەپنىڭ ئىلمىي ھېكمەت جە-
ھەتتىكى پازىلى ، زاھىتلىقى پۈتكۈل مەشرىق ۋە مەغرىبكە خېلى
بۇرۇندىنلا مەلۇم ئىكەن . شۇڭا ، مىسىر ئالىملىرى ھۇسەيىن
ئىبىن ئەلى ئىبىن خەلەپنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئالدىغا چى-
قىپتۇ . ئۇ ناھايىتى كۆپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن شەھەر ئىچى-
دىكى بىر كاتتا تەكىيەخانا (مېھمانخانا) غا چۈشۈپتۇ ، بىرنەچچە
ۋاقىت ھەمسۆھبەت ۋە ئىلمىي مۇنازىرىدە بوپتۇ .

ھۇسەيىن ئىبىن ئەلى ئىبىن خەلەپنىڭ كىچىك پېئىلى ، ئاد-
دىي ـ ساددىلىقىنى كۆرگەن مىسىر ئالىملىرى ئۇنىڭ «ئەللامە»
لىكىگە دەرگۇمان بولۇپتۇ . سىناپ كۆرمەكچى بولۇشۇپ ئۇنىڭ-
دىن : «ئىماننىڭ ئەسلى نېمىدۇر ؟» دەپ سوئال سوراپتۇ . بۇ
سوئالنىڭ نېمە غەرەزدە سورىلىۋاتقانلىقىنى دەرھال پەملەپ يەت-
كەن ھۇسەيىن ئىبىن ئەلى ئىبىن خەلەپ : «ئەي سائىللار ، ئىمان-
نىڭ ئەسلىسى خامپىدىكى بىر سەر ئۇندۇر» دەپ جاۋاب بېرىپ-
تۇ . مىسىر دانىشمەنلىرى ئۇنى تۇزلۇكتە (بىلىمسىزلىكتە)
ئەيىبلەپ مەسخىرە قىلىشىپتۇ . ھۇسەيىن ئىبىن ئەلى ئىبىن خە-
لەپ بولسا : «بۇ سۆزنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى تاڭلا مەن بۇ
شەھەردىن چىققاندىن كېيىن بىلەرسىلەر» دەپ ئەتىسى مەككىگە
قاراپ راۋان بوپتۇ . راست دېگەندەك ، بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن
بۇ شەھەردە قاتتىق قەھەتچىلىك يۈز بېرىپتۇ . ئاچارچىلىق ۋە
ئۇسسۇزلۇق دەردىدىن كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ گۆشىگە ، قېنىغا
زار ھەم تەشنا ، ئىمانى خاراموش بولۇشۇپتۇ . شۇ چاغدىلا ئۇلار

① ئەبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخان مىلادىيە 1075 ـ 1102 ـ يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇر-
غان .

ھۈسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپنىڭ سۆزىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىدىغا ئىشىنىپ ، قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىشىپتۇ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەككىگە بېرىپ خاتا قىلغانلىرىغا ئىقرار قىلىشىپ ، ئەپۇ سوراپتۇ ھەمدە مىسىرغا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپتۇ . چوڭ ـ كىچىك ھەممە ھۈسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ ، قىزغىن قارشى ئاپتۇ . ئۇ بىر مەزگىل دەرسگۈيلۇق قىلىپ ، كېيىن قەشقەرگە قايتماقچى بوپتۇ .

مىسىر ئۆلىمالىرىنىڭ ئالاھىدە ئۆزىتىپ قويۇشىغا مۇيەسسەر بولغان ھۈسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندە ، يېشى 80 دىن ھالقىغان ۋە كۈچ ـ قۇدرەت ، ئەقىل ـ ئىقتىدار جەھەتتە ئاجىزلىغان . شۇڭا ، ئۇ مۇدەررىسلىكنى توختىتىپ ، ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان . ھۈسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ : «مەن قېرىپ قالدىم ، ھالىم ـ كۈچۈم بۇرۇنقىدەك ئەمەس ، ھەپتىدە بىر كۈنلا دەرس بېرەي . دەرس ئالغۇچىلار ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى ھۇزۇرۇمغا كىرسۇن» دېگەن . سۆھبەت سورۇنىدىكى بىرەيلەن دەرس بېرىشكە نېمە ئۈچۈن پەيشەنبە كۈننى تاللىغانلىقىنى سورىغاندا ، ئۇ : «مېنىڭ ۋاپاتىمدىن كېيىن ، كىمدە كىم 48 پەيشەنبە قەبرەمگە كېلىپ ‹سۈرە ياسىن › نى ئوقۇپ ، مېنىڭ روھىمغا دۇئا قىلسا ، ئاللاتائالا ئۇ كىشىگە ئىلىم ئاتا قىلغاي . شۇڭا ، بۇ كۈننى دەرس ئۆتىدىغان كۈن قىلدىم» دېگەن .

مانا بۇ ، ئۇلۇغلارنىڭ نەزەرىدىكى پەيشەنبە كۈنىنىڭ بىر خاسىيىتى ، — دېدى نورۇز گېپىنى توختىتىپ ، — بۇ كۈنىنىڭ سىرى ۋە خاسىيىتى توغرىسىدا يەنە بەزى مىساللار بار ، — ئۇ بايىقى گېپىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى .

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، مۇدەررىس ھۈسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن . ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا مەئىما (ئەركىلەتمە ئىسمى ئەبۇلپەتتاھ ) ، كىچىك ئوغلى ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىكەن . خوجا مەئىما ئاتا قارىنىدىن چۈشۈپ

دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئېچىپ يۈيۈپ زاكىلانغاندا، ئىككى مۇرىسىدە قىلدەك ئىككى قىزىل خالنىڭ بارلىقى بىلىنىپتۇ. ئاقىل ۋە مۇنەججىملىكتە ئالدىنقى قاتاردا سانالغان ھۆسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپنىڭ كۆڭلى ھەم خۇش بوپتۇ، ھەم غەش بوپتۇ. ئۇنىڭ تەبىرىچە، چوڭ ئوغلىنىڭ ئوڭ مۈرىسىدىكى قىزىل خالى ئوقۇپ ئالىم بولۇشىنىڭ، سول تەرىپىدىكى قىزىل خالى مۇراد - مەقسىتىگە يەتمەي تۇرۇپ ئالەمدىن بالدۇر كېتىشىنىڭ بەلگىسى ئىكەن.

خوجا مەئىما بالاغەتكە يەتكەندە، بىر پەيشەنبە كۈنى دەرستىن پارىغ بولۇپ، باشقا تالىپلار بىلەن سەيلە قىلىش ئۈچۈن تۈمەن دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى بۈگۈنكى كۈندە «كونا ئوردا» دەپ ئاتالغان ئوردا يېنىغا كېلىپ، ئوردا دەرۋازىسى ئىچىدىكى گۈللۈكتە سەيلە قىلىۋاتقان ساھىبجامالنى كۆرۈپتۇ. ئۇ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قەشقەردىكى سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان توغرۇل قاراخان يۈسۈپ[①] نىڭ قىزى ئىكەن. خوجا مەئىمانىڭ ئۇ قىزغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، ئۇ مەلىكىنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئاخىر بۇ سىرنى يېقىن ساۋاقداشلىرىغا ئېيتىپ، مەسلىھەت سوراپتۇ. ساۋاقداشلىرىنىڭ بەزىسى: «بۇ قىز پادىشاھنىڭ قىزىكەن، سىلىگە نېسىپ بولماسمىكىن» دەپتۇ. ئارىدىن بىرسى: «بۇرادەرلەر، ماڭا بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ. توغرۇل قاراخان يۈسۈپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ پۇشتى. شۇڭا، سىلى ‹ھەزرەت سۇلتان› قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلىپ تۈنەپ، بۇ مەقسەت يۈزىسىدىن ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ باقسىلا، ئاللا دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلسا ئەجەب ئەمەس» دەپتۇ. خوجا مەئىماغا بۇ پىكىر مۇۋاپىق كېلىپ، «نائۈمىد بولمىغىنىم تۈزۈك» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ-

---

① توغرۇل قاراخان يۈسۈپ مىلادىيە 1059 ـ 1075 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى.

تۇ ، ئاندىن ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ ، ئالتىن ئاتۇشتىكى «ھەزرەت سۇلتان» مازىرىغا بېرىپ ئۈچ كۈن تۈنەپ ، ئىستىقا. مەتتە بولۇپ ، ئاللاغا تىلەك ـ مۇددىئاسىنى ئېيتىپتۇ . ئاخىرقى پەيشەنبە كۈنى كېچىدە كۆرگەن چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابەلىرى بىلەن كېلىپ توغرۇل قاراخان يۇسۇپنىڭ قىزىنى خوجا مەئىماغا نىكاھلاپ قويۇپ غايىب بوپتۇ ، ئويغىنىپ قارىسا چۈشى ئىكەن .

ئاشۇ كېچىسى مەلىكىمۇ چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. نىڭ نۇرغۇن ساھابەلەر بىلەن كېلىپ ، ئۆزىنى خوجا مەئىماغا نىكاھ قىلىپ ، بېشىدىن بىر چاڭگال خورمىنى چېچىپ غايىب بولغانلىقىنى كۆرۈپتۇ . قىز شاھ ئاتىسىغا كىشى ئەۋەتىپ چاقى. رىتىپ كەپتۇ ۋە بۇ چۈشىنى ئېيتىپتۇ . بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھېس قىلغان توغرۇل قاراخان يۇسۇپ ئەتىسى قەشقەردىكى ئاتاق. لىق دىنىي ئالىم ، چۈش ئۆرۈگۈچىلەرنى ئوردىغا چاقىرتىپ كېلىپ ، قىزىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراپتۇ . بۇ چۈشكە مۇنەججىملەر : «قىزلىرى خوجا مەئىماغا نېسىپ بوپتۇ» دەپ تەبىر بېرىپتۇ . ئەمما ، بەزىلەر «بۇ نىكاھ ھېساب» دېسە ، بەزىلەر «ھېساب ئەمەس» دېيىشىپتۇ . ئوردىدا قىزغىن مۇنازىرە بولۇپ ، ئاخىر قايتا نىكاھ قىلىش پىكرىگە كەپتۇ ۋە شاھ مەلىكىسىنى خوجا مەئىماغا ياتلىق قىلىپتۇ . 40 كېچە ـ كۈندۈز شاھانە توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈپ ، تامامى قەشقەر خەلقىگە «بۇغرا ئاش» تارتىلىپتۇ ، ئويۇن ـ تاماشالار قىزىپ كېتىپتۇ . ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ .

خوجا مەئىما ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەلمەپتۇ ، بۇنىڭغا مۇنداق بىر ھادىسە سەۋەب بولۇپتۇ : كۈنلەردىن بىر كۈنى خوجا مەئىما ئاتى. سىدىن دەرس ئېلىۋاتقاندا ، شاھ توغرۇل قاراخان يۇسۇپتىن خەۋەرچى كەپتۇ . خەۋەرچى ھۇسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپكە سالام بەرگەندىن كېيىن ، «شاھ بۈگۈن خوجا مەئىما بىلەن بىر. لىكتە ئوۋغا چىقىدىكەن . شۇڭا ، ئوغلىڭىزنى چاقىرغىلى كەل.

ىدىم» دەپتۇ . ھۆسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ : «بالامنىڭ ئوقۇيدىغان دەرسى تۈگىمىدى ، شاھقا ئىيتىڭ ، بارالمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . خەۋەرچى كەتكەندىن كېيىن ، يەنە ئارقىمۇئارقا ئىككى خەۋەرچى كېلىپ ، يۇقىرىقى گەپنى تەكرارلاپتىكەن ، خوجا مەئىما كۆڭلىدە : «مەن شاھنىڭ كۈيئوغلى تۇرسام ، شاھ چاقىرسا بارمىسام بولمىغۇدەك» دەپ ، كىتابنى يېپىپتۇ . ئاتىسى : «ئوغلۇم ، شاھ ئۈچ قېتىم چاقىردى ، ئەمدى سىز بېرىڭ» دەپتۇ . خوجا مەئىما شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ سالام بېرىپ ، شاھ بىلەن بىرلىكتە ئوۋغا چىقىپتۇ . ئوۋ ئوۋلاۋېتىپ خوجا مەئىما ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ جان ئۈزۈپتۇ . بۇمۇ دەل پەيشەنبە كۈنى ئىكەن . قەشقەر خەلقى بۇ زاتنىڭ پىراقىدا ماتەم تۇتۇپتۇ ، ئەمما ھۆسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپنىڭ كۆزىدىن بىر قەترىمۇ ياش ئاقماپتۇ ، بەلكى ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىپ ، جايىدىن قوپماي ئولتۇرۇپتۇ . كىشىلەر : «بىزنىڭ يۈرىكىمىز كاۋاپ بولۇپ ، كۆز ياشلىرىمىز سەلدەك ئېقىۋاتسا ، ئاتا بولغۇچىنىڭ بىر قەترە ياشمۇ ئاقتۇرماي ، يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ ئولتۇرغىنى نېمىسى ، مۇنداقمۇ باغرى تاش ئاتا بولامدۇ؟» دەپ مالامەت قىلىپتۇ .

ھۆسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ يارەنلىرىدىن بىرىنى تەشتەك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ ، ئاندىن قولىنى ئاغزىغا سالغانىكەن ، ئاغزىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان قانغا تەشتەك ئۈچ مەرتىۋە تولۇپتۇ . ھۆسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ : «ئى يارەنلەر ، مەن پەرزەنتىمگە نېمە ئۈچۈن ئازار قىلماي ھازا قىلدىم؟ ئەمما سىلەرگە ئاشكارا قىلمىدىم . ئاشكارا يىغلاپ ياش تۆكۈش ئۆلگۈچىگە ئاچچىقلىق ۋە ئازابتىن باشقا ھېچ نەرسە ئېلىپ بېرەلمەيدۇ . ئىشەنمىسەڭلار قاچىغا كېلىپ ياشنى ئىچىپ بېقىڭلار ، زەھەردىن باشقا نېمە تېتىمايدۇ . ئۆلگۈچى ئۈچۈن تۆكۈلگەن ياشنىڭ ھەر قەترىسى ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن دەريا بولۇپ ، ئۆلگۈچىنى غەرق قىلىپ ئازابقا سالىدۇ . شۇنداق تۇرۇقلۇق ،

مۇنداق جاپانى كىم پەرزەنتىگە راۋا كۆرىدۇ؟» دەپتۇ. ئەتىسى «مەدرىسەئى ھامىدىيە» نىڭ يېنىدىكى ئازنا مەسچىتتە جۇمە نامىزىدىن كېيىن، خوجا مەئمانىڭ جىنازا نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، «ئەسكى ھېسار» نىڭ «يەتتە قىبلە» دېگەن جايىدىكى «خانلىق قەبرىستانلىقى» غا دەپنە قىلىنىپتۇ.

ھۇسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپنىڭ كىچىك ئوغلى ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار بىننى ھۇسەيىن «مەدرىسە» دە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۇستازلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. دادىسى ئۇنىڭ ئىلىمگە زور ئىشتىياق باغلىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، «ئوبۇل پۇتۇھ» دېگەن تەخەللۇسنى قويغان. ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار بىننى ھۇسەيىن تارىخ بىلىملىرىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، ئۆز دەۋرىدىكى نوپۇزلۇق تارىخىي كىتابلارنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ھەر كۈنلۈكى دىنىي كىتابلارنى كۆرۈش ۋاقتىدىن تارىخ كىتابلىرىنى كۆرۈش ۋاقتى ئۇزاق بولغان. ئۇ «ساچىيە مەدرىسە» سىدىكى تارىخقا ئائىت بارلىق كىتابلارنى كۆرۈشتىن سىرت، دادىسى ئارقىلىق نۇرغۇن تارىخىي بىلىملەرنى بىۋاسىتە ئۆگەنگەن ۋە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا بولۇپ ئۆتكەن زور تارىخىي ۋەقەلەرنى خاتىرىلەپ ماڭغان. كۆپلىگەن تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، ئالىملارنىڭ ئەھۋالى يېزىلغان كىتابلارنى توپلاپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، كۆپ مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. ئۇ «تارىخىي كاشغەر»[1] ۋە «ئۇستازلارنىڭ توپلانغان يېرى» ناملىق ئىككى بۈيۈك ئەسەرنى ۋە بىزگە مەلۇم بولمىغان باشقا ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ ئىككى ئەسەرنى ئۆز دەۋرىدىكى ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى يۇقىرى باھالىغان ۋە قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، كەڭ تارقالغان. ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئەللامە دەرىجىسىگە يېتىپ شان ـ شۆھرىتى

① يېقىنقى زامان تارىخ ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىنغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە نەسەبنامىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنىڭ كۆپچىلىكى «تارىخىي كاشغەر» دىن ئېلىنغان.

ئاتىسىنىڭكىدىنمۇ زور بولغان . بەزى مەلۇماتلاردا ، ئۇ «ئۆز زامانداشلىرى ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر ئىدى» دېيىلگەن …

نورۇز سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، «گۈلخۇمارنىڭ ئەجەب ئەقلى بار ئىكەن» دېدى ـ دە ، كۈلۈپ كەتتى . شاۋاز قارىينىڭ كۆڭلى ئەمدى جايىغا چۈشۈپ ، نورۇزنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ :

— ئەمدى سىرنى تېخىمۇ چۈشەندىم . سەن ئەقىللىق ھەم بىلىملىك بولۇپلا قالماي ، يەنە قالتىس تەدبىرلىك ئىكەنسەن . رەھمەت ساڭا قىيامەتلىك دوستۇم ، — دەپ ئۇنىڭ قولىنى قوش قوللاپ تۇتتى .

* * *

قىزىلچە ئۆيدە زۆھرە بىلەن گۈلخۇمار دۆشىدە خېنىگۈل سوقۇپ ، ئۇنىڭغا ئەينۇلا ، ئاچچىق ئۇزۇم ، شاتۇت ، زەمچىلەرنى قوشۇپ قوللىرىغا يېقىشقاندىن كېيىن ، لاتا بىلەن يۆگەلگەن چوماقتەك قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە تەڭلىشىپ ، خۇددى مۇسابىقىگە چۈشكەن جانبازلاردەك ھەرىكەتلەرنى قىلىشتى . يوغان قىلىشالىغىنى بىر ـ بىرىنىڭ يۈزىگە خېنە يۇقۇندىلىرىنى تەگكۈزۈش بولدى . ياتار چاغدا ئۇلار خېنە قولغا ئوبدان ئىچسۇن ئۈچۈن ، كېچىچە تەرەت بىلەن يېتىشنى شەرت قىلىشتى . ئەمما ، ئاۋۋىلى ئاخشامدىن باشلاپ سۇبھى سادىق (راست سۇبھى) قىچە ھەر ئىككىسى كۆزىنى يۇممىدى .

— مۇبادا شاۋاز قارىي باغقا كىرەلىسە ، سىز ئۇنىڭ ئالدىغا بارامسىز ، ئۇ كېلەرمۇ؟ ئۇ سىزگە قاتتىق مەھلىيا بولغاندەك تۇرىدۇ . يازغان ئىپرسالنامىسىگە قارىغاندا ، تەزىمنى قايسى نۇسخىدا قىلىسىز؟ مەن بىر كۆرۈپ باقاي ، — دەپ بېقىندىدى زۆھرە ، — كۆڭلىڭىزنىڭ ئۇنىڭغا مايىللىقى راست . لېكىن ، ھەرھالدا ئەدەپ ـ قائىدىدىن چەتنىمىگىنىڭىز ياخشى . ئەدەپ ـ

قائىدىگە مۇخالىپ ئۇچراشسىڭىز ، خاتا قىلغان بولىسىز .

— ئائىلىمىز نىزام ، دەستۇرىنىڭ قانچىلىك چىڭ ۋە مۇستەھكەملىكىنى ، دادام بۇ ئىشلارنىڭ زەررىچىسىدىن خەۋەردار بولۇپ قالسا ··· مېنىڭ ئۆزۈمنى قويۇشقا جاي تاپالمايدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىمەن ، — دېدى گۈلخۇمار .

زۆھرە چاقچاق ئارىلاش گەپ - سۆزلەرنى تولا قىلىپ ، گۈلخۇمارنى گاھى خۇش - گاھى خاپا قىلىۋەردى . ئاخىر ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى . ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ، زۆھرە زورلاپ گۈلخۇمارنىڭ چېچىنى 21 بۇغداي سېكىلەك قىلىپ ئۆرۈدى . ئۇنىڭ چېكىسىنى تۈزەشتۈرۈپ ، گۈللەرنى قىستۇردى ، ئالدى - كەينىگە ئۆتۈپ ، 1 - ، 9 - ، 21 - چاچلىرىدىكى كۆز مونچاقنى تەكشىلىدى ، كېيىن باغدىكى گۈللۈكتىن بىر سىقىم ئوسما ئەكىرىپ سىقىپ ، پىلتىكۈچ تەييارلاپ قاشلىرىغا قېنىق قىلىپ ئوسما قويۇشتى . بۈگۈنكى ساپ نىيەت ، سەمىمىي قەلب بىلەن قىلىنغان قىزلارغا خاس زىننەت گۈلخۇمارنىڭ ناتىۋان بەدىنىدىكى ناز - نازاكىتىگە تېخىمۇ ياراشتى . كۈنمۇ كەچ بولۇپ ، شەپەقتە قىزىللىق غايىب بولدى .

## ئالتىنچى باب

# خاسىيەتلىك پەيشەنبە ئاخشىمى

### 1

شاۋاز قارىي بىلەن نورۇز پېشىن نامىزىدىن يېنىپ ، «ھەز-رەت سۇلتان» مازىرىغا كېلىپ ئۆرە تۇرۇپلا دۇئا قىلىشتى . قەبرىگاھنىڭ ئالدىدا بىر سائىل ساپايە چېلىپ ، ھەزرەت نەۋائى-نىڭ غەزىلىدىن ھۆكمەت ئېيتىپ ئولتۇراتتى :

ئىتلار قاۋاشۇر گادانى كۆرسە ،
ئاشىق سۆيۈنەر بەلانى كۆرسە .
كۆپ ناله قىلۇر سەھەرده بۇلبۇل ،
گۈلنىڭ يۈزىده سابانى كۆرسە .
پەرۋانە ئۇرار ئۆزىنى چىراغقا ،
ئوتنىڭ يۈزىده خۇدانى كۆرسە .
مەقسەتكه يېتەر نەۋائى شۇدەم ،
مەھشەر كۈنى مۇستاپانى كۆرسە .

سائىل ئېيتقان ھۆكمەت غېرىب - مۇساپىرلارنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ ، كىشى قەلبىگە ئاللىقانداق بىر مۇڭ سېلىپ ئۆتتى .

شاۋاز قارىي كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ ، سەدىقە بېرىۋاتقانلارغا قاراپ يانچۇقىنى سىيلىدى . ئاڭغۇچە نورۇز يېنىنى ئاختۇرۇپ ، بىرنەچچە يارماق پۇلنى ئېلىپ سائىلغا بەردى . پۇلنى كۆرگەن سائىل ساپايە چېلىشنى توختىتىپ ، ساپايە تۇتقان ئوڭ قولى بىلەن سول قولىنى تەڭ كۆتۈرۈپ ، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بىر هازا دۇئا قىلدى . سائىلنىڭ ئوقۇغان ھۆكمەتلىرى بىلەن دۇئاسىنى ئاڭلاپ تۇرغان بەزى كىشىلەرمۇ نورۇزغا ئەگىشىپ دەرھال يانچۇقلىرىنى كولاشتى .

نورۇز بىلەن شاۋاز قارىي مەسلىھەت بويىچە يەنە بىر قېتىم ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن پال بەرگۈچى تىلسىم بېغىنىڭ ئەنجان تېمىنى ئايلىنىپ ، باغنىڭ بەلگىلىرىنى مۆئەييەنلەشتۈرمەكچى بولۇپ مېڭىشتى . ئېرىتكەن قوغۇشۇندەك بىر ئېرىق قارا سۇ ئېقىپ ، خۇددى بەلگە قىلىنغان تاغاق ئەگمىسىدەك سۇڭگۇچتىن باغقا كىرىپ كېتىۋاتاتتى . شاۋاز قارىي يار ۋىسالىغا بالدۇرراق ئېرىشسەم دەپ ئۆزىنى ئېرىققا ئاتقۇسىمۇ كەلدى ، لېكىن دوستى نورۇزدىن شەرم - هايا قىلغانلىقتىن زور تاقەت كەلتۈردى . ئۇ سىرىنى نورۇزدىن قانچىلىك پىنھان تۇتقان بىلەن قەلبى ئىشتىياق ۋە ئارزۇ - ئارمان ئوتىدا خۇددى پەرۋانىدەك كۆيۈپ ياناتتى . ئۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى بىر كۈن مەھشەرگاھنىڭ كۈنىدىنمۇ ئۇزاق كۈن بولدى . نورۇز غەم بىلەن قولىغا ئېلىنۋالغان تاياقتا ئېرىق سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەپ : «بۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى گەز ، چارەكتىن ئاشمايدىكەن» دېدى . ئۇ يەردىن ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە ، شاۋاز قارىينىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپلا قالغاندەك بولدى . شۇ ئەسنادا ، بېشىغا ئاق داكا رومال ئارتقان ، يۈزى يېرىم ئوچۇق سارە بۇۋى مەسچىت تەرەپتىن دىڭگۇسلاپ مېڭىپ كېلىپ ، چوڭ قاپاق تېرەكنىڭ يېنىدا ئۇلارغا يولۇقتى . ئۆزئارا تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن ، سارە بۇۋى :

— قارىي ئوغلۇم ، بۈگۈن پەيشەنبە ، پەخەس بولغايلا ، —

دەپ قويۇپلا كېتىپ قالدى .

— بەللى ، بەللى — دېدى نورۇز ، — كونىلار ئېيتقاندەك ، ئىش ئوڭىغا كەلسە ھەممە ئىش قاملىشىپ كېلىدىكەن . بىزنىڭ قىياسىمىز جايىدا چىققاندەك تۇرىدۇ . مانا ھازىر سارە بۇۋى خۇددى بۇۋى خەدىچە ① ئانىمىزدەكلا كارامەت خەۋەردىن بىرنى يەتكۈزدى ۋە بېشارەت بەردى .

سارە بۇۋى ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ سىڭلىسى ئىدى . ئۇنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى ، پەم - پاراستى جۇشقۇنلىنىپ تۇرۇپتۇ . ئۇ ئەلچى بولۇپ ئوتتۇرىدا مېڭىپ ، بۇ ئىككى ياشنىڭ ئۆمۈرلۈك غۇنچە گۈلىنى ئېچىلدۇرسا ، بۇنىڭدىنمۇ كۆڭۈللۈك ، خۇشاللىق ئىش بولامدۇ ؟ بۇگۇن ئۇ گۈلخۇمارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن شاۋاز قارىينى ئىزدەپ كېلىپ ئاخىرى ئۇچراشقانىدى .

*    *    *

نورۇز بىلەن شاۋاز قارىي قىزغىن پاراڭلىشىپ مەسچىت ئالدىغا كېلىۋاتقاندا ، جامائەت شام نامىزىغا ئالدىراپ كىرىۋاتقان چاغ بولغانىدى . ئۇلار نامازدىن يېنىپ ھۇجرىغا كىرىپ ئولتۇ- رۇپ ، سۆزمە ۋە ئۈزۈم بىلەن ئازغىنا نان ئەنگۈر قىلىشتى . لېكىن ، ئالدىنقى كۈنىمۇ ، تۈنۈگۈنىمۇ ئۇيقۇسىزلىقتا ئۆتكەن ھەر ئىككىسىنى تەڭلا ئۇيقۇ باستى . نورۇز :

— شاۋاز قارىي ، ۋاقىت تېخى بالدۇر ، ئەل ياتقۇدىن بۇرۇن ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ . مەن بىر ئاز كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالاي ، تۈن يېرىمىدا ئويغىتارسەن ، — دەپ جېكىلىدى .

شاۋاز قارىي مىختەك ئولتۇرۇپ ، تالاغا چىقىپ - ئۆيگە كىرىپ يۇلتۇز ساناپ ، تۈن يېرىم بولغاندا نورۇزنى ئاستا ئويغات- تى . ھەر ئىككىسى تەڭ قەددىنى رۇسلاپ ، «بىسمىللا» دەپ

① بۇۋى خەدىچە — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئايالى .

بوسۇغىدىن قەدىمىنى ئاستا ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى . غۇبارسىز سامادا روببە ئەكبەر ، روببە ئەسقەر ، زۆھرە يۇلتۇزلىرى ئۇلارنى ئۇزىتىۋاتقاندەك ، ئاشىقلارنىڭ سىردىشى تولۇن ئاي ھەممە كوچىنى يىغىپ كۆرۈشۈۋالسۇن ئۇچۇن چىراغ تۇتۇپ ئالدىدا مېڭىۋاتقاندەك ، بۇلۇتلارنى ئىتتىرىپ - ئىتتىرىپ ماڭماقتا ئىدى .

ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىن ئۆتكەندە ، ئۇنىڭ ھەسەتخور ئىتى خىرقىراپ خىرىس بىلەن قاۋىدى . ئۇلار سۇڭگۇچ قېشىغا بېرىپ «بىرەر كىشى ھاجەتكە تۇتۇش قىلسا ئۇنىڭدىن قورقار» دېگەندەك تاپ توختاشتى . ئەمما ، نورۇز ئىشتىنىنى تۇرۇپ ، جۇرئەت بىلەن سۇغا سەكرەپ چۇشۇۋىدى ، ئىشتىنىنىڭ بىر پاچىقى ھۆل بولۇپ كەتتى . شاۋاز قارىيىنى سۇغا چۇشمەي تۇرۇپلا تىترەك باسقىلى تۇردى .

— ئاشىق يىگىت ، سۆيگۈنىڭ دىدارىغا مۇشەررەپ بولماي تۇرۇپ ئەھۋال بۇ تۇرسا ، ئەگەر بىرەر ئايغاقچى پېيىمىزغا چۇشۇپ توختا دېسە ، كارامەت بار ئوخشايدۇ . سەن بۇ ئىشقا قەدەم قويغان ئىكەنسەن ، بۇ يولدىكى ھېچبىر بالادىن قورقمىغىن . بارلىق مۇشكۇلاتلارغا بەرداشلىق بېرىپ ، تەۋەككۇل تۇلپارىغا مىنىپ ، ۋىسال ئارزۇسىنى ھەمراھ قىلىپ ، بۇ يولغا قەدەم تاشلا !— دەپلا نورۇز ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ سۇغا چۇشۇردى .

شاۋاز قارىينىڭ ئىشتىنى ھۆل بولۇپ كەتسىمۇ ، غەيرەت بىلەن سۇڭگۇچتىن شۇڭغۇپ باغقا كىردى . لېكىن ، ئۇ نەگە ، قانداق مېڭىشنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ داڭ تۇرۇپ ، ئوڭ - سولغا قاراپ چوڭ ئەنجۇر دەرىخىنىڭ ئاستىغا بېرىپ مۆكۇندى . ئاسماندىكى تولۇن ئايمۇ گاڭگىراپ قالدى . نورۇز سۇڭگۇچ يېنىدىكى چوڭ سۆگەت ئارقىسىغا ئۆتۇپ يوشۇرۇندى . چوڭ باغدىن شاۋاز قارىينىڭ تېنى ئەيمەندى ، ئىشق يولىدىكى جاسارىتى بىلەن ئۇنى مەنسىتمىگەندەك بولدى . لېكىن ، ئۇيقۇ ئالدىدا جاسارەتمۇ ، شىجائەتمۇ بوشىشىپ ، كۆزى يۇمۇلۇپ ، ئاغزى ئېچىلىپ قالدى .

سارە ئانىنىڭ ھەمراھلىقىدا زۆھرە بىلەن گۇلخۇمار باغقا

كىرىپ ، ئۇچەيلەن تەمتىرىمەستىن تەڭلا سوڭگۈچ تەرەپكە بارـ دى . ئۇ يەردە ھېچكىم يوق ، نائۇمىد بولۇشتى . ھوشيار نورۇز تام تېشىدا تۇرۇپ ، كىشى كەلگەنلىكىنى بىلىپ : «ئوغاق ، مەـ رەپ» دەپ چوڭ ـ كىچىك تاۋۇش بىلەن ئۇن بەلگىسى بەردى . زۆھرەلەر باغدا كىشى بار ئىكەن دەپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى . ئاڭغۇچە دىڭگۇسلاپ كېلىۋاتقان سارە ئانا بىر چالمىغا پۇتلىشىپ موللاق چۇشتى . ھەممىسى تەڭ چۆچۈپ ، ئۇنى يۆلەپ قوپۇردى . لېكىن ، سارە ئانا ئاقساقلاپ تەسلىكتە ماڭدى . زۆھرە كېتىۋېـ تىپ ئەنجۇر تۈۋىدە كۆرۈنگەن كۆلەڭگىنى گۈلخۇمارغا كۆرسەتـ تى . ئۇ ئىككىسى سارە ئانىنى تەڭلا جايىدا قويۇپ ، يۈگۈرگەنچە كۆلەڭگە تۈۋىگە باردى ـ دە ، ئارقىغا داجىغىنىچە تۇرۇپ قالدى .

يىگىتنىڭ قامىتى ، ئۇنىڭ بەستى ، جامالىغا يەنە مۇشەررەپ بولۇشى گۈلخۇمارنىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت ئوتىنىڭ يېڭى ئەلەڭـ گۈسىنى بىرنى مىڭ قىلىپ تۇتاشتۇردى . لېكىن ، شاۋاز قارىي بۇ ھالدىن بىخەۋەر ناز ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتاتتى ، چۈشىدە يەنە مۇھەبـ بەت سەھراسىنى كېزىۋاتاتتى . زۆھرە ئۇنى ئويغاتماقچى بولغانـ دا ، گۈلخۇمار «ئازار بەرمىسىڭىز» دەپ ئۆتۈندى ، لېكىن شاۋاز قارىينىڭ جامالىدىن كۆز ئۈزمەي يىغلىدى . «قارىغۇدەك بولـ سام ، بۇ يىگىت ماڭا جۈپتى روزىغارلىققا مۇناسىپ ئىكەن . مەن تۈنجى قېتىم ‹ھەزرەت مازار› دا تىلاۋىتىنى ئاڭلىغان شاۋاز قارىم شۇ» دەپ يېشىنى ئېرتىپ ، يېقىن كېلىپ قانماي يەنە قارىدى .

نىمە ئۈچۈندۇر زۆھرەنىڭ ياش يۈرىكى ھەسەتخورلۇق بىلەن قاتتىق سوقۇپ ، ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى . لېكىن ، گۈلخۇمار چاقىرىۋىدى ، ئۇ :

— لەببەي ، — دەپ يۈگۈرۈپ كەلدى .

— سىز دەرھال بېرىپ دەھلىزدىكى چېقىلغان مېغىز شاكىـ لىدىن بىر چاڭگال ئەكېلىڭ ، — دەپ ئۆتۈندى گۈلخۇمار .

زۆھرە قانات ياساپ ئۇچقاندەك بېرىپ شۇئان يەتكۈزدى .

گۈلخۇمار مېغىز شاكىلىدىن بىرنەچچە جۈپنى ئىلغاپ قولىياغلىقىغا ئوراپ، شاۋاز قارىينىڭ قوينىغا سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ قوينىغا قول سالغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چىققان هارارەت گۈلخۇمارنىڭ قولى ئارقىلىق ئۆتۈپ ئەزايى بەدىنىنى يەنە ئاتەش قىلىپ كۆيدۈر- دى. سارە ئانا پۈتىنىڭ ئاغرىقى كۈچىيىپ ۋايسىغىلى تۇرغاچقا، زۆھرە بىلەن گۈلخۇمار نائۈمىد يېنىپ سارە ئانىنى يۆلەپ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقۇچە گۈلخۇمارنىڭ بىر كۆزى ئارقىدا بولدى. ئۇ ئاشىقىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك، شۇنداق ئاستا ماڭدىكى، ئۆزىنىڭ قەدەم تاۋۇشىنى ئۆزىمۇ سەزمەيتتى، يۈرىكى ئىمزىراپ- تىن تال بەرگىدەك تىترەيتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزىدىن ئاققان ياش تامچىلىرى كىيىمىنىڭ ياقىلىرىنى هۆل قىلىپ، گويا يام- غۇردا قالغاندەك بولدى.

* * *

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش — مەرد ۋە كامالەت ئىگىسىنىڭ ئىشى، ماختاشقا لايىق زاتلارنىڭ ئۇلۇغ خىسلىتىدۇر. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان كىشى ئۆز ئابرۇيىنى يوقىتىدۇ. بىر كىشىگە ۋەدە بەرسەڭ، ئۇنىڭغا ۋاپا قىل. ئەقىللىق كىشى ئادا قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان ئىشقا ۋەدە بېرىدۇ. ۋەدە بېرىپ قويۇپ هۆددىسىدىن چىقالماي شەرمەندە بولغاندىن يامان ئىش يوق. شۇڭا، كۈچۈڭ يەتمىگەن نەرسىگە هەرگىز ۋەدە بەرمە. ئەقىل - پاراسەت قۇياشقا ئوخشايدۇ. بىپەرۋالىق تۇپەيلى چۈشۈشى مۇمكىن بولغان داغلارغا ئورۇن قالدۇرما. نادانلىق بىلەن قىلغان ئىش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. گۇمان بىلەن قىلىنغان ئىش خەۋپ - خەتەرلىكتۇر.

سىرتتا نورۇز تىت - تىت بولۇپ، ئۆزىنى يېرىۋەتكۈدەك بولدى. باغ ئىچىدىن هېچقانداق بەلگە تاۋۇش ئاڭلانمىدى، شورد- دىن بىر نەچچە قېتىم مارىۋىدى، شاۋاز قارىينىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. دەل مۇشۇ چاغدا «هەزرەت سۇلتان» مازىرىدىكى

جامە مەزىنى سوپى ھاجىمنىڭ «ئەسسالاتوخەير ۇنمىنەننەۋم» دې-
گەن ئەزان ئاۋازى ئۈستۈن تاغ چوققىسىدىن يانغان ئەكس سادا
بىلەن قوشۇلۇپ ئاڭلاندى . شاۋاز قارىيمۇ كىرىلىپ ئۇيقۇدىن
ئويغاندى . سۇبھى يورۇقى ئۇپۇقتىن يورۇغاندا شاۋاز قارىي تېنەپ
- تەمترەپ سۆڭگۆچتىن غىپپىدە شۇڭغۇپ قايتىپ چىقتى .
بېدىلىك يېنىدىكى قوناقلىقتا سۆڭگۆچنى كۆزىتىپ تۇرغان نورۇز
يېتىپ كېلىپ ، يولدا بىللە مېڭىشىپ ئەھۋالنى سورىدى . شاۋاز
قارىي ھېچكىم كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىۋىدى ، نورۇز چىنپۇتمە-
دى .

— ئۇخلاپ قالدىڭمۇيا ؟

— پەقەت ئۇخلىمىدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى شاۋاز قارىي .

ئۇلار جامەنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ چىراغنى ياقتى .
«ئۇخلايلى» دەپ بەلۋېغىنى يېشىپ چاپىنىنى بورىغا يايماقچى
بولغاندا ، شاۋاز قارىينىڭ قوينىدىن ياغلىقتا ئورالغان بىرنەچچە
جۇپ شاكال چۈشكەندىن كېيىن ، سىر يېشىلدى .

— دېمىدىممۇ قارىي ئاخۇنۇم ، ئۇخلاپ قاپتىلا ، ئۇخلىغاندى-
مۇ ھېچنېمىنىمۇ تۇيمىغان ئوخشايدىلا ، ھەتتا قويۇنلىرىغا سې-
لىپ قويغان بەلگىنىمۇ سەزمەپتىلا ، — دېدى نورۇز ئۇنىڭغا تەنە
قىلىپ .

— ھەي ، بەختسىزلىكىمنى . — شاۋاز قارىينىڭ قەلبى
ھىجران ئوتىدا ياناتتا ئىدى .

— بولدى ، ئەمدى ئەپسۇسلىنىپ نېمە قىلىسەن ؟ ۋاقتى
ئۆتكەندە ، — تەسەللىي بەردى ، نورۇز .

— دوستۇم نورۇز ، بۇ نېمە ئالامەت ؟ — دېدى شاۋاز قارىي
بەلۋېغىنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىنى ئېرتقاندىن كېيىن ، قولىدىكى
تۆت جۈپ شاكالنى كۆرسىتىپ .

— نېمە ئالامەت ئىدى ، «سىز تېخى كىچىك بالا ئىكەنسىز ،
مۇھەببەت ئەھلى ئۇيقۇدىن بىدار بولۇشى كېرەك . مۇھەببەت
يولىدا ماڭمەن دەپ ئاۋارە بولغۇچە ، كوچىدىكى باللار بىلەن

چاپىستەك ئۇيناڭ» دېگەن تەنە ئالامىتى ، — دەپ ئىزاھلىدى نورۇز .

بىر ئىشنىڭ ئەكسىچە نەتىجە بىلەن تاماملىنىشى كىشىگە بەكمۇ زەربە بولىدۇ . قايسىبىر دانىشمەن : «ئۆتكەن ئىش ئۇچۇن ھەسرەت ـ نادامەت چېكىش ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس . سۆيۈشنى بىل . مۇھەببەت ۋە ساغلام ئەقىل ئۆزۈڭگە ئۆمۈر يولدىشى تاللاشتا يولباشچى بولسۇن . ھەربىر ئىشتا ئېھتىيات ۋە زېرەكلىكنى قولدىن بەرمەسلىك لازىم . بىرەر ئىشقا كىرىشكەن ئادەم ئاۋۋال ئۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولۇشىنى ياخشى ئويلى-شى كېرەك . ئويلىماي قىلىنغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتى «ۋاي › بولى-دۇ» دېگەن .

كىمكى باقماس ئىشنىڭ پايانىغا ،
بولمىغاي ھېساب ئۇنىڭ ئارمانىغا .

نورۇزدىن تارتىنغان شاۋاز قارىي كۆڭلىدىكى گەپنى دېيەل-مەي ، «ئۇھ» دېگەنچە ئۆزىنى بورا ئۇستىگە تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى . ئەمما ، نورۇزنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ ، ئىككى قولى بىلەن چېكىسىنى تۇتۇپ تاڭ ئاتقۇچە ئويلاندى . ئاخىر ئۇ شاۋاز قارىينى باغقا قايتا كىرگۈزۈپ ، گۈلخۇمار بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ ، ئۇلار-نىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى بىلمەكچى بولدى .

2

ئەتىسى جۈمە كۈنى ، بامدات نامىزىنى ئوقۇپلا شاۋاز قارىي يەنە ئۇخلىدى . نورۇز بازاردىن بىر تەخسىدە سامسا ، چۆگۈندە چاي ئەكىرىپ ئۇنى ئويغىتىپ ، تويغۇچە يەپ ـ ئىچىشتى . شاۋاز قارىي سامسا يەۋاتقاندا ، نورۇزنىڭ كۆزى ئۇنىڭ بارماقلىرىغا چۈشۈپ ، تىرناقلىرىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى . شاۋاز

قاري قولىنى ئېرتقان چاغدا، نورۇز «قولۇڭنى ئەكەل» دەپ تۇرتۇپ، يېنىدىكى ئىتتىك خەنجەر بىلەن ئۇنىڭ تىرنىقىنى ئالدى. شاۋاز قاري «ئۆزۈم ئالاي» دەپ تۇرۇۋالسىمۇ قويۇپ بەرمەي، ئۇڭ قول چىمچىلىقىنىڭ تىرنىقىنى قەستەنگە ئاستىن ئېلىپ بىر ئاز گۆشىنى يونۇۋالدى. شاۋاز قاري «ۋاي قولۇم» دەپ سالدى، قانمۇ ئاقتى. نورۇز بەلۋېغىنى يىرتىپ، ئۇنىڭ قولىنى تېڭىپ قويدى.

چايدىن كېيىن، نورۇز بىلەن شاۋاز قاري جامەنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىشتى. «ھەزرەت سۇلتان مەدرىسە» سىنىڭ پەشتىقى يېنىدىكى دۇكاندا سەھھابچىلىق (مۇقاۋىچىلىق) ۋە خەتتاتلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئەھمەد سەھھابچى ئۇلارنى كۆرۈپ، يىراقتىن سالام قىلدى. نورۇز ئۇ كىشىنى ئۇبدان تونۇيتتى. ئەھمەد سەھھابچى مەشھەد، ھەتتا ئالتىن ئاتۇش تەۋەسىدىكى ئاۋام پۇقرالار ئارىسىدا خېلى ئابرۇيلۇق كىشى ئىدى. ئۇ دائىم «كۆپ كىتاب يىغىش ۋە كۆپ دوست تۇتۇشتا مەنە يوق، گەپ كىتاب ۋە دوست تاللاشتا» دەيتتى. ئەھمەد سەھھابچى كۆڭۈل تارتقۇدەك سۆھبەتداش تېپىلسا، ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇشقا ئامراق ئىدى. راست ئەمەسمۇ، ئادەملەر بىر ـ بىرىگە موھتاج. ئۆزئارا مۇناسىۋەت قىلماي، ئادەملەرگە ئارىلاشماي، جەمئىيەتتىن قېچىش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەستە.

ئەھمەد سەھھابچى ئۆزئارا پۇتۇشۇپ تويلاشماقچى بولۇپ، ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەنلەرگە ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتىن لايىقىدا مەسلىھەت بېرىپ: «بۇ، ناھايىتى ياخشى نىيەت بوپتۇ» دەيتتى. توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى يىراق ـ يېقىن دېمەي، جامبۇل ئېشىكىگە مىنىپ، ئاشۇ توي مەرىكىسىگە باراتتى. ئۇ: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تويلىرى مۇبارەك بولسۇن. بىز بۈگۈن ھەربىرلىرىنى زىيارەت قىلغىلى كەلدۇق. چۈنكى، ھەربىرلىرى ئاتا ـ ئانا بولۇپ ئۆستۈرگەن كۆچەتلىرىنى ئۇلاش ئۈچۈن، گەدەنلىرىدىكى ئاللانىڭ بىر پەرزىنى ئادا قىلغان زات بولۇشىلا»

دەپ ، ھەر ئىككى ئائىلىدىكى ئاتا بولغۇچى بىلەن چىرايلىق كۆرۈشەتتى .
ئەھمەد سەھھابچى بەزى ئاۋام پۇقرالارنىڭ ئۆيىدە نىكاھ خۇتبىسى ئوقۇغاندا : «...بۈگۈن بىزنىڭ جامائەمىزگە بىر ئائىلە يېڭىدىن كەدخۇداچىلىق قىلغۇچىلار (يېڭى تۇرمۇش قۇرغۇچىلار ) قوشۇلدى . بۇلارنىڭ خانەسى ئاۋات ، تۇرمۇشى مەسئۇد ۋە بەختىيار ئۆتسۇن . تولغان روزىغارى ھەرگىز تۆكۈلمىسۇن . خۇداۋەندەكېرىم جۈپ قىز ، جۈپ ئوغۇل بەرسۇن . دەۋلىتى زىيادە بولسۇن ، ساغلام نەسلى ـ نەسەبى قالسۇن ، ئامىن» دەپ ، قىز ـ يىگىتنى ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى ، خىش ـ ئەقرىبالىرىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ دۇئايى خەير قىلىپ قايتىدىغان يولنى تۇتقان . ئالتىن ئاتۇشتىكى نۇرغۇن ئاۋام پۇقرالار ئارىسىدا «ئەھمەد سەھھابچى نىكاھ قىلغان ، لەۋزى قىلغان ، دۇئا قىلغان» دېگەن قاراش چوڭقۇر سىڭگەنلىكى ئۈچۈن ، ئەر ـ خوتۇن ئىبرالىشىش (نىكاھتىن ئاجرىشىش ) ، «تالاق» دەپ سېلىش... تەك كۆڭۈلسىز ھادىسىلەر ئائىلىلەردە ناھايىتى ئاز كۆرۈلەتتى .
نورۇز بۈگۈن جۈمەگىچە باشقا زۆرۈر ئىشمۇ بولمىغاچقا ، شاۋاز قارىينى باشلاپ «ھەزرەت سۇلتان مەدرىسە» سى تەرەپكە يۈرۈلۈپ ، ئەھمەد سەھھابچىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا باردى . ئەھمەد سەھھابچى دۇكاندىن چىقىپ ، ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ قايتا قىزغىن كۆرۈشتى . نورۇز ئۇنىڭغا شاۋاز قارىينى ناھايىتى ماختاپ تونۇشتۇردى . ئەھمەد سەھھابچى ئۇلارنى دۇكان ئالدىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . پاتنھەدىن كېيىن ، سەھھابچى چاي تەييارلاشقا تۇتۇنۇۋېدى ، بۇ ئىككىيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى . ئەھمەد سەھھابچى دۇكىنىغا كىرىپ ، تىزىلغان كونا كىتاب ، قەغەز دۆۋىلىرى ئىچىدە ئولتۇرۇپ ، ئۇيان ـ بۇياننىڭ گېپىنى باشلاپ ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ، لوقمان ھېكىم ، «شاھنامە» نىڭ مۇئەللىپى فىردەۋسى ، خەلىپە ھارۇن رەشىد ، شەيخ سەئىدى... قاتارلىق تارىختا

ئۆتكەن ئەزىزلەر ۋە ئۇلارنىڭ كىتابلىرى ئۇستىدە توختالدى . شاۋاز قارىي تارتىنىپ بەزى گەپنى ئېنىق سورىيالمىدى ، لېكىن نورۇز پات - پات لوقما تاشلاپ ، ئەھمەد سەھھابچىنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ تۇردى . گەپتىن - گەپ چىقىپ ، ئۇ مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى :

13 - ئەسىردە ئۆتكەن كاتتا ئەللامە (ھەممىنى بىلگۈچى) مۇھەممەد بىننى رەشىد بىننى ئەلى قەشقەرى ئەرەب ئالىمى ئىبن ئەل ئەسىرنىڭ «ئەل نىھايە» ناملىق ئەسىرىگە ، ھېرۋىنىڭ «غېرىب ئەل قۇرئانى» ناملىق ئەسىرىگە ، قازى ئايازنىڭ «مەشا- رىق ئەل ئەنۋار» ناملىق ئەسىرىگە ، ئىبن ئەلى لىجاننىڭ «رەۋ- زىل ئەنەف» ، «تەقەييەدىلمىھەل» ناملىق ئەسەرلىرىگە ھاشىيە ۋە ئىلاۋە (ئىزاھ) ، تەسھى (تۈزىتىش) يازغان . مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى غازالىددىننىڭ «ئەسەدىلغابە» ناملىق ئەسىرىنى شەيخ بەدرىددىن بىننى ئەبۇ زىكرىيا بىلەن دەرقەمدە تۇرۇپ تەھقىقلەپ ، قىسقارتقان . ئۇ خۇلاسىلەپ يازغان مەشھۇر ئەسىرىنى ھىجرىيە 663 - يىلى (مىلادىيە 1265 - يىلى) ھەرەم شېرىپتە تاماملاپ پۈتكۈزگەن . بۇنىڭ بىلەن ئەرەب ئۆلۈغلىرىنى ھەيران قالدۇر- غان ، ئەرەب دۇنياسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن .

ئەھمەد سەھھابچىنىڭ مەزمۇنلۇق گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان شاۋاز قارىي قىلچە زېرىكىش ھېس قىلمىدى . ئۇ پاراسەت ئەقلى بىلەن : «بۇ ئادەم دەرۋىش سۈپەت ، ھاسىيپ كامال ھەم نۇرانە كۆرۈنىدۇ» دەپ ئويلىدى . بۇ ئارىدا دۇكانغا خېرىدار- لار كېلىپ - كېتىپ تۇردى . بەزىلەر ئۇنىڭدىن كىتاب سېتىۋال- دى ، يەنە بەزىلەر ئۆيىدىكى كىتابلارنى ئەكېلىپ ، ئۇنىڭغا باھا تالىشىپ ساتتى . ئەھمەد سەھھابچى كىتابنى ئۇبدان كۆرگەندىن كېيىن ، باھادا ھەرگىز قاقتى - سوقتى قىلماي ، ئېنىق باھا قوياتتى - دە ، بەرسە ئالاتتى ، بەرمىسە «ئوبدان ساقلاڭ ، بۇ كىتابنىڭ خېرىدارى چىقسا ، سىزگە خەۋەر قىلاي» دەيتتى . ئالاھازەل چۈش ۋاقتى بولغاندا ، ئەھمەد سەھھابچىغا سالام خەت

يازدۇرىدىغان بىرەيلەن دۇكانغا كېلىۋىدى، نورۇز بىلەن شاۋاز قارىي ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئورنىدىن قوزغالدى. ئەھمەد سەھھابچى ئۇلارنى شۇنچە تۇتسىمۇ، لېكىن نورۇز جۇمە نامىزى ۋاقتىنىڭ قىستاپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزرە قويۇپ خوشلاشتى...

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن جامائەت خۇپتەن نامىزىدىن يېنىپ تارقىغاندىن كېيىن، نورۇز شاۋاز قارىينى ئېلىپ، ھېلىقى سۆگۈچ يېنىدىكى قوناقلىقتا بىر سىپ يوشۇرۇندى. يېقىن ئارىلىقتىكى قوغۇنلۇقتا تاك ـ تاك چېلىپ قوغۇن بېقىۋاتقان باللار:

ۋا ـ ۋا ـ ۋا ئاداش، ۋا ـ ۋا،
قوغۇن باقىلى ۋا ـ ۋا.
ئوغرى كەلسە،
چىشىنى چاقىلى ۋا ـ ۋا.
هايت ـ هۇيت!
هايت ـ هۇيت!

دەپ قوشاق قېتىشىپ، خېلى ئۇزاققىچە ئۇخلىمىدى. شاۋاز قارىي ئاستىن ئېلىنىپ كەتكەن تىرنىقىنىڭ دەردىدە ئىنجىقلاپ تۇردى. باللار تاك ـ تاكلىرىنى توختىتىپ ئۇيقۇغا كەتكەندە، نورۇز:

— پەخەس بولغىن جېنىم دوستۇم، پۇرسەت ھەمىشە مۇنداق تىنچ بولمايدۇ، — دەپ جېكىلەپ شاۋاز قارىينى سۆگۈچتىن باغقا كىرگۈزۈۋەتتى.

شاۋاز قارىينىڭ ئۇزۇن چاپىنىنىڭ پېشى سۇغا چىلىشىپ كەتتى. ئۇ سۆگۈچتىن كىرىپ، چاپىنىنىڭ پېشىنى سىققىلى تۇرغاندا، «تاراك» قىلىپ بىر چالما ئالدىغا چۈشتى. شاۋاز قارىي چۇراپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇدۇلىدا تۇرغان بىر جۈپ قىز ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، يۈرىكى

ئاغزىغا تىقىلىپ گەپ قىلالماي قالدى . بىر ئازدىن كېيىن ئۇ هوشىنى تېپىپ :
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، خۇمار خېنىم ،— دېدى .
ئۇ قىزلاردىن نازۇك بىرى ئايرىلىپ كېلىپ ، ناز بىلەن :
— هارمىسىلا ، موللا شاۋاز قارىي ، بۇ كېچىدە سىلىنى بىزنىڭ بېغىمىزغا قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدىكىن ؟ — دەپ سورىدى .
قىزنىڭ ناتىۋان بەدىنى ۋە سىياقىدىن يېغىپ تۇرغان سۇلـكەت شاۋاز قارىينى گاڭگىرىتىپ قويدى . قىزنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئىشتىياق ۋە هەيرانلىق زەنجىرى چىرماپ ئېلىپ ، بىهوش بولۇپ يىقىلىشقا تاسلا قالدى . ئۇنىڭ بەدىنىدە هايات لەززىتىنىڭ ئالىي ئىنكاسى بولغان جىنسىي هەۋەس پەيدا بولدى . بۇ خىل ئويغىنىش يىگىتلەرنى ئەسەبىيلەشتۈرىدۇ ، ئەقىل تورمۇزىنى باشقۇرالمايدىغان قىلىپ ، تەلۋە ئادەم قىلىۋېتىدۇ . لېكىن ، شاۋاز قارىي بىر ئازدىن كېيىن هوشىنى يىغىپ :
— ۋىسال شامىلى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ، گۈلخۇمارنىڭ گۈللۈكىگە تاشلىدى ،— دېدى ـ يۇ ، شەرم ـ هايا غالىب كېلىپ ، قىزنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىيالمىدى .
يىگىتنى كۆرگەندىن كېيىن قىزنىڭ شەۋقى زىيادە بولدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خىجالەت پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ ، شاۋاز قارىيغا ئۇدۇل قارىغانچە جاۋاب بەردى :
— كەمىنىلىرى سىلىنىڭ سەمىمىي ، چوڭقۇر مۇهەببەتلىرىنى «هەزرەت مازار» دا ئۇچراشقان كۈنىلا سەزگەنىدىم . — دەپ گۈلخۇمار ئالدىغا بىر ـ ئىككى قەدەم ئىلگىرىلىدى .
ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغان زۆهرە چىدىمىغانلىقتىنمۇ ياكى هەسەتتىنمۇ يۈزىنى ئارقىغا ئۆرۈپ يىراق كەتتى . نورۇز تام يېنىدىكى چوڭ سۆگەت چاتمىقىدىن ئۇلارنىڭ ۋىسالغا ئېرىشكىنىدىگە خۇشال بولۇپ بۇرۇتىنى يالاپ قاراپ تۇردى . شاۋاز قارىي

دەرھال يېقىن كېلىپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. گۈلخۇمار تەزىمنى ئىلىك ئېلىپ قىيا بېقىپ تۇرۇپ:

— سىلىنزە تازىمۇ تاش يۈرەك ئىكەنلا، كىشىنى مۇنچىمۇ قىيناپ، نەلەردە يۈردىلە؟ — دەپ سورىدى.

— ئاشىق، سەرگەردان دېگەننىڭ بارغۇدەك بىر جايى، نىشانى بولامدۇ؟ سىلىنىڭ گۈللۈكلىرىنىڭ چۆرىسىدە كۈندۈزى كېچىنەك، كېچىسى پەرۋانە بولۇپ ئايلىنىپ يۈرىمەن، — دەپ يەرگە قاراپ خىجالەتچىلىك ئىزھار قىلدى شاۋاز قارىي.

— ئەگەر ھىجران بولمىسا، مۇنداق ۋىسالمۇ بولمايدۇ-دە.

— خىلۋەترەك جايغا بارساق، بۇ يەر بەك ئوچۇقچىلىق ئىكەن، يەنە بىرەرسىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالمىسا.

— يوقسۇ، ئائىلىمىزنىڭ ئەمەل دەستۇرى تولىمۇ چىڭ ھەم ئارزۇلىرىغا بويسۇنۇشقا ئەسلا جۈرئەت قىلالمايمەن، — دەپ گۈلخۇمار شاۋاز قارىينىڭ قولىنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، تاراملاپ ياش تۆكتى.

— يوقسۇ، مۇددىئايىم غەيرىي ئەمەس، تەنلىرىگە قول تەگ-كۈزۈشكە نە ھەددىم. ھۆسن - جامالىرىنى كۆرۈپ تويسام، ئارزۇيۇمغا قانغان بولىمەن.

— يۈرىكىم ئېغىۋاتىدۇ. دادام تولىمۇ جاھىل، ھازازۇل ئادەم، يەنە بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالمىسۇن، — دەپ گۈلخۇمار ئۇيان - بۇيانغا قاراپ ئورنىدىن تۇردى.

— مەن سىلىگە قىيامەتلىك جۈپتى روزىغار بولۇشنى ئويى-لايتتىم. مېنى رەت قىلمايدىغانلا؟

— مەنمۇ شۇ. زەئىپە بولغان بىلەن ۋەدەمدە تۇرىمەن، تۇرالايمەن. ئەمما خاھىشىمنى ئاتامغا دېيەلمەيمەن. قىياسىمچە، بىزنىڭ مۇلاقىتىمىز ۋە نېسىپ بولغان سۆھبىتىمىز بۈگۈنكى بىر كېچە، بۇنىڭدىن كېيىن قانچە سېغىنىسىگىزمۇ...

ھايات بېغىنىڭ غۇنچىسى تېخى ئېچىلمىغان يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرىدىن كۆزى قىيمىغان ھالدا ئايرىلىشتى. قىز قەلبى نازۇك بولىدىكەن. گۈلخۇمار ئۆيگە كىرگەندە ئۆزىنى ئورۇنغا ئاتتى، ھەسرىتى دەسلەپكىدىن مىڭ ھەسسە زىيادە بولۇپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىدى. ئۇ سىرىنى ھەرقانچە پىنھان تۇتقان بىلەن قەلبى ئىشتىياق ۋە ئارزۇ - ئارمان ئوتىدا كۆيۈپ، ئىشق ئوتى ۋۇجۇدىنى ئۆرتەر ئىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى ھەربىر ئۆمچىرىگەندە تولىمۇ گۈزەللىشىپ كېتەتتى، ئۇزۇن ۋە قاپقارا كىرپىكلىرىدە يالتىراپ تۇرغان ياش تامچىلىرى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان كۆڭۈل ئىشىنى ئۇن - تىنىسىز چۈشەندۈرەتتى، قەلبىنى ئۆرتەۋاتقان مۇھەببەت يالقۇنىنى ھەر بىر تىنىقى، ھەتتا ئىسەدەشلىرىدىن بىلگىلى بولاتتى. گۈلخۇمار ھېچقاچان مۇنداق قاتتىق يىغلىمىغانىدى. ئۇنىڭ بىچارە كۆرۈنۈشى زۆھرەنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىپ، چىدىغۇسىز ئازابنى ئۇنىڭ بېشىغا تۆكۈپ، ھەسرىتىنى ئۇلغايتىۋەتتى. ئۇ: «بۇ دۇنياغا ئايال زاتى ئازاب ئۈچۈنلا يارالغانمۇ؟» دېگەننى خىيال قىلدى ۋە گۈلخۇمارنى چىڭ قۇچاقلاپ، بۇقۇلداپ، ئۈن سېلىپ تەڭ يىغلىدى.

## 3

چېكەتكىلەر بىزبىزەك (ئىسقىرت) چېلىپ كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، تەگرىگە ئۆزلىرىنىڭ زوۋانى بىلەن ھەمدى ئېيتىشماقتا ئىدى. شاۋاز قارىي سۈكۈتتىن تولىمۇ تەسلىكتە چىقىپ، ئۆزىنى تۇتالماي نورۇزغا ئېسىلدى. غەيۇر يىگىت ئۇنى مىڭ جاپادا يېتەكلەپ، چوڭ كۆل بويىدا بىر ئاز تىن ئالدۇرغاندىن كېيىن، جامەنىڭ ھويلىسىدىكى ھۇجرىغا ئېلىپ كىردى. ئەمما، شاۋاز قارىي كۆزىدىن ئېقىۋاتقان ياشنى بەلۋېغى بىلەن ئېرتىپمۇ تۇختىتالماي: «ھەي، كاشكى كۆرۈشمىگەن بولسام...» دەپلا بورا ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى.

ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن ياتقان شاۋاز قارىي ھېچ ۋەجھى بىلەن ئورنىدىن تۇرمىدى، تاماقمۇ يېمىدى، يىغىدىن باشقا ئەرمىكى بولمىدى. ئۇنىڭ ئورۇنسىز زارىدىن ئازابلانغان نورۇز ئاخىر شاۋاز قارىينىڭ يېنىغا كېلىپ، قولىدىن تارتىپ:
— قوپقىن بۇرادىرىم، تاماق يېگىن — دەپ ئۇنى يۆلىدى.
— بۇگۇن قانداق قىلساڭ، نېمە دېسەڭمۇ ئورنۇمدىن تۇرمايمەن. مېنى بۇگۇنچە ئۆز رايىمغا قويۇۋەت، — دەپ، شاۋاز قارىي سەممىيلىك بىلەن يالۋۇردى.

نورۇز «ئەستاغپۇرۇللا» دېگەنچە تالاغا چىقىپ كەتتى. شاۋاز قارىي كۆزىنى يۇمۇپ، تۇنۇگۇن ئاخشامقى ئىشلارنى ئۇزاققىچە ئەسلىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە گۇلخۇمارنىڭ كېتىۋېتىپ كەينىگە قايرىلىشى، ئاناردەك يۇزى، مېھىر - مۇھەببەت يالقۇنلانغان قارا كۆزى، ئىنچىكە ئۇچى تۆۋەنگە ئېگىلىپ تۇرغان قارا قېشى، قاش ئاستىدىكى چەشمىسى چۆرىسىگە ئۇندۇرۇلگەن گۇللەردەك سانجىلىپ تۇرغان قويۇق ۋە ئۇزۇن كىرپىكلىرى... ئادەم كۆرگەن بىلەن تويمايدىغان دەرىجىدە بىر - بىرىگە يارىشىپ چۈشكەن سىيمالار شاۋاز قارىينىڭ يۇمغان كۆزى ئالدىدىن تىزىلىپ «دەستىكى دەستەك، شادەستەك» ئويناۋاتقان بالىلاردەك دەۋرىي قىلىپ ئۆتكىلى تۇردى.

شاۋاز قارىي ئاخىر چىدىماي ئوڭ تەرىپىگە ئۆرۈلۈپ ياتتى. بۇ چاغدا يەنە گۇلخۇمارنىڭ ئاشۇ كېچىسى ئايدىڭغا ماسلاشتۇرۇپ ئۆزىنى ساقلاش ئۇچۇن ئاق شايى كۆڭلەك، ئاق شايى رومال سېلىپ چىقىشى، كۆڭلەك يەڭلىرى بىر ئاز تۇرۇلگەن بولۇپ، ئاق بىلەكلىرى ئاينىڭ نۇرىدا تىنىق سۇدا ئويناپ يۇرگەن بېلىقتەك تۇرۇشى، بۇ بىلەكلەرنىڭ پەقەت سۆيۇشكە، تۇتۇپ ئالدىغا تارتىشقا يارىتىلغانمەن دېگەندەك تۇرغانلىقى، ئۆزىنىڭ جۇرئەت قىلىپ، بالدۇرراق تۇتالمىغانلىقلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ: «ھەزسۇلتانەمدەك زات...» دەپلا بېشىنى كۆتۇرۇپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، يەنە گۇلخۇمارنىڭ قايتىشتىن بۇرۇن «ئەگەر تەقدىر بو-

لۇپ، رازى ـ رىزا بولۇشىشاق، سىز بىلەن ئۆرپ ـ ئادىتىمىزگە مۇۋاپىق نىكاھ ئوقۇپ، ھەقىقىي نومۇسلۇق ئىنسانلاردەك روزىغار قۇرساق، ئەمما ئائىلىمىز نىزام دەستۇرى بەك چىڭ، دادام تولىمۇ ھازازۇل··· — دەپ بولۇپلا، — يۈرىكىم ئېغىۋاتىدۇ. رەسۋاچىلىق يۈز بەرمىسۇن» دەپ ئورنىدىن تۇرغىنىچە كېتىۋېتىپ كەينىگە قايرىلىپ قارىشى، ئۈركۈگەن كېيىكتەك قارىشى، تاۋۇستەك مېڭىشى، كۆزىدىن ئاققان ۋە ئېقىۋاتقان ياشلاردا گويا شۇ كېيىك ۋە ياكى شۇ تاۋۇس ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك يېڭى قىياپەتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

شۇ ئارىدا ھۇجرىغا بىر زەئىپە كىشىنىڭ رومالدىكى بېشى تىقىلىپ، «شاۋاز قارىم» دېگەن ناتونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى. شاۋاز قارىي چۇراپ ئارقىغا قارىۋىدى، زەئىپە كىشى ئۇنىڭغا قاراپ قولىنى ئۇزاتتى. شاۋاز قارىي بوسۇغا يېنىغا كېلىپ قولىنى جاۋابەن ئۇزاتقانىدى، ھېلىقى زەئىپە كىشى ئۇنىڭ ئالىقىنىغا بىر نەرسىنى باستى ۋە «بۇنى سىزنى خىراجەت قىلسۇن دېدى» دەپلا كەينىگە ياندى. شاۋاز قارىي ئالىقىنىنى ئېچىپ قارىسا، ئوڭ يۈزىگە «لائىلاھەئىللەللاھ»، سول يۈزىگە «ئابدۇكېرىمخان»① دەپ ئەرەبچە خەت ئويۇلغان ئابدۇللاخان دەۋرىدە ئېقىۋاتقان بىر كۈمۈش تەڭگە ئىكەن. ئۇ «بۇنى كىم ئەۋەتتى، نېمە ئۈچۈن؟» دەپ ئويلىنىپ، كۈمۈش تەڭگىگە قارىغانچە تۇرۇپ قالدى. شۇ پەيتتە نورۇز تالادىن كىرىپ كەلدى. ئۇ شاۋاز قارىينىڭ قولىدا كۈمۈش تەڭگىنى تۇتقىنىچە ھۇجرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا داڭ قېتىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. شاۋاز قارىي بايىقى ئەھۋالنى دېۋىدى، نورۇز بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى.

---

① ئابدۇكېرىم — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان 16 يېشىدا بۇددىستلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسلامغا مۇشەررەپ بولغاندىن كېيىنكى ئىسمى. ئۇ بۇغراخان بولغاندىن كېيىن، ئۆز نامىغا «ئابدۇكېرىم» دەپ كۈمۈش دىنار سوقتۇرۇپ، ئەل ئىچىدە تارقاتقان. بۇ دىنار ھازىر مۇزېيلاردا ساقلانماقتا.

زۆھرە پۇلنى بېرىپ يېنىۋاتقاندا ، پېشىن نامىزىغا كېچە-كىپ كىرىۋاتقان تاغىسى ئابدۇرەھمان خاتىپقا ئۇچراپ قالدى . ئاڭغىچە ھۇجرىدىن چىققان شاۋاز قارىي كۆرۈندى . خاتىپنىڭ كۆڭلىگە دەرھال گۇمان چۈشتى ۋە شاۋاز قارىينىڭ تاپىنىدىن قۇلاقلىرىنىڭ ئۇچىغىچە قاراپ ، يامان تەلەت ، پاسىق غەرەز بى-لەن يارماقنىڭ تۆشۈكىدىن قارىغاندەك سەپسېلىپ چىقتى . لې-كىن ، ناماز ۋاقتى زىخلىشىپ قالغاچقا ، ئۇ ئۆردەكتەك ئىرغاڭ-لاپ مېڭىپ ، ئايۋاندىن ئۆتۈپ مەسچىتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كىشى-لەرنىڭ دولىسىدىن ئاتلاپ ، قولىدىكى جۈپ كەشى بىلەن ئالدىن-قى سەپتىكى ئورنىغا كىرىپ ئولتۇرۇشىغىلا مەزىن : «سەپراس ، مۆمىنلەر سەپراس !...» دەپ تەكبىر ئېيتتى . لېكىن ، خاتىپنىڭ دىمى تېخى ئىچىگە چۈشمىگەنىدى . مېھرابقا ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئۇ مەزىنگە «بالدۇر تەكبىر ئېيتىۋەتتىڭ» دېگەندەك كۆزىنى ئالايتىپ ، «گەر زۆرۈرەت بۇ ۋەدە راۋا باشەد①» دەپ غو-دۇڭشۇپ قويدى ۋە ناماز پەرزنى ئۈچ رەكەت ئادا قىلىپ ، سەجدە سەھۋى بىلەن تۈگەتتى . ئېھتىمال ، دەرۋازا ئالدىدا ئۇچرىغان ھادىسە ياكى تەكبىر بالدۇر ئېيتىلىپ ئۇنىڭ ئالدىراپ ناماز ئۆتىگەنلىكىدىنمۇ ، جامائەت ئىچىدىكى مەرىپەتدارلار «بىر ناماز-نىمۇ نۇقسانسىز ئادا قىلمىدى . سۇنى ، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغان تەييارگەرلىكىمىز جايىدا ئادا بولغىنى ياخشى ئىدى» دېيىشىپ قايتتى .

ئابدۇرەھمان خاتىپ نامازدىن يېنىپ ئۆيىگە كىرگەندە ، دەر-ۋازا تۈۋىدىكى ئات باققۇچىدىن تارتىپ ئۆي ئىچىدە «ۋايجان - ۋايەي ، ۋاي پۇتۇم» دەپ ياتقان سارە ئانىغىچە ھەممىسىنى قەھرى بىلەن تالىدى . ئۇنىڭ كەڭ ئېڭىكىنى قويۇق جار ساقال باسقان ئاغزىدىن ۋالاقشىپ چىقىۋاتقان سۆزلەر بىر - بىرىدىن سەت ، ئەلپازى كۇفرىلەر ئىدى . ئاڭغىچە زۆھرە بىر پىيالىدە چاي

① بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «زۆرۈر بولسا راۋا بولىدۇ» دېگەنلىك .

ئەچىقىپ ، ئۇنىڭغا تۇتتى .
— كۆتەر ، چېيىڭنى مەلئۇن ، ماڭا سىياقىڭنى كۆرسەتكۈ-چى بولما ! سەن مەسچىت ئىچىدە قانداق خىيالى فاسىد بىلەن يۈرگەنلىكىڭنى بىلمەيدۇ دەمسەن مېنى ! — دەپ ، خاتىپ ئۇنىڭ قولىدىن پىيالىنى ئالغانچە يەرگە ئۇردى .
— ئاخۇن دادا ، قايسى مەسچىت ، قاچان ، مەن زادى بوسۇغا ئاتلاپ تالاغا چىققۇچى بولمىدىم ،— دېدى زۆھرە ھاڭ - تاڭ بولۇپ .
— يالغان گەپ قىلما ئىبلىس ، تىلىڭگە كودۇمبا چىققۇر !
— راست دادا ، — دېدى گۈلخۇمار ، — زۆھرە تالاغا چىقمىدى . سەھەردىن تارتىپ سارە ئانامنىڭ يۇتىغا «شور پاختا قىلىمىز» دەپ شۇنىڭ بىلەن بولدۇق . خېمىر يۇغۇرۇپ سەھەر تۇرۇپ نان ياقتۇق ، — ئۇ تەڭنىدىكى يېڭى كاكچىلارنى كۆتۈر-گىنىچە كىرىپ كەلدى ۋە ناننى قويۇپ ، دەرھال قوزۇقتىكى داستىخاننى دادىسىنىڭ ئالدىغا سالدى - دە ، نانلارنىڭ ئالدى - ئارقىسىغا قاراپ بىر نەچچىنى ئىلغاپ ، سىڭىپ پىشقاندىن بىرنى ئۇشتۇپ ، دەرھال ئۇزۇم ۋە سىنچاي كەلتۈردى . ئارقىدىن ئىك-كى - ئۈچ تاۋاق سۈتنىڭ يۈزىدىكى خام قايماقنى سۈزۈۋېلىپ چاي سۈتلەپ ، خاتىپقا ئاتاپ ياققان يېڭى گۆشناننى چىلاپ ، قوشۇق سېلىپ ، — بۇنى ئىچىۋالسىلا دادا ، — دەپ سۇندى .
«ئېغىز يېسە يۈز ئۇيىلىدۇ» دېگەندەك ، خاتىپنىڭ ۋالاق-شىشلىرىمۇ پەسەيدى . ھوشيار زۆھرەمۇ مەسچىتنىڭ ھۇجرىسىغا بارغاندا كىيگەن كىيىملىرىنى خېلى بۇرۇن يەڭگۈشلەپ ، سىيا-قىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ بولغانىدى . خاتىپ دۇئايى پاتىھەدىن كېيىن ، سىڭلىسى سارە بۇۋىنىڭ قېشىغا كىرىپ پۈتىنىڭ ئەھۋا-لىنى سورىدى .
— پۇتىڭىز قانداقراق ، ھەرىجى بىر ئاز پەسەيدىمۇ ، ئاغرىق نەدە ؟ — دەپ كۆرپىنى ئېچىپ سىنچىلاپ تۇتۇپ كۆرۈپ ، — ئاللا كارامەت ، ھەممە دەرد ماۋۇ يەردىكەن ، ئوشۇقتىن چىقىپ

كېتىپتۇ . بوسۇغىدىن مۇدۇرۇپ كەتكەنگە مۇنچىۋالا بولامدۇ كى-
شى ، دەرھال ئاغۇدىكى تېڭىقچى ئارىپ جەددارنى قىچقىرىپ كەل-
سۇن ، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .
— سارە ئانا ، — دېدى گۇلخۇمار كىرىپ ، — زۆھرەنىڭ
تالا - تۈزگە چىقمايدىغانلىقىنى داۋامغا ئىشەندۇرۇپ دەپ قويسىلا .
بىر هازادىن كېيىن خاتىپ ئاخۇنۇم ئۆيگە كىرىپ سەللە -
تونىنى كىيىپ ، ئۆزىنىڭ تېتىردىكى مېيىت نامىزىغا بارىدىغانلى-
قىنى ئېيتتى . سارە ئانا :
— خاتىپ ئاخۇنۇم ئاكا ، ياش باللارغا ئۆي ئىشلىرى دۆۋد-
لىنىشىپ كەتتى ، بىردەممۇ ئارام يوق . ئۇلارنىڭ ھەتتا كىر -
قات يۇيۇشقىمۇ ، بېشىنى تاراشقىمۇ ۋاقتى يەتمەيدۇ . مەن «ئۆ-
لەمسەن - تىرىلەمسەن» بولۇپ ياتتىم . مۇنداق تۇرۇپ ، ئۇلار-
نىڭ تالا - تۈزگە چىقىشقا قاچاندا ۋاقتى يەتسۇن . زۆھرەگە
ئەجەبمۇ كايىپ كەتتىلە ، — دېدى .
— قىز باللارنىڭ ھەرھالدا تالا - تۈزگە چىقمىغىنى ياخ-
شى . جامەنىڭ ھۇجرىسى ئالدىدا بىر بىگانە بىلەن تۇرغان شۇمد-
كىن دەپتىمەن ، — دەپ خاتىپ قامچىنى قولىغا ئېلىپ
چاپان - تونىنىڭ پەشلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى .
زۆھرەنىڭ چاقىقانلىقى بىلەن قىلىنغان بۇ تەدبىرنىڭ جايىدا
كەلگەنلىكىدىن خۇشنۇد بولغان گۇلخۇمار ئالاھىدە ناز - كەرەشمە
بىلەن تولغىنىپ كۈلۈپ ، قىزىلچە ئۆيگە ئايۋاندىن ئۆتۈپ كى-
رىپ ، زۆھرەنىڭ ئىككى دولىسىنى مەھكەم تۇتۇپ كۆكرىكىگە
باستى . ھەر ئىككى ئېزىلگەن كۆكرەك بىر - بىرىنى نېرى
ئىتتىرگەندەك قىلدى .
— سىز كۇمۇش دىنارنى قارىينىڭ قولىغا تەگكۈزدىڭىزما ؟
— تەگكۈزدۈم . ئەمما ، سۆزىڭىزنى ئۇنىڭغا دېيىشكە ئۈلگۈ-
رەلمىدىم . «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دېگەندەك ئاران
قېچىپ كېلىپ رەسۋاچىلىقتىن قۇتۇلدۇم . ياخشىمۇ ، ئاخۇن
دادام سۆزىمىزگە ئىشەندى ، — دېدى زۆھرە ئۇنىڭ شەھلا كۆزلى-

ـرىگە تىكىلىپ .
ھەر ئىككى قىزنىڭ گىلاستەك قىزىل ۋە قىزغىن لەۋلىرى پەيۋەند قىلىنغان تالدەك ئاجرىتىپ بولماس دەرىجىدە بىر ـ بىرىگە يېپىشتى .

* * *

ئەلياتقۇ مەھەلدە ئەۋەتىلگەن ساۋۇت رەئىس ئاغۇدىن مەشھۇر تېۋىپچى ئارىپ جەددار ۋە ئۇنىڭ بىر نەپەر شاگىرتىنى يەتكۈزۈپ كەلدى . ساۋۇت رەئىس ئۇلارنى سارە ئانا ئىنجىقلاپ ياتقان ئۆيگە ئۇدۇللا باشلاپ كىردى . ئارىپ جەددار «ئامىن» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ : «بىز كەلدۇق ، بالا كەلمىسۇن ، خىزىرى بەرىكەت ، دۆلەت زىيادە» دەپ ، قولىنى يۈزىگە سۈرتۈپ پاتىھە خەير قىلىپ ئولتۇردى .
ئارىپ جەددار يېنىدا ياتقان بىمارنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئاغرىۋاتقان ئوڭ پۇتىنى «بىسمىللا...» دەپ قوش قوللاپ تۇتۇپ كېلىپ ، ئوشۇقىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى . تېۋىپقا تۇخۇم ، خام ، تارىشا ، گۆگۈت ، ياشلاشقا مۇز-دەك سوغۇق سۇ تۇتۇپ تۇرۇشقا كىشى سورىدى . بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ ئاندا تەق قىلىندى . ئارىپ جەددار بۇ مەزلۇمنى بىر ئۇنى ئاسماندا ـ بىر ئۇنى يەردە ۋارقىرىتىپ تۇرۇپ ، پۇتىنى تېڭىپ بولغاندىن كېيىن :
— 10 سۇنۇقتىن بىر چىقىق يامان . خۇدا خالىسا ، بىزنىڭ قولىمىز تەگدى . «ھۈنەردە ھۈنەر بار ، ھۈنەرسىز خار» دېگەن-دەك ، بۇ ھۈنەردە لاياقەتسىز يوقىرى . بىرەر ئايغا قالماي ، چىقىق جەزمەن تۇتۇپ كېتىدۇ . بىمار مېۋە ـ چېۋە ، سۈيۈقئاش ئىچمەي ، ھەر كۈنلۈكى قارا قوينىڭ كاللا شورپىسىغا موميا قوشۇپ ئىچىشى كېرەك . لېكىن ، موميا تۇغۇتنى توختىتىپ قويىدۇ ، — دەپ تەكىتلىدى .

قولغا سۇ بېرىلىپ، كەلتۈرۈلگەن نېمەتلەردىن بەھۇزۇر تاناۋۇل قىلغاندىن كېيىن، بېھى بىلەن زىرە پۇرىقى كېلىپ تۇرغان ياغلىق پولۇ چوڭ ساپال تەخسىدە ئەكېلىپ داستىخانغا جايلاشتۇرۇلدى. ئارىپ جەددار، شاگىرتى ۋە ساۋۇت رەئىس: «قېنى مەرھەمەت، ئالسىلا، باقسىلا، ‹ياخشى تائام ئېشىپ قالغۇچە، يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن›» دېيىشىپ ئولتۇ-رۇپ پولۇنىڭ يېرىمىنى تۈگەتتى...

ئاقىل ۋە دانىشمەنلەر سالامەتلىك، گۈزەل ئەخلاق، راست-چىللىق ۋە ھالال ئەمگەكتىن ئىبارەت تۆت نەرسىنىڭ زۆرۈرلۇ-كىنى تەكىتلىگەندە، «بىلىملىك، ھۈنەرلىك ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشىڭلار... تەمە ۋە ئاچ كۆزلۈك زەنجىرىگە باغلانغان بويۇن پۇشايمانلىق تىغى بىلەن كېسىلىدۇ» دېگەن. راست، ئىلىم ۋە ھۈنەر قىممەتلىك، بىر كىشىنىڭ مال ـ دۇنياسى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن، ھۈنىرى بولمىسا، ئۇ مېۋىسىز دەرەخكە ئوخ-شايدۇ. بىلىملىك ۋە ھۈنەرلىك كىشى تۇرمۇشتا ھېچ نەرسىگە موھتاج بولمايدۇ، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئۆگىنىڭ پەرزەنتلىرىم ئىلمۇ ھۈنەر،
بىر ماقال باردۇر: «ھۈنەردىن كۆپ ئۈنەر».

ئۆي ئىگىسى خاتىپ بولمىغانلىقتىن، ساۋۇت رەئىس تېڭىق-چى ئارىپ جەددار ۋە ئۇنىڭ شاگىرتىنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ چىقىپ قوندۇردى. ئەتىسى چاشكادىن كېيىن خاتىپ ئاخۇنۇم ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ سىڭلىسىنىڭ ئاغرىق ئەھۋالىنى كۆ-رۇپ، ئارىپ جەددارنى قىچقىرتىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا ئىزھار رەھمەت بايان قىلدى ۋە بىر قوزا دۇئا ئالدى. ئارىپ جەددار يەنە ھەپتە ـ ئون كۈندىن كېيىن كېلىپ، سارە بۇۋىنىڭ پۇتىدى-كى تاڭغان يەرنى ياشلايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ شاگىرتى بىلەن ئۆزىغاندا، خاتىپ بىلەن رەئىس ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

## يەتتىنچى باب

# خاتىپنىڭ خانىسىدا

### 1

ئەقرەب (ئۆكتەبىر) ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ئەتىگەندە خاتىپنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا جەدە، تورۇق ۋە چىپار ئاتلىق ئۈچ كىشى كەلدى. ئۇلاردىن بىرى، ئوتتۇرا بوي، گەۋدىسى سېمىز، چىرايى قارامتۇل، كۆزى قارا ـ يوغان ۋە ئوتلۇق، تولۇق ۋە گۆشلۈك يۈزىنىڭ ھەممە يېرى قوپال قارا، قويۇق ساقال بىلەن قاپلانغان، ئۇزۇن، قويۇق ۋە بىر ـ بىرى بىلەن تۇتاشقان قوشۇما قاشلىرى ماڭلاي، كۆز جىيەكلىرىگىمۇ ئوچۇق جاي قالدۇرمىغان، مەيدىلىرى قارا، قويۇق تۈكلەر بىلەن قاپلانغان كىشى جانقۇر ئاتالىق ئىدى. ئىككىنچىسى، لەڭگۇش، شاللدام، سېرىق چىراي، ئېگىز بويلۇق ئورۇق ئادەم ئىدى. ئۈچىنچىسى، «ئاغىچا خېنىم زەللىسىگە، ئۆزى بولسا سەللىسىگە ئىشىنىدۇ» غان يۇرت قازىسى ئىدى. ئۇلار مىراخور دېيىلىدىغان دەرۋازا تۈۋىدىكى ئۆيدە يېتىپ قوپقۇچى يانتاقۋايدىن:

— ئابدۇرەھمان خاتىپ ئاخۇنۇم ئۆيدە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋە جاۋابقا قارىماي دەرۋازىنى قاقتى.

— كىم؟ — دەپ بىر چاكار ئىچكىرىكى ھويلىدىن

چىقتى ـ دە ، مېھمانلارنىڭ خەۋىرىنى دەرھال خاتىپ ئاخۇنۇمغا يەتكۈزدى . ئابدۇرەھمان خاتىپ تون ـ تەلپەكلىرىنى رۇسلاشتۇ-رۇپ چىقىپ ، ئۇلارنى كۈتۈۋالدى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، قانداق بولۇپ ھەربىرلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپلىرى ئاستانىمىزغا يەتكەندۇ ؟ قېنى مەرھەمەت ، مەرھە-مەت ، — دەپ بىر ئالدىغا ـ بىر كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپ ، يۈيۈنۈۋاتقان ئۆردەكتەك قىلىپ ، مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى ۋە پەگاھقا چۈشۈپ قول قوۋۇشتۇرۇپ ، — ھارمىغايلا ، — دېدى .

مېھمانلار پاتىھە بېرىشىپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىدى . ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن خاتىپ ئائىلىسى دەرھال زىلزىلىگە كەلدى . مېھمانلارنىڭ قولىغا چىلاپچىلار بىلەن سۇ كەلتۇرۇلگەن-دىن كېيىن ، داستىخانلار يېيىلدى . مەھەللە كويدىكى ئابدۇرەھ-مان خاتىپنىڭ تۇغقانلىرى ، خىش ئەقرىبالىرى ، يۇرت مۆتىۋەر-لىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىپ ئۆيگە تولدى . خاتىپمۇ مېھمان-دوستلۇقتا ھېچقاچان مۇنداق سېخىيلىق كۆرسەتمىگەنىدى . چۈن-كى ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى قەشقەر ھاكىمى ئابدۇللاخاننىڭ ئا-تۇشتا تەيىنلىگەن مەمۇرى جانقۇر ئاتالىق قاتاغىن ، ئىككىنچىسى يۇرتنىڭ زېمىندار ۋە پۇلدار بايلىرىدىن ھارۇن ھاجى ، ئۈچىنچى-سى ئاتۇشنىڭ قازىكالانى موللا مۇسا قايىراقى قازىئاخۇنۇم ئىدى . بۇ مېھمانلار ھەرگىز ئاددىي مېھمانلار ئەمەس ئىدى . ئۇلارنىڭ شەرىپىگە خاتىپ دەرھال قوتاندىن تۆت چىشلىقتىن ئالاھىدە باق-قان ئۈچ قىرغىز قويىنى ئاچىقىپ سويۇشقا پاتىھە سورىدى . «ئامىن ئاللاھۇئەكبەر » دىن كېيىن ، تېزلىك بىلەن قويىنىڭ ئىچ باغرى ئاجرىتىلىپ چوڭ قازانغا سېلىندى . «مەمۇر جانقۇر ئاتا-لىقنىڭ تاۋى ئۈچۈن » دەپ ، بۆرەك گۆشى ، چۈجە گۆشى بىلەن يارما ئاش ئېتىلدى . پىشۇرۇلغان گۆشلەرنى دىرىلداپ تۇرغان قۇيرۇقى بىلەن چوڭ تەڭنىلەرگە ئېلىپ مېھمانخانىغا ئەكىرىپ قويغاندىن كېيىن ، يىگىتۋېشى ئۇنى ئاۋايلاپ چوققا ، تۆشىدىن باشلاپ ، ئاۋۋال مېھمانلارغا ، ئاندىن يۇرت ئاقساقاللىرىغا ، ئۇ-

نىڭدىن كېيىن ئاۋام خاسقا پارچىلاپ تارقاتتى .
يۇرتتىكى نامدار «نېرىنچى» سالمان بىلەن ۋارىسنىڭ ھەر ئىككىسى بىسى قىرودەك پارقىراپ تۇرغان پىچىقى بىلەن بىرى كاكچىنى ، ئىككىنچىسى جىگەرنى لوق گۆش ئاستىدا قويۇپ نېرىن قىلغىلى تۇردى . ئاڭغۇچە «يارما گۇرۇچ» شورپا مېھمانلارغا ھەم يارەنلەرگە تارتىلدى . توغرالغان پىياز ۋە قېتىق سۇزۇلگەن چۆپمۇ ئۇلاشتۇرۇپ ، دەرھال داستىخانغا ھازىر قىلىندى . نېرىن بىلەن ھەممىسى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ، ئۈستىگە شورپىلار قۇيۇلۇپ نېرىن چۆپ بولۇپ ، بۇنىمۇ چۆمۈچلەردە ئۇسۇپ تارقاتتى . يىگىتۋېشى بەزىلەرگە نېرىن چۆپنى چوڭ لوقما قىلىپ ئېتىپمۇ قويدى ، ئاندىن ھۆرمەت قىلىپ دەھلىزدە قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ يەرگە قاراپ تۇردى . نېرىن توغرىغىچە ھۈنەر كۆرسىتىمەن دەپ تېز گۆش ئۇششاقلاۋېتىپ ، ۋارىس سول قولىنىڭ ئالىقان گۆشىنى كېسىپ قويدى . بۇنى كۆرگەن تۆردىكى مېھمان جانقۇر ئاتالىق ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن بولۇپ :
— دەرھال تىغنى ئوتتا قىزىتىپ ، پىچاق كەسكەن يەرگە بېسىش كېرەك ، — دىگەندىن كېيىن ئۇ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — بۇۋىمىز ئەمىر تۆمۈر[①] شاھ مەنسۇر بىلەن ئېلىشقان مۇھارىبەسىدە بىر قولىغا قىلىچ تېگىپ ، مەجرۇھ بولغان . ئۇ سالقۇت باھادىرغا ئوت ياققىن دەپ ئەمىر قىلىپ ، يېنىدىكى خەنجىرىنى ئوتقا سېلىپ ، قىزىل چوغ بولغاندىن كېيىن ، ئۆزى خەنجەرنى ئوڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ، سول قولىنىڭ تومۇرى ئۈزۈلگەن يېرىگە خەنجەرنى بېسىپ كۆيدۈرۈپ ، «پىژ - پىژ» قىلغان گۆش ئاۋازىدىن كېيىن قاننى توختاتقان . مۇشۇ شىجائىتى بىلەن ئۆزى ساق قالغان . ئەمما ، ئۇنىڭ بىر قولى مېيىپ بولغان . ھاياتىدا ئىدىلدىن بالقاشقىچە ، ئىسسىق كۆلدىن سەددىچىن-

① ئەمىر تۆمۈر مىلادىيە 1336 - يىل 9 - ئاپرېل ، يەنى ھىجرىيە 736 - يىل (چاشقان يىلى ) شەئبان ئېيىنىڭ 25 - كۈنى تۇغۇلۇپ ، مىلادىيە 1405 - يىل 18 - فېۋرال ۋاپات بولغان .

گىچە ، سىبىرىيىنىڭ جەنۇبىدىن ھىمالايا\غىچە بولغان تۇرك ئاۋا-
مىنى بىرلەشتۇرۇش كويىدا تىرىشىپ ، 72 يېشىدا ۋاپات بولغان .
ئەگەر ئاشۇ چاغدا ، قولىنى خەنجەر بىلەن داغلاپ قانىنى توختاتمى-
غان بولسا ، بىمەھەل نابۇت بولۇر ئىكەن . ئەر يىگىتنىڭ شىر
يىگىت بولۇشى كېرەكتە ، ئەلۋەتتە .

بۇ كىشىنىڭ سۆزى بىلەن سورۇنغا تېخىمۇ بىر ھەيۋەت
كىردى . داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ، مېھمانلار كۆل بويىدى-
كى سۇپىدا بەدەشقان قۇرۇپ ئارام ئېلىشتى . ئاڭغۇچە مەھەللە
كاتتىلىرىدىن جاپپار ئاقساقال ، ئەمىن جەللاپ ، ساموق
شەرەنداز... لار ، خاتىپىنىڭ تۇغقانلىرىدىن ھاشىم بۆزچى ، ناسىر
مىراب... ساغداق دوكا... لار ئارقىمۇئارقا كىرىپ : «مېھمانلار
پېقىرخانىمىز ، كۇلبىمىزگە قەدەم رەنجى قىلىپ ، توپلىرىنى
قېقىپ ئۆتۈشسىلە» دەپ تەۋەززۇ بىلەن تەكلىپ قىلىشتى . مېھ-
مانلار تولا تەسلىكتە سەۋر قىلىپ ، ئۇچىنچى كۈنى ناماز ئەسىر-
دىن كېيىن يېنىش ئالدىدا مۆھۈردار موللا مۇسا قازىئاخۇنۇم
ئارقىلىق ئۆز مۇددىئاسىنى دېدى :

— ئابدۇرەھمان خاتىپ ئاخۇنۇم ، ئۆزلىرىنىڭ نەسلى -
نەسەبلىرى پاك ، نەسەبلىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇچىنچى چاھار-
يارى ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يېتىدۇ . بىز گۇلى
گۇلىگە تەگتۇش بولسۇن دېگەن پاك نىيىتىمىز بىلەن ئۆزلىرى-
نىڭ سۇلبىيە كەرىمەلىرى گۇلخۇمار بىكەچ (خېنىم ) نى يۇرتى-
مىزنىڭ مۆتىۋەر پۇلدارلىرىدىن نادىرخان خوجامنىڭ نۇرە چەش-
مىسى ئەپزۇللا خوجامغا لايىق كۆرۈپ ، ئاستانىلىرىغا چاغاتاي
نەسىلدارلىرىدىن بولغان جانقۇر ئاتالىق غازى سادىر بىلەن كەل-
دۇق . بۇ ھەقتە ئۆزلىرىنىڭ ئەلپازلىرىدىن ئاگاھ بولساق ، —
دەپ ، سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ، ئابدۇرەھمان خاتىپ گېلىنى
راسلاپ ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، پەگاھتا ئۆرە تۇرۇپ :

— جانابىي ئالىيىنىڭ قەدىمى بىزنىڭ كۇلبىمىزگە نۇر ئې-
لىپ كەپتۇ . ھېلىغۇ بىر كەرىمەمىز خۇمار خېنىم ئىكەن ، ئەگەر

يۇز پەرزەنتىمىز بولسىمۇ ، تۇتتۇق . كەمىنىلىرىنى ھەربىرلىرى لايىق كۆرگەن ئىكەنلا ، ئەلۋەتتە بىشەك ۋە بى تەئەررۇز قوبۇل كۆرگەيمىز ، — دەپ يەرگىچە ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى .

ئەلچىلەردىن ھارۇن ھاجى بىلەن موللا مۇسا قارىي مۆھۇر-دار ئورنىدىن دەس تۇرۇپ :

— ھىممەت ۋە ئىلتىپاتلىرى ئۈچۈن ، ۋاجىبۇل ۋۇجۇد ئەجىر ئەزىم ئاتا قىلغاي . ئىلاھىم ئىشىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى خەيرلىك قىلىپ ، بۇلارنىڭ يېڭى خانە مۇبارەكلىرىگە ئىشقىنىڭ رەمزىنى مۇيەسسەر قىلغاي ، — دېگەندىن كېيىن ، ھەممە تەڭ «ئامىن» دەپ پاتىھە بېرىشتى .

خاتىپ دەرھال مۇددىئانى چۈشىنىپ ، پۈتى - پۈتىغا تەگمەي تارتىلغان شادى پولۇنى مېھمانلار ، قازاندىكى قورۇما پولۇنى تۇغقانلار يەپ بولغۇچە تارتۇق ھازىرلىدى . بۈيۈك مېھمان جانقۇر ئاتالىق سادىرغا توم تورۇق ، ئىككى كۆزى قارا ، تۆت تۇيىقى ، يالىنى ، قۇيرۇقى ھەم قارا ، يۈزى ئۆكۈز يۈز بولغان ، پۈتۈن ئاتۇشتا ئوخشىشى يوق ئايغىرنى ، ئىككى يامبۇ ، مەشرۇدىن تى-كىلگەن ئالدى - ئارقا پەش ، يەڭ ئۇچلىرىغا ئىراقى تۇتۇلغان تون ، ھارۇن ھاجىغا بىر تۇفچاق ئىراقى ئات ۋە تون ، مۆھۇردار موللا مۇسا قايراقىغا بىر ئارغىماق بەدەخشانى ۋە تون قويدى . پۈتكۈل يۇرت خاتىپنىڭ ھىممىتىگە ھەيران بولۇشتى . «مېھمان-لار باركاللا» دېيىشىپ ، ئىشىك ئالدىغا چىققاندا ، ئەل تارتۇقلى-غان بىر توقسان قىرغىز قويىنى مەھەللە كاتتىسى جاپپار ئاقسا-قال خىجالەتچىلىك بىلدۈرۈپ : « ‹تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر ، تاپال-مىغىنى بىر باش پىياز › دېگەندەك ، سوۋغىتىمىز ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلىپ مەزۇر تۇتۇشلىرىنى تىلەيمىز » دەپ قولىنى كۆك-سىگە ئېلىپ تەۋەززۇدا تۇردى . مېھمانلار :

— مەشھەد قەدىمىي ۋە ئۇلۇغلار ئۆتكەن مۇبارەك دىيار . «شىرنىڭ بالىسى شىر» دېگەندەك ، ئالتىن ئاتۇشلۇقلار ئالىي ھىممەت ۋە مېھماندوست ئىكەن . ئەجدادلىرىنىڭ ھىممەت كەمى-

رىنى ئەۋلادلىرى تېخىمۇ چىڭ باغلاپتۇ . بۇنداق مېھمان ناۋازلىق-لىرى ئۈچۈن جانقۇر سادىر تولىمۇ بىھەد ۋە بىسيار شادلاندى . ھەممىلىرىگە ئەجىر ئەزىم بولسۇن ، — دەپ دۇئا قىلىشتى .

شۇنداق قىلىپ ، مېھمانلار ئاتلىرىغا مىنىپ ، ئوقيا ـ ساداق ئاسقان بىرنەچچە مۇلازىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا كۈن بىلەن تەڭ ئوردىغا قايتتى .

*　　　　*　　　　*

شاۋاز قارىي بىرنەچچە كۈندىن بۇيان كۈندۈزى ۋە كېچىلىرى ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ بېغىنىڭ يەتتە پاخشىلىق ئەنجان تېمىنى ئايلىنىپ ، گۈلخۇمارنىڭ بويىنى ئالالماي سۈڭگۈچ يېنىدىن ئۆت-كەندە ، ئاشۇ كېچىلەردىكى شېرىن خىيال يادىغا كېلىپ ، تامىقى-نى يېغا بوغۇۋالدى . ئاڭغۇچە خاتىپ ھويلىسىدىن يېنىۋاتقان مېھمانلارنى كۆرۈپ ، خۇددى تاقاق سېلىنغان سۇ توختىغاندەك ، جايىدا ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى . ئۇ بازار تەرەپكە ئاستا ـ ئاستا تارقالغان مېھمانلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى . مېھمانلاردىن ئىككى ناتونۇش كىشى ئۆزئارا سۆزلىشىپ مېڭىشتى .

— ئابدۇرەھمان خاتىپ بۇگۈن سېخىي ھاتەم بولۇپ كەتتى-غۇ ، بۇنىڭ سەۋەبىگە ، تېگىگە يېتەلمىدىم . ئوغۇلنىڭ ئاتىسى قىز تەرەپكە قىلماقتا يوق ، بىسمىللا دېمەي ئايغىردىن ، ئارغىماق-تىن ، ئىراقى تۇفچاق ئاتلىرىدىن ، يېمەي يىغقان يامبۇسىدىن ئايرىلدى . تاڭلا قۇرغۇيدەك قىزى گۈلخۇماردىنمۇ ئايرىلىدۇ ، — دېيىشكە ، شاۋاز قارىي «نېمە ؟ كىمدىن ، مېنىڭ سۆيگۈنۈمدىن-ما ، بۇ قانداق گەپ ، نېمە سىر ؟» دەپ سوراشقا تاس ـ تاماس قالدى ـ يۇ ، تاقەت قىلدى . ئۇ دەرەخ دالدىسىدا تۇرۇپ داۋاملىق گەپ تىڭشىدى . ئىككىنچى مېھمان كىشى :

— بۇ توي ھەرگىز خۇدانىڭ خەزىنىسى ئەمەس ، خاتىپ ھىيلىدىن ھالتۇا ياسىماقچى بولۇۋاتىدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ قېرىغان-

سىرى پۇلغا، مەنسەپكە ھېرىسلىقى ئېشىپ كەتتى. ھازىر ئۇ «ھەزرەت سۇلتان» مازىرىنىڭ شەيخى، ئازنا مۆتىۋەللىسى، ھەممە جارۇپكەش، پەرراش، مەزىن، قارىي دېگەن كىشىلەر ئۇنىڭ خىزمىتىدە، «ھەزرەت مازار»غا كېلىدىغان يېمەك-ئىچمەك، ئوزۇق-تۈلۈك كۆپ. بۇنى تاۋاپچىلار، مازار ئىخلاسمەنلىرى، ئاغرىق-سىلاقلار، مۇرىتلىرى نەزىر-چىراغ ھېسابىدا ئەكېلىدۇ. بۇ نەزىرلەر بىلەن خاتىپنىڭ ئامبارلىرى ئاشقا، قوتانلىرى قويغا، كۆپلىرى ياغقا تولۇپ كەتتى. «ھەزرەت مازار» ئەتراپىدىكى ۋەخپە زېمىنگە، دەل-دەرەخكە، ئۇنى تېرىيدىغان دېھقانلارغا يەنە شۇ كىشى ئىگە. «ھەزرەت مازار»نىڭ تۇربەت (قەبرە)لىرىنى ياستىمىز دەپ زىيارەتكە كەلگۈچىلەردىن ھەر يىلى يىغىدىغان يامبۇ، تەڭگە، داچەنلىرىنىڭ ھېسابىنى خۇدا بىلمىسە، بەندە بىلمەيدۇ. ئۆزىمۇ بويتاق، بىر قىزىدىن باشقا بالىسى يوق. بۇ قېتىم قىزىنى خوجىلارنىڭ بىۋاك[①] ئوغلىغا ھېلىقى مەمۇرلارنىڭ ئاغلاقچىلىقى بىلەن بېرىۋالالىسا، «مەشھەد ئاز كەلدى، پۇتكۇل ئاتۇشتىكى 24 كەنتنى يالمىيالايمەن» دېگىنى بولىدۇ. ئەمما، خۇدا ئۇنىڭغا يار بولامدۇ-يوق؟

— قەشقەر خانى ئابدۇللاخان ئالىيلىرىنىڭ ئىناۋەتلىك كىشىسى، مەنسەپدار سادىرنىڭ ئۆيگە كېلىشى خاتىپنىڭ ئۆز نەزەرىدە زور سائادەت. ئۇنىڭ ئالدىغا قويغان سوۋغا-سالام بولسا «قارماق ئۇچىغا ئىلغان گۆش». چۈنكى، خاتىپ بىرنى ئۇنىڭغا بېرىپ، مىڭنى ئاتۇشتىن ئۇندۇرۇۋېلىشنى بىلىدۇ. «ئەگەر غىڭ قىلساڭ، مېنىڭ كەينىمدە بۇ ئەمىر بار، ئۇنىڭ مۆھۈردارلىرى بار» دېگىنى. ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەن شۇم قەدەم مېھمانلار گۈلخۇمار قىزنىڭ بەختىگە ئۇنگەن مەرەز، ئاتۇش خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن يېڭى بالا-قازا دېسەك بولىدۇ. مېنىڭ گېپىم تامام ۋەسسالام.

① بىۋاك — بىكار تەلەپ، بەتقىلىق، پەسكەشلىك قىلىدىغان كىشى.

ئىككى مېھمان خوشلىشىپ ، ئىككى تەرەپكە يۈرۈپ كەتكەن-
دىن كېيىن ، شاۋاز قارىي بۈگۈنكى «شۇم قەدەم مېھمان» نىڭ
خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، ھوشىدىن كېتىشكە تاسلا قالدى . دەل مۇشۇ
چاغدا ، يېقىنلا يەردىكى «شاھ قەبرىستانلىقى» دا تۈنىگەن ھاپىز-
نىڭ ئاۋازىنى لەرزان چىقىرىپ ، سىگاھ مۇقامىنىڭ ئۈچىنچى
مەشرەپ ئاھاڭىغا سېلىپ ساتار بىلەن ئوقۇغان مۇڭلۇق غەزىلى
ئاڭلاندى :

يار ئەمەس بىچارە بولغان چاغ ساڭا يار بولمىسا ،
كىم يىقىلغاندا تۇتۇپ ئىلكىڭ ، مەدەتكار بولمىسا .
ئەھلى دەۋران ساڭا بولغاي ، قونسا باشىڭغا ھۇما ،①
ئۆتكۈسى غەپلەتتە كىمكى تۇندە بىدار بولمىسا .
تا ۋۇجۇدۇم بىرلە جانىم مەرىپەت ۋەسلىنى دەر ،
قەدرى يوقتۇر گەۋھەرى گەنج گەر خېرىدار بولمىسا .
ئەي رەشىدى تەركى قىلما ئەمەلىي ئېھسانىنى سەن ،
پەيزى ھەقنى كۆرمىگەيكى ھەق خەۋەردار بولمىسا .

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان يازغان بۇ غەزەلنى ئاڭلاپ ، شاۋاز
قارىينىڭ كۆڭلى ئېزىلدى . ئۇ خېلىدىن بېرى كۈلبىسى بولۇپ
قالغان جامەنىڭ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ ساپال چىراغنى ياندۇ-
رۇپ ، ئاۋۋال ئاخشامدىن باشلاپ ئىككى يانغا ئىرغاڭلاپ تۇ-
رۇپ قۇرئان تىلاۋەت بىلەن تاڭ ئاتقۇزدى . ئۇنىڭ ئۇستازى
مۇھەممەد سادىق قارىيھاجىم شىرىنچى ئۇنىڭغا : « ‹قۇرئان كە-
رىم › دىكى ئەڭ ئاخىرقى سۈرە ‹بەقەر › (ئىككىنچى سۈرە ، كالا
سۈرىسى ) كېلىپ توققۇز كۈندىن كېيىن رەسۇلۇللا ۋاپات بول-
غان . رەسۇلۇللادىن كېيىن كىتاب قىلىنغان ‹قۇرئان كەرىم ›
نى كۆچۈرۈشكە ‹خەتتى كۇفى › ، باشقا ھاجەتلەرگە ‹خەتتى نە-

① ھۇما — رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان بەخت قۇشى .

سىخى ، دېگەن خەت نۇسخىلىرى ئىشلىتىلگەن . «قۇرئان كەرىم» كامىل توم بولۇپ ، 114 سۇرە جامىئىل ئەخلاقتۇر » دەپ ، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەنىدى .

شاۋاز قارىي بۇ ساماۋى كىتابقا تولىمۇ ھۆرمەت ۋە ئېتىقاد قىلاتتى . شۇڭا ، قانداق خاپىلىق ـ خۇشاللىققا ئېرىشسە ، «مېنى نىجادلىققا ئېرىشتۈرىدۇ» دەپ ، ئۇنى ئوقۇشنى ئادەت قىلغان . بۈگۈنمۇ ئۇ ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھەسرىتىنى قۇرئان تىلاۋەت بىلەن يىتتۈرمەكچى بولدى .

* * *

ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ ئۆيىدە بىر نەچچە كۈندىن بېرى جىددىيەتلىك ، ئەرلەر پىچىر ـ پىچىر گەپلىشىدىغان ھالەت شە-كىللەندى . خاتىپنىڭ سارە ئانىغا تاپىلاپ تەكىتلىشىگە قارىغاندا ، قىزى گۈلخۇمارنىڭ يۈزى قېتىپ قالمىسۇن ئۈچۈن ، ھازىرچە ئۇنىڭغا توي خەۋىرىنى دېمەسلىك ، ۋاقتى كەلگەندە تەخىر قىل-ماسلىق لازىمكەن . چۈنكى ، ئۇنىڭ تەبىرىچە ، «توي ئۆچكە يې-غى» مىش . «تويىنىڭ مىش ـ مىش خەۋىرى ئەل ئارىسىدا ئايان بولۇپ ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتسە ياكى ئارىغا دۈشمەن ئارىلاپ قالسا ، بىزگە قۇدا بولغۇچى خوجاملارغىمۇ سەت-چىلىك بولىدىكەن» .

بۇ ئىشتىن بىخەۋەر قالغان گۈلخۇمار بىلەن زۆھرە باغ تەرەپتىكى پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ ئۈچى كېسىلگەن شاپتۇل ئۇچقىد-لىرىنى بەھۇزۇر ئاسمانغا ئېتىپ ، چاكوم ئويناۋاتاتتى .

چاكوم ، چاكوم تاماكوم ،
كىچىككى ، كۈمۈچىكى .
ئۆزۈم ، ئۆزمەيلەم ، ئۆز ئۆز مەلەم ،
چوڭ ئۆزۈم .

چوڭ قاتارغا قىلغان سۆزۈم ،
چوڭ بولاي ، چوڭ چوكان بولاي .
ئۈچ ئۆزۈم ،
ئۈچىنى مەن تۇغدۇرىمەن .
سۈرمە ئىلىپ قويدۇرىمەن ،
ئۈچ ئۆزۈم ،
ئۈچنى مەن تۇغدۇرغۇچە ،
كۆن كەچ بولۇر ، زاۋال بولۇر .
هويلا ، بىر هويلا ،
هويلا ، ئىككى هويلا .
هويلا ئامانمۇ ؟
ئاسمان زامانمۇ ؟
قويۇشى ، قوشامدە پەش ،
ئۆگرەمدە ئاش .
قوش توك ، توك ـ توك .
مانا قويۇشى ، مانا قويۇشى .
توك ـ توك ،
توكۆلدايمەن ، سوكۆلدايمەن ،
ئارقاڭدىن يېتەلمەيمەن .

مانا ، چاكۇم ئويۇنىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىشى بىلەن گۈلخۇمارنىڭ ئويۇنغا ماس كەلتۇرۇپ ئېيتىۋاتقان قوشىقىمۇ ئۆزگەردى .

چىنە جاناندىن چىقۇر ،
تاماكا تۇرپاندىن چىقۇر .
رومالىم ئەنجانچە بولسا ،
ئايىم ئالدىمغا چىقۇر .

هويلىسى ـ يۇ هويلىسى ،
ئاخۇنۇمنىڭ هويلىسى .
ئۇچىدا ئەينۇلىسى ،
تۆۋىدە شاپتۇلىسى .
......

شۇ ئارىدا خاتىپ ئۆيدىن چىقىپ ، چاكۇم ئويناۋاتقان قىزلارغا قاراپ زەردە بىلەن توۋلىدى :

— بىز نىمە كويدا ، سىلەر نىمە كويىدا . بىز تۇغقاندلار ، ئەل ـ يۇرت «توي قىلىمىز» دەپ پۇتى ـ پۇتىغا تەگمەي ، توينىڭ تەرەددۇتى بىلەن بولۇۋاتساق ، سىلەر چاققە ـ چۇرۇق ئېيتىشىپ ئېيتىۋېتىپسىلەر . بولدى ، گۈلخۇمار بالام ، سىزنىڭ چاكۇم ئوينايدىغان ۋاقتىڭىز ئاخىرلاشتى . بەزى گەپلەرنى سارە هاممىڭىزدىن ئۇقۇپ قالارسىز ،— دەپ خالا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى .

— «توي قىلىمىز دەپ پۇتى ـ پۇتىغا تەگمەيۋاتساق» دېگىنى نىمە گەپ ، قانداق توي ئىكەن ئۇ ؟ — دېدى گۈلخۇمار تاتىرىپ زۆهرەگە قاراپ .

— يۇرۇڭە ، هاممامدىن ئۇقايلى ، — دەپ زۆهرە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىچە سارە ئانىنىڭ قېشىغا كىرىپ كېتىشتى .

## 2

قەۋس (نويابىر ) نىڭ بىر پەيشەنبە كۈنى تۆۋەنكى مەهەللىدە ۋاپات قىلغان زۇمرەتخاننىڭ ئازىنا ئاخشىمىغا شاۋاز قارىينى قىچقىرىپ كىشى كەلگەنىدى . شاۋاز قاري ئۇ كىشى بىلەن بىللە ئابدۇرەهمان خاتىپنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ، خاتىپ ئۆيىدىن جەددار تېگىنچىنى ئۇزىتىپ چىقىشى توغرا كېلىپ قالدى . خاتىپ تېگىنچىغا قاراپ :

— نېمىشقا سارىخانىنىڭ پۇتى تۇتمايدىغاندۇ ؟ ئالدىمىزدا قىز تويىمىز بار ئىدى . ئۇ مەزلۇم بىزنىڭ پۇتىمىزغا پۇت ، قولىمىزغا قول بولاتتى ، — دېدى .

— چىقىق سۇنۇقتىن يامان ، — دېدى جەددار تېڭىقچى ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە ئانىمىزنىڭ بېشى چوڭىيىپ قالغان . يەنە بىر تەرەپتىن قىش كىرىپ كېلىۋاتىدۇ . ھەرھالدا تەستىرەك تۇتىدۇ . — شۇ ئەسنادا خاتىپنىڭ كۆزى يولدا كېلىۋاتقان شاۋاز قارىيغا چۈشتى . خاتىپ ئۆز خىيالىدىكى ئۇنىڭ مەسچىت مەدرىسىدىكى ئىلگىرىكى ناشايانلىقى كۆز ئالدىدىن لىپ قىلىپ ئۆتكەچكە ، تەرى ئۇركۇپ :

— ھەي سەن بىگانە ، بىزنىڭ ئاستانىمىزدە نېمە ئىش قىلىپ يۇرسەن ؟ ! — دەپ توۋلىدى .

شاۋاز قارىي بىلەن بىللە كېلىۋاتقان يىگىت :

— خاتىپ ئاخۇنۇم ، يول بىلەن كۆۋرۈك خانىنىڭ . بىز خانىنىڭ يولىدىن مېڭىۋاتىمىز ، ھەزرەتلىرىگە پۇتلاشمىدۇققۇ ؟ — دېيىشىگە ، خاتىپ :

— پوق يېمە مۇتتەھەم ! بۇ مېنىڭ ئىشىكىمنىڭ ئالدى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن ؟ ! — دەپ تەستەك ئۇرماق بولۇپ قولىنى كۆتۈرۈپ كەلدى .

— بىز تۈز يولدا ئۆز يولىمىز بىلەن كېتىۋاتساق ، بىكاردىن بىكار زورلاپ ئۇرماقچى بولامدىلا كىشىنى ؟ سىلىنىڭ بىرەر نەرسىلىرىنى بۇلاپ كەتتۇقمۇيا ؟ — دېدى شاۋاز قارىي .

— ۋاي جان ، ۋاي قولۇم ، بۇ زاتى پەس ، نىجىسلار ، بىزنىڭ ئاستانىمىزدا يىن پۇراپ يۇرمەكچى بولۇشقانىكەن . ساۋۇت رەئىس قېنى سەن ، ھەي رەئىس ! — دەپ توۋلىدى خاتىپ .

ئۆيدىن ۋە مەھەللىدىن بىرنەچچەيلەن ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىپ ، ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ باغلاپ قويدى . بىھۆرمەتلىك قىلغىنى ئۇچۇن ، ساۋۇت رەئىس تەھزىر ئۇرۇش قارارىغا كېلىپ ، ئۇلارنىڭ كىيىمىنى سالدۇرغاندا ، شاۋاز قارىينىڭ قوينىدىن يەر-

گە چۈشكەن قۇرئاننى مەھەللىدىكى ئەھمەد سەھھابچى قولىغا ئالدى ـ دە ، يۈزىگە سۈرتتى . ساۋۇت رەئىس ئۇلارنى يەرگە باستۇرۇپ ، شاۋاز قارىينىڭ دۈمبىسىگە 21 دەررە ، ھېلىقى دېھ- قان يىگىتنىڭ دۈمبىسىگە 11 دەررە ئۇردى . دېھقان يىگىت تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى . لېكىن شاۋاز قارىي ئورنىدىن تۇرال- مىدى . چۈنكى ، ئىچىگە قوم سېلىپ سىيرىلغان دەررە ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئۇچىسىغا قاڭ سوققاندەك تەگكەنىدى .

ئەھمەد سەھھابچى ھېلىقى دېھقان يىگىتتىن ئەھۋالنى ئۇق- قاندىن كېيىن ، بىر نەچچە ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنى يىغىپ ، «تاياقنىڭ زەھرىنى سۇ ئالىدۇ» دەپ مەسلىھەتلىشىپ ، شاۋاز قارىينى قاراسۇ ئېرىقىغا ياتقۇزۇپ ، سۇغا باغلاشتى . ئەتىسى ئۆز ئۆيىدە ئۇنىڭ ئۇچىسىغا خېمىر تۇرۇچ تاڭدى . «ئۆلۈم بولغان ئۆيگە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا قىچقىرىلغان قارىم بىلەن قىچقىد- رىپ كېلىشكە بۇيرۇلغان يىگىت ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ، ‹دەرۋازامغا قارىدىڭ› دېگەن گۇ- مان بىلەن بىگۇناھ دەررە يەپتۇ» دېگەن سۆز ـ چۆچەك تارقىد- لىپ ، ھەممىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى . ساۋۇت رەئىسنىڭ ئادالەت بىلەن ئاداۋەتنى ، كۈندۈز بىلەن كېچىنى ، ھەق بىلەن ناھەقنى ، غەپلەت بىلەن جاھالەتنى ئايرىيالماسلىقى ، نادانلىق ۋە ئەخمەقلىق ۋەجىدىن جاۋابكاردىن گەپ سورىماي ، جىنايەتكە گۇ- ۋاھلىق تەلەپ قىلماي ، خاتىپنىڭ گۇمانىغا ئاساسلىنىپلا بۇ جازا- نى بەرگەنلىكىگە كىشىلەرنىڭ غەزىپى كەلدى . نورۇز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەندە ، شاۋاز قارىينىڭ ھالى خارابلىقىنى كۆ- رۈپ : «ئاھ ، مەسۇم دوستۇم» دەپ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى ۋە ئۇنى تولا تەسلىكتە ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى .

ئالتىن ئاتۇشنىڭ بازىرىغا بەشكېرەمدىن مېۋە ـ چىۋە ئېلىپ كەلگەنلەردىن بىرى بۇ خەۋەرنى شاۋاز قارىينىڭ ئانىسىغا بېرىپ يەتكۈزدى . ئەپروزىخان بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ، ئاكىسى سالىھ قارىيئاخۇنۇم بىلەن بىللە كېلىپ مەشھەدتىكىلەردىن سۈرۈشتە

قىلىۋاتقاندا ، «ھەزرەت سۇلتان مەدرىسە» سىنىڭ پەشتىقى يېنىد-
دىكى دۇكان ئالدىدا تۇرغان ئەھمەد سەھھابچىگە يولۇقتى . ئۇ
شاۋاز قارىينىڭ تاغىسى ۋە ئانىسىنى تونۇپ بىلگەندىن كېيىن ،
ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتىپ كېلىپ :

— ئابدۇرەھمان خاتىپ مەشئۇم بىر ئادەم . ئۇ دۇنياغا
يارالغاندىن باشلاپ مۇشۇ كەمگىچە ياخشىلىققا يامانلىق ، خىزمەت-
كە تۆھمەت قىلىپ كەلگەن . مەن كەچرەك ئۆيگە يېنىۋاتسام ،
خاتىپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر ۋاراڭ - چۇرۇڭنىڭ ئاۋازى
ئاڭلاندى . «يا ھەزرەت ، نېمە بولغاندۇ» دەپ بارسام بىر ياش
نەۋقىران يىگىتنىڭ دۇمبىسىدىن چىققان دەررە ساداسىكەن . ئاڭ-
غۇچە يەردە كۆلەڭگىدە تۇرغان بۇ كىتابنى يۇگۇرۇپ بېرىپ
ئالسام كالامۇللا ئىكەن . ئۇنى ۋاراقلىسام ، قەشقەردە كۆچۈرۈل-
گەن قەلىمى قۇرئان ئىكەن ، كۆزۈمگە سۈرتتۈم . «نېمە ئەھۋال
بۇ» دەپ سۈرۈشتۈرسەم ، ئاياغ مەھەللىدە ۋاپات بولغان زۇمرەت-
خاننىڭ ئازنا ئاخشىمى ئۇچۇن توغقانلىرى خەتمىقۇرئان قىلدۇ-
رۇش نىيىتى بىلەن بىر دېھقان يىگىتنى «قارىي قىچقىرىپ كەل-
گىن» دەپ بۇيرۇپتىكەن . شاۋاز قارىي جامەنىڭ ھۇجرىسىدا
قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقاندا ، ھېلىقى دېھقان يىگىت شاۋاز قارىي-
نى تېپىپ ، يولدا باشلاپ كېتىۋاتسا ، خاتىپ ئاخۇنۇم ئۆيىدىن
چىقىپ : «كېچىدە بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر ؟» دەپتۇ . ئۇلار
گەپ قىلماي ماڭغان بولسىمۇ بوپتىكەن ، «يولۇچى بىز» دەپتۇ
دېھقان يىگىت . خاتىپ ئاخۇنۇم : «مېنىڭ ئىشىكىمدە نېمە ئىش
قىلىشىسەن ؟» دەپ زەردە قىپتۇ . «يول بىلەن كۆۋرۈك خاز-
نىنىڭ ، بىز خاننىڭ يولىدا ماڭدۇق» دەپتۇ يەنە دېھقان يىگىت .
خاتىپ ئۇرماقچى بولغانىكەن ، سىلىنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ قولى-
نى سىلكىۋەتسە ، «بىھۆرمەتلىك قىلدى» دەپ ئۇرۇۋاتقان تەھ-
زىرنىڭ ئۈستىگە مەن بېرىپتىمەن . ئۇنىڭ قويۇنلىرىدا قۇرئان
تۇرسىمۇ ، «مېنىڭ ئاستانەمدە يىن پۇراپ يۈرىسەن» دەپ تۆھ-
مەت بىلەن شۇنچە قاتتىق ئۇرۇپ كەتكەن . تېخى ئۇنىڭ «تەركى-

ھۆرمەت قىلدى ، تەھزىر كەلدى» دېيىشىنى قاراڭ . شەرىئەتتە تاپتىن چىققۇچىلارغا تەھزىر كېلىدۇ . تۈز يولدا مېڭىۋاتسا ، قۇرئان تىلاۋىتى ئۈچۈن كېتىۋاتسا ، مۇشۇنداقمۇ تۆھمەت ، ئادالەتسىزلىك بولامدۇ ؟ — دېدى ۋە ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋالغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى ، — ئوغۇللىرىنى تەختىيۇندىكى ھەمدەرسخان دوستى نورۇز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى . مەن باشلاپ باراي .

ئەھمەد سەھھابچى ھېلىقى قۇرئاننى سالىھ قارىيئاخۇنۇمغا تۇتقۇزۇپ ، دۇكاننىڭ ئەسكى شالىلىرىنى سېلىپ ، دۇكاننى ئەتتى ـ دە ، ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ داستىخان يايدى . كېيىن جامبۇل ئېشەكنى ئۈچىلىق سېلىپ توقۇپ ، يېتىلەپ چىقتى . سالىھ قارىيئاخۇنۇم ئاۋۋال ئەپروزىخاننى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئېشەككە مىندۇرۇپ ، ئۆزى ۋە ئەھمەد سەھھابچى ئېشەكلىك ھالدا يولغا چىقىشتى . قۇلىقىنى قومۇشتەك تۇتۇپ ماڭغان ئىككى بوز ئېشەكنىڭ كەينىدە ئەپروزىخان مىنگەن قارا ئېشەك بېشىنى ئېگىپ ، تومشۇقىنى يەرگە سىيىپغاندەك قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ مېڭىپ ، تەختىيۇندىكى نورۇزنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ ئېشەكتىن چۈشۈشتى . بۇ چاغدا نورۇزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھويلىدىكى قوناق شاخلىرىدىن باش قوناق ئۈزۈۋاتاتتى .

نورۇزنىڭ ھويلا ئىشىكى ئوچۇق ئىدى . ئۇ ئىشىك ئالدىغا كەلگەنلەرنى كۆرۈپلا قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، — دەپ كۆرۈشتى نورۇز ئەرلەر بىلەن قول ئېلىشىپ ، ئاندىن ، — ئەپروزىخان ئانا ، بارمۇسىز ؟ — دېدى .

— بار مولللا بالام ، دوستۇڭ شاۋاز قارىي قېنى ؟

— بار ، بار ، قېنى مەرھەمەت ، مەرھەمەت . مۇشۇ ئۆيدە ، — نورۇز ئۇلارنى دەھلىز ئارقىلىق چوڭ مېھمانخانىغا باشلىدى .

مېھمانخانىدىكى كات تۆپىسىدە رەڭگى ئاپئاق چوتادەك بولۇپ

كەتكەن شاۋاز قارىي ئانىسىنى ھەم تاغىسىنى تونۇشتىن مەھرۇم ئىدى ، كۆز نۇرى ئۆچۈشكە تاسلا قالغاندەك كۆرۈنەتتى .
— بىچارە بالام ، — دەپلا ئانا ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىپلا ھوشىدىن كەتتى .
ئاڭغۇچە نورۇزنىڭ ئانىسى كىرىپ ، يۆلەپ چېكىلىرىنى ئۇۋۇلىدى . ئۇ ھوشىغا كېلىپلا يەنە «بالام…» دەپ ئۆزىنى ئاتماقچى بولغاندا ، ئۇنى تۇتۇۋالدى . ئىلاجىسىز ياتقان شاۋاز قارىينىڭ كۆز يېشى «ھالىم مۇشۇ» دەپ خالىس تىلماچلىق قىلغاندەك كۆرۈنەتتى . قالغان سۆزلەرنى ئىككى ئەر كىشى نورۇزدىن ، ئەپروزىخان ئانا نورۇزنىڭ ئانىسى ۋە ئەھلىبەيتىدىن ئاڭلاپ ، تۈننى تاڭغا ئۇلىدى . ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ بۇ يولسىزلارچە زالىملىقىغا ھەممەيلەننىڭ قاتتىق غەزىپى كەلدى .
شاۋاز قارىي ئۈچىنچى كۈنى ، يەنى تەھزىر بېگەننىڭ 15 ـ كۈنى ئانىسى ، تاغىسى ھەم قالغانلارنى تونىدى . ئانىسى چىدىيالماستىن ھۆڭرەك ئېيتىپ ، پات ـ پات قوشاق قوشۇپ يىغلىدى . سالىھ قارىيئاخۇنۇم سىڭلىسى ئەپروزىخاننى بىر چەتكە تارتىپ :
— «ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت» دېگەن گەپ بار . قارىمنىڭ دوستى ئىككى ئايدىن بېرى ئاتىدارچىلىق قىلىپ ، مۇشۇ يەرگە كەپتۇ . ئەمدى بىز يەنە تۇرۇۋەرمەي ، شاۋاز قارىينى ئۆيگە ، ئەل ـ يۇرت قېشىغا يۆتكەپ كەتسەك . چۈنكى ، ھازىر كۇز قاتىلاڭچىلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈزۈمنىڭ تالىلىرى بىلەن ئەنجۈر ، ئانار دەرىخىنى كۆمىدىغان چاغ بولۇپ قالدى ، — دېدى .
— ئوغلۇم ئۆرە تۇرالمىسا ، ئېشەكتە تېخى ئولتۇرالمىسا قانداق ئەكېتىمىز ، ئاخۇنۇم ؟ — دېدى ئەپروزىخان چەكچىيىپ .
— شاۋاز قارىينى جىرغىغا ياتقۇزۇپ ، ئىككى ئېشەككە سۆرىتىمىز . ئىككى كۈن پىيادە مېڭىپ قىينالساق ، يۇرتقا بارىمىز .
بۇ مەسلىھەت ئەپروزىخانغا ماقۇل كەلدى . ئۇلار ئىككىسى مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ ، مۇۋاپىق چاغدا شاۋاز قارىيغا دېگەنىدى ،

ئۇمۇ دەرھال قوشۇلدى . ئەتىسى چايدىن كېيىن ، ئىككىيلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ شاۋاز قارىينى ئەكېتىش ھەققىدە نورۇزدىن ئىجازەت سورىۋىدى ، ئۇ :

— مەن قارىمنى ساقايتىپ ، خاتىپنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىپ ، ئىنتىقام ـ ئۆچىمىزنى ئېلىپ مۇرادىغا يەتكۈزمىگىچە رۇخسەت بەرمەيمەن . قايسىبىر كىشى دۇنيادا ئۆچىنى ئالمايدىغان ياۋاش قوزا بولۇشقا رازى بولىدۇ؟ — دەپ نۆزەمبىللا ئۇنىمىدى . ئۇلار قايتا ـ قايتا يالۋۇرغاچقا ، — ئۇنداق بولسا بىز ئىختىيارنى قارىمغا بېرەيلى . ئۇ نېمە دېسە شۇ بولسۇن ، — دېدى .

شاۋاز قارىي بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى ، ئانىسى ئۇنى بىر ئاز يۆلەپ تۇردى .

— دوستۇم نورۇز ، سەن مېنىڭ دەرد ـ يۈكۈمنى ئاز كۆتۈرمىدىڭ . 70 كۈندىن بېرى مەن ئالتىن ئاتۇشتا ، سەن مېنىڭ قېشىمدىلا بولدۇڭ . ئىنسانىيەتنىڭ بۇرچى ياخشىلىققا ياخشىلىق ئىكەن . مەن بۇ دۇنيادا ھايات بولسىلا سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭنى ئەلۋەتتە ياندۇرىمەن . ئەمما بۇ قېتىم ئۆيگە بىر بارسام ، — دەپ ئىلتىجا قىلدى شاۋاز قارىي .

ئىلاجىسىز قالغان نورۇز ماقۇل دېيىشكە مەجبۇر بولدى . ئەمما ئۇ : «مەن بىللە ئاپىرىپ قويمىسام خاتىرجەم بولالمايمەن» دېدى . ئۇلار ياغاچ ۋە ئارغامچىلار بىلەن جىرغا ياساپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىگىز ۋە كۆرپە سېلىپ ، ئەتىسى تاڭ مەھەلدە يولغا چىقىشتى . ئەپروزىخان قارا ئېشىكى بىلەن سۆزلەشكەندەك غىڭشىپ يىغلاپ ، جىرغىنىڭ كەينىدىن ماڭدى . ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ، شاۋاز قارىي بېشىنى كۆتۈرۈپ : «خەيرخوش گۈلخۇمار ، ياخشى قالغىن» دېگەندەك ئىنتىلدى . ئەمما ، بۇ چاغدا گۈلخۇمار تەكىيىنى كۆكسىگە بېسىپ ، ئۇنىڭ يېگەن 21 تەھزىر دەررىسى ئۈچۈن ئازاب چېكىپ ، ئوتلۇق ئاھىنى پۈرقۇۋاتقانىدى .

نورۇزلار شاۋاز قارىينى «لەڭگەر» بىلەن ئەمەس، قومالتاغ يېنىدىكى ئوڭئېرىق كەنتى بىلەن بەشكېرەمگە بالدۇر يەتكۈزۈش ئۈچۈن جۇدۇنلاپ مېڭىشتى. ئېشەكلەرنىڭ تۇيىقى قىزىغانسېرى، «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەندەك تىرىشلىشاتتى.

3

دەرەخلەر قىرودىن تون كىيگەندى. كاككۇك، سوپىسوپىيالىڭ، تۇرۇلغا، قارلىغاچ، قارا قۇشقاچلار بۇ يەرگە كۆڭۈلسىز بولغاندەك، باراقسان گۈللىرى بار جايلارغا ئۇچۇپ كەتتى. ئالا ۋە قارا قاغىلار «قار - راق، قار - راق» دەپ قاقىلداپ، قارا مارجاندىن زۇننار ئاسقان ياۋاش قەشقەر پاختىكى پېشايۋاندىن ئۇچۇپ چىقىپ بېدىشكە قونۇپ «گۇگۇ - گۇك» دەپ سايراۋاتاتتى. گۈلخۇمار ئۆيدىن چىققان ئاشۇ مەھەلدە، راۋاب - قوشاق تۈۋلىغىنىچە قەمبەر راۋاب دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

قۇمرى سايراپ ئېيتىدۇ،
يا دوستى ھۇ، يا دوستى ھۇ.

بىر كېچە ئويغاق ئىدىم ۋاقتى سەھەر،
كەلدى سايراپ قاشىمە بىر جانىۋەر،
كىم دېسەم «قۇمرى» دېدى، مەن بىخەۋەر.
قۇمرى سايراپ ئېيتىدۇ،
يا دوستى ھۇ، يا دوستى ھۇ.

دوستلىرىم قۇمرىگە مەن ئاشىق ئۆزۈم،
شۇل سەۋەبتىن يىغلىغان ئىككى كۆزۈم،
بارچىغا پەندى - نەسىھەتتۇر سۆزۈم.

قۇمرى سايراپ ئېيتىدۇ ،
يا دوستى هۇ ، يا دوستى هۇ .

دوستلىرىم قۇمرى ئەجەب ئاگاھىدۇر ،
قۇمرىنىڭ ئېيتقان سۆزى ئاللاھىدۇر .
بارچە قۇشلار بەندىدۇر ، ئول شاھىدۇر .
قۇمرى يىغلاپ ئېيتىدۇ ،
يا دوستى هۇ ، يا دوستى هۇ .

قۇمرىنى دىۋانە قىلغان لاماكان ،
قەسرىيۇ ئايۋانى بولماس ھېچ زامان ،
قۇمرىنىڭ ئاھ ـ زارىنى ئاڭلا جاھان .
قۇمرى سايراپ ئېيتىدۇ ،
يا دوستى هۇ ، يا دوستى هۇ .

قەمبەر راۋاب قارنى چوڭ راۋابنىڭ مەڭزىگە زەخمەك ئويناتـماقتا ئىدى . بوسۇغىدا تۇرغان گۇلخۇمار راۋاب ـ قوشاقنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن ، دەرھال ئۆيگە كىرىپ چوڭ ئاياقتا لىقمۇ لىق بېسىپ بىر ئاياق ئۇننى ئېلىپ قەمبەر راۋابقا ئاچىقىپ بېرىش ئۈچۈن چىققاندا ، مەھەللىدىكى بىرمۇنچە باللار خانىپىنىڭ قاراڭغۇ دالىنىدا «كۆچ ـ كۆچ ئويۇنى» نى ئويناۋاتقانىكەن . گۇلخۇمار سائىلنى ئۇزىتىپ يېنىشىغا ، ئۇلار ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، يېڭىدىن «تاققا ـ تۇققا» ئويۇننى باشلىدى :

تاققا ـ تۇققا ،
ئۈنچە ـ مارجان ،
نەدىدۇ ؟
تاغدىدۇ .
تاغنى باقسام تاغدا يوق ،

باغنى باقسام باغدا يوق .
خاننىڭ قىزى خالتا بولدى ،
ھۆتتۇرۇ كۆمەچ كەتمەن قۇ ،
ئاق تىكەم ، ئاپئاق تىكەم ،
كۇنجۇرە باسقان پاختىكەم .
ئون توققۇزنىڭ بىرسى كىپەك .

تاقتا ـ تۇقتا ،
ئۇزۇم پىشتى ،
لەشكەر دوڭ ـ دوڭ ،
تاغ بىلەن ، باغ بىلەن ،
سەن تۇرۇپ ، سەن چىق .

بالىلارنىڭ چوڭراقلىرى بىرىنچى قوشاقنى ، كىچىكلىرى ئىككىنچى قوشاقنى قوشۇپ ، كۆكۈللۈك ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ ، ئاخىرىدا قالغانلىرى ئۇچۇن ئۇتۇش ،[1] چىلان كالپۇك ، كۆتەك ياردى ، پاختەك ئۇچۇرۇش ، سامسا يېقىش··· قاتارلىق جازا چارە ئويۇنلىرىنى ئويناۋاتقاندا ، يىراقتىن ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ قارا چەكمەندىن تاشلانغان بۆرە جۇۋا كىيگەن سىياقى كۆرۈندى ، ئۇنىڭ بۇ ھالى خۇددى ئاپئاق قارنى كېچىپ كېلىۋاتقان قۇتۇپ ئېيىقىغا ئوخشايتتى . دادىسىنىڭ قارىسىنى كۆرگەن گۇلخۇمار قېچىپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى . بالىلار ئۆز ئويۇنلىرىنى بەخىرامان ئويناپ ئولتۇرغاندا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كەلگەن خاتىپ ئۇلارنى كۆرۈپ :

— چىق ۋەلىكىزىنالار ، داداڭ ھەرقايسىڭنى مېنىڭ بوسۇغامغا تېپىپ بەرگەنمۇ ؟ — دەپ ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ ،

---

[1] ئۇتۇش ئويۇنى — بالىلار ھالقا بولۇپ ئولتۇرىدۇ . ئارىدىن بىرى يېنىدىكى بالىنى دولىسى بىلەن تۇرتىدۇ . ئۇ «سەنمۇ يېنىڭدىكى بالىنى تۇرت» دەيدۇ . ئۇمۇ شۇنداق قىلىدۇ . ھالقىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ .

ئۆيگە تەرلەپ - پىشىپ كىردى ۋە بېلىدىكى يۈك بەلۋېغىنىڭ ئۈچىنى چىقىرىپ، كۇلاغا يۆگەلگەن سەللىسىنى سەندەل ئۈستىدەگە قويۇپ، پېشانىسىدىكى تەرنى ئېرتىۋېتىپ، سارە ئانا ۋە گۈلخۇمارغا قاراپ:

— بۈگۈن مەسچىتتىن چىقىشىمغا داكچى[1] بۇ مەكتۇپنى بەردى. ئېچىپ كۆرسەم، — دەپ خەتنى قوينىدىن ئېلىپ، ئاۋۋال بېشىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تۈڭلۈك يورۇقىغا تەڭلەپ، كېيىن تۆۋەنرەك چۈشۈرۈپ، ئىشىك تەرەپتىكى يورۇققا تەڭلەپ ئوقۇيالماي، — ھەي قېرىلىق، ھەي قېرىلىق. كۆزمۇ تەڭ قېرىيدىكەندە. خوش، خەتتىكى مەقسەت «مۇشۇ ھەپتىدىن قالماي قىزىمىزنىڭ لازىملىقلىرىنى تەييارلاپ ئارا ئاي كىرىپ قالغۇچە توينى قىلىۋەتسەك، بۈگۈن ھۆزۈرلىرىغا بارىدىغانلار توي مۇسەررىفاتى[2]نى يېزىپ كەلسە» دەپتۇ. سىلەر دەرھال تەييارگەرلىكتە بولۇڭلار. مەن چىقىپ قوي - پوي سويدۇرۇپ...— دېيىشىگە گۈلخۇمار ھۆڭرەك ئېتىپ يىغلاپ:

— دادا، دادا، نېمە توي بۇ؟ — دەپ سوراپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرغاندەك قىلىپ كۆزىگە تىكىلدى.

— نېمە توي بولاتتى؟ قىزىم گۈلخۇمار خېنىمنىڭ تويى، — دېدى خاتىپ.

— دادا، مېنىڭ تېخى ئاغزىم ئەمچەكتە تۇرسا...— دېدى گۈلخۇمار يىغلاپ تۇرۇپ.

— بولدى، بولدى، سىز بۇ گەپنى دېمەيدىغان، قىز بالا دېگەنگە سەت تۇرىدۇ، — دېدى خاتىپ.

گۈلخۇمار پەرىشان ھالدا بوغۇق يىغا ئارىلاش ئاۋاز بىلەن:

— مەن ئۆلۈشكە رازىمەنكى، خوجىلارغا كېلىن، ئەپزۇللاغا روزىغار بولۇشقا رازى ئەمەسمەن، — دەپلا ئۆزىنى يەرگە ئاتتى

---

① داكچى — خەت توشۇغۇچى.
② مۇسەررىفات — خىراجەت.

ۋە چاچلىرىنى يۇلدى ، — «خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن ، ئەقلى قىسقا» دېگەن مانا شۇدە ، — دېدى ئابدۇرەھمان خاتىپ تىپىرلاپ ، — ماشايىخلار «خوتۇن كىشى ئەردە ياخشى ، ئەردە بولمىسا يەردە ياخشى» دېگەن . بىزگە قۇدا ۋە كۈيەۋ بولغۇچىلار بىزنىڭ تازا كۇففى[1] مىزدۇر . مېنىڭ دېگىنىم دېگەن ، سېنىڭ ھەددىڭ ئەمەس ، — دەپلا ئارقا ھويلا تەرەپكە كېتىپ قالدى .

ئاشغۇچە ئۆيدىن زۆھرە چىقىپ ، گۈلخۇمارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ، قىزىلچە ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى . سارە ئانا بىر كۆزىدىن قان ، بىر كۆزىدىن ياش ئاقتۇرۇپ دىڭگۇسلاپ يۈرۈپ تەييارلىق بىلەن بولدى . شۇ ئارىدا موللا مۇسا قايىراقى مۆھۇردار بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچىلىرىدىكى قارنى قېقىشىپ مېھمانلارنىڭ ئالدى كىردى . خاتىپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» بىلەن ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى . موللا مۇسا قايىراقى مۆھۇردار تۆردە ئولتۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ :

— ئامىن ، بىز كەلدۇق ، بالا كەلمىسۇن . ھەر كۈنى ئۆيلەردە توي ئۇستىگە توي بولسۇن ، — دېدى .

— قۇتلۇق بولسۇن ، ئىلاھىم دېگەنلىرىدەك بولغاي ، — دېدى خاتىپ جاۋابەن .

ئۆيگە لىق تولغان جۇۋىلىق ۋە ئالتىن ئاتۇشنىڭ ئۆز ئەنئەنىسىگە لايىق قارا كۆرپىلەردىن تۇماق كىيگەن مېھمانلارنىڭ ئوچاقتا سېلىنغان ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ چوغى ۋە ئەلەڭگىسىدە يۈزى قايماقتا ياغلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇراتتى . ئۇلاردىن تەرلىگەنلىرى جۇۋىسىنى سېلىپ كات تۆپىسىگە بىردىن - بىردىن تاشلىدى . شۇ ھازادا مۆھۇردار سۆز باشلاپ :

— جامائەت بىز ئۆتكەندە ، خاتىپ ئاخۇنۇم ھەزرەتلىرىنىڭ سۇلبىيە كەرىمەسى خۇمار بىكەچ خېنىمنى نادىرخان خوجامغا كېلىنلىككە سوراپ ئاستانىغا كەلگىنىمىزدە مەزۇر كۆرگەنىدى .

---

[1] كۇففى — تەڭتۇش ، باراۋەر دېگەنلىك .

بۇگۈن «شۆل تويىنىڭ مۇسەررىفاتىغا ئىغىز ئىچىپ بەرسە» دەپ كەلدۇق، — دىگەندىن كىيىن، مۆھۈرداردىن باشقا تۆت كىشى قول باغلاپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، خاتىپقا قاراپ ئىزھارى ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. خاتىپ يەرگە دىيىنىپ ئورنىدىن تەسلىكتە تۇرۇپ:

— بىزگە ئادەم مەزۇر، قىزىمىزنىڭ كەملىرى ھازىرچە تولۇق ۋە مۇھەييا. قالغان كىمى بولسا، خوجاملارنىڭ ئۆيىگە بالا بولۇپ بارغاندىن كىيىن پۈتۈپ كىتەر، — دەپ تويلۇققا لازىملىقلىرىنى ئىيتقىلى ئۇنىمىدى.

خاتىپنىڭ تۇغقان، مەھەللە كويلىرىمۇ دەس ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى كۆكسىگە ئىلىپ:

— بىزگە ئادەم مەزۇر، خوجاملارنىڭ بىزنىڭ يۇرتتىن قىز دىگىنى ھەممىگە بەدەل، — دىيىشىپ ئۆزرىخاھلىق قىلىشتى.

بۇ ئۆزرە مەزۇردىن كىيىن، ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەنلەر قايتا سۆز ئىچىشقا ئىلاجسىز قالدى ۋە ئەتىسى ئەتىگەندە بىرلىگەن شىرنە چاي غىزادىن كىيىن، توي كۇنىنى «ئارا ئاي كىرمەستىن بۇرۇن ماھى شەۋۋال (ھىيت ئىيى) نىڭ 7 ـ كۇنى چارشەنبە» دەپ تەيىنلەپ پاتىھە ئىلىپ قايتىشتى.

گۈلخۇمار يۈزىنى تىتىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، تامغا ئۇ-سۇپ، ھىچ نەرسە يىمەي، سوغۇق ئۆيدە يەر قاساپ ئىسەدەپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ نالە ـ پەرياد قىلىپ، تۈگۈلۈكتىن ئايغا ئۆز زارىنى دەپ «مىنى قۇتقۇزۇۋالغىن» دىگەندەك قىلىپ ئىككى قولىنى كۆتۈرمەكتە ئىدى.

خاتىپ پۇسۇرلاپ مىڭىپ، قولىدىكى تارىشا گۈگۈتنىڭ يو-رۇقى بىلەن ئىككى تەرەپكە تەڭ قاراپ، زادىلا ئىچىلمايدىغان ئىچكەركى ئامبارنىڭ ئىشىكى تۈۋىگە كىلىپ، ئىشتانبىغىدىن شەددە قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچىنى ئايرىپ، ئىشىكنى ئىچىپ كىرىپ كەتتى. بىر ھازادىن كىيىن قىزغا ئاتاپ تۇتقان كاتتىن ئۇنىڭ ئۇچۇن تەييارلانغان ئىپسىل رەختلەردىن بىر بوغچىنى ئەچىقىپ

سارە ئانىنىڭ ئالدىغا قويۇپ ، قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ :
— بۇ گۇلخۇمارنىڭ تويىغا ئاتاپ تەقلىگەن سەپنىڭ بىر بوغچىسى ، سىز مەھەللىمىزدىكى تىكىمچى قۇناخۇن ئۇستامنىڭ ئۆيىگە تاڭلا بالىنى بىللە ئاپىرىپ ، بويىغا لايىق تىككۈزۈشكە بېرىڭ . ھەممىسى يېڭنە بىلەن بولىدىغان ئوقەت ، ئارقىغا سوزۇلسا بولمايدۇ ، — دەپ جىكىلىدى .
سارە ئانا ۋە زۆھرە ئۇنى كۆتۈرۈپ گۇلخۇمارنىڭ قېشىغا كىرگەندە ، ئۇ پەرىشان ھالدا يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا سەل - پەل ئىلىنىشقانىدى .

* * *

سۇنايدەك ئۇزۇن بۇرۇن ۋە سېرىق چىراي نادىرخان خوجا ئۆيدە ئولتۇرغانلارغا قاراپ :
— خاتىپ ئاخۇنۇم ئادەم تونۇيدىغان كىشى . ئۇ پەرزەنتىنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە خانچاق بولۇپ كىرىشىنىڭ قانچىلىك سائادەتلىكنى ، بەختىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ . شۇڭا ، «بىزگە ئادەم مەزۇر» دېدى . ئەمدى بىزمۇ ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئېتىشىمىز لازىم . جانابىي موللا مۇسا قايىراقى مۆھۈردار ئاخۇنۇم مەرھەمەت قىلىپ ، مۇسەررىفاتلار ئۈچۈن ئېغىزلانسا . قالغاننى قىسقا بولسا ئۇلاپ ، ئۇزۇن بولسا كېسىپ قىلساق ، — دېۋىدى ، مۆھۈردار ساۋۇت رەئىسكە ئىما - ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ :
— رەئىس ئاخۇنۇم ، قېنى قەغەز - قەلەم ، دۇۋەت ئېلىپ يازسىلا ، — دېدى .
ساۋۇت رەئىس بېلىگە بېكىتىلگەن تۇچتىن قىلىنغان قەلەمدانىنى ئېلىپ ، قەغەزنى تىزىغا قويۇپ ، قومۇش قەلەمنى سىياھقا مىلەپ ، «خوش تەقسىر» دەپ ئۇنىڭغا قارىدى .
— ئاۋۋال «بىسمىللاھى خەيرىل ئەسما» دەپ يازسىلا ، — دېدى موللا مۇسا قايىراقى مۆھۈردار ئاخۇنۇم ، ئاندىن تۆۋەندىكە-

لەرنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ ئېيتتى :
— ئاش سۇيى ئۈچۈن ، بىر توقسان تۆگە گۆرۈچ 180 تاغار ، بىر 90 تۆگە ئۇن ، بىر 90 تۆگە ياغ ، بىر 90 تۆگە سەۋزە ، گۆش ئۈچۈن بىر 90 تۆگە ، بىر 90 كالا ، بىر 90 قوتاز ، بىر 90 قوي ، بىر 90 ئۆچكە ، بىر 90 تۆگە سوغا ئۈزۈم شىرنىسى ، بىر 90 تاغار بۇغداي قومىچى ، بىر 90 تۇلۇمدا تۇخۇم ، بىر 90 تاغار ئۆرۈك مېغىزى ، بىر 90 تاغار يېمىش ، بىر 90 تاغار گۇلە ، بىر 90 تاغار جىگدە ، بىر 90 تاغار ياڭاق .
گۈلخۇمار خېنىمنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن بىر توققۇز كەمچەت قاما ، بىر توققۇز ئالتۇن جابدۇق (زىرە ، بىلەزۈك ، ئۈزۈك ، چاچ تۇمار ، چېكەگۈل ، لوھۇ ، تاجىم بويۇن ئاسقۇ ، بوغما ، جىيەك… ) ، بىر توققۇز ئاق تاۋا ، بىر توققۇز مەشرۇ تاۋا ، بىر توققۇز زەنگىن فىيجا ، بىر توققۇز كىيىمسەن ئاياغ .
توي تەييارلىقى ئۈچۈن ئاين باغلاپ پۈتۈن يۇرتقا كېچە ـ كۈندۈز ئاش بەرسەك ، يۇرتىمىزدا توققۇز كېچە ـ كۈندۈزگىچە ھېچ ئۆيدە قازان ئېسىلمىسۇن ، مورىسىدىن تۈتۈن چىقمىسۇن .
ئەل ئۈچۈن ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى ، تورپاق كۆتۈرۈش ئويۇنى ، بۇغداي تولدۇرۇلغان ئۆتكەمىنى چىشىدا چىشلەپ كۆتۈرۈش ئويۇنى ، دارۋازلىق ، چېلىش ، ئوقياۋازلىق ، توپۇقۋازلىق ، چاي تۇتۇش ، ھوجاگىپى مەشرەپلەرنى ھەر ئىككى تەرەپتە قىلىساق ، قېنى ، كەم ـ زىيادىسى بولسا يۇرت ـ جامائەت دېگەندەكىن .
— «توي خۇدانىڭ خەزىنىسى» دېگەن مانا شۇدە ، يۇرتىمىزدا كاتتا توي بولۇپ ، ئاللانىڭ خەزىنىلىرى ئېچىلىپ كېتىدىغان بولدى ، — دېدى قابىل دوكا .
قىرىپ مۇكچەيگەن ئارىپ پالۋان :
— «ئالۋان تۆلەپ سۇ تالاش ، داستىخان سېلىپ تۆر تالاش» دېگەن گەپ بار . ئۇلارمۇ بەرگەنگە لايىق ئالىدۇ ـ دە ، — دېگەندىن كېيىن ھەممە قاقاقلاپ كۈلدى .

— ئىلىم ـ مەرىپەتمۇ ئالتۇن ئاچقۇچ، شەرىئەتمۇ ئالتۇن ئاچقۇچ، توي ـ مەرىكىمۇ ئالتۇن ئاچقۇچ، خەير بەرىكىمۇ ئالتۇن ئاچقۇچ، — دېدى تۆشۈكتە ئولتۇرغان ئارىپ باي شالدىمىنى يېڭىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا بىز ئامباردىكىلەرنى چىقىرىپ، يوقنى ئىزدەپ تېپىپ، يايلاقتىن ئۇلاغ ـ ئۇلەكنى ئەكېلىپ تەييارلىق قىلايلى، قېنى پاتىھە، تەقسىر، — دەپ نادىرخان خوجا پەگاھقا چۈشۈپلا ئۆرە تۇرۇپ دۇئا ئالدى.

# سەككىزىنچى باب

## ئىنسان پېشىغا نېمىلەر كەلمەيدۇ

### 1

ئابدۇللاخان خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، سەئىدىيە خانلىقى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر كرىزىسقا پېتىپ كەتكەنىدى.

ئابدۇللاخان ئوردا ئىچىدىكى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا تالاش - تارتىش، ئىختىلاپلارنى بىر تەرەپ قىلدى، يەنە بەدەخشان، بولۇر، ئوش قاتارلىق چېگرا رايونلاردىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى باستۇردى، تەڭرىتاغ قىرغىزلىرىنىڭ جايلاردىكى توپىلاڭلىرىنى تىنجىتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن خانلىق تەۋەسىدىكى تەسەۋۋۇپ پىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسى گۇرۇھلىرىغا بىر مەزگىل كەڭ سىياسەت قوللاندى.

1638 - يىلى «ئىشقىيە» گۇرۇھىنىڭ پېشۋاسى خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ 12 ياشلىق ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللانى بىرگە ئېلىپ قۇمۇلدىن قەشقەرگە كەلگەندە، ئابدۇللاخان ئۇنى پىر تۇتۇپ، پۈتكۈل بەشكېرەم رايونىنى ئۆمۈرلۈك ۋەخپە قىلىپ بەرگەنىدى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ قەشقەر شەھىرىدىكى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قەبرىستانلىقىغا ئورۇنلىشىپ، بۇ يەرگە خانىقا سېلىپ، مۇرىت توپلاپ، ئابدۇللاخاننىڭ كۈچىگە

تايىنىپ ، تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن ئۆز تەسىرىنى كې-
ڭەيتتى ، ھەتتا ئىسھاقىيە گۇرۇھىنىڭ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنى-
مۇ ئۆز يېنىغا تارتىپ ، خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئوغلى خوجا
شادىنى يەكلەپ چەتكە قاقتى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى گۇرۇھ
ئارىسىدىكى زىددىيەت كۈچىيىپ ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق كۆ-
رەش باشلاندى . بۇ گۇرۇھلارنىڭ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى ھەرقاي-
سى ھۆكۈمرانلار ئىچىدە كۆپ بولغانلىقتىن ، خانلىقنىڭ ئالىي
ھۆكۈمرانلىرىمۇ بۇ كۈرەشكە جەلپ قىلىنىپ ، سەئىدىيە خانلىقى
پارچىلىنىشقا يۈزلەندى .

1660 ـ يىلى بۇ گۇرۇھلارنىڭ تەپرىقىچىلىك كۈرىشى ئەۋج
ئېلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ، ئابدۇللاخان ئۆزىنىڭ پىرى خوجا
مۇھەممەد يۈسۈپنى چەكلىدى ، شۇنىڭ بىلەن بۇ گۇرۇھ ئابدۇللا-
خاندىن يۈز ئۆرۈپ ، ئۇنىڭ قەشقەردە ۋالىي بولۇپ تۇرغان ئوغلى
يولۋاسخاننى دادىسىغا قارشى قۇتراتىپ ، ئابدۇللاخاننى تەختتىن
چۈشۈرۈشكە ئۇرۇندى . 1668 ـ يىلى خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ
ئوغلى ھىدايىتۇللا بىلەن بىرلىكتە ئۆز گۇرۇھىدىكىلەرنى قۇترى-
تىپ ، ئابدۇللاخاننى تەختتىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك
توپىلاڭ قوزغىدى . بۇ جەرياندا ئۇلار ئابدۇللاخان تەرەپدارلىرى-
نى ، بولۇپمۇ «ئىسھاقىيە» تەرەپدارلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قىر-
غىن قىلىپ ، ئابدۇللاخاننى تەختتىن چۈشۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا
ئوغلى يولۋاسخاننى تەختكە چىقاردى .

«ئىسھاقىيە» گۇرۇھىدىكىلەرمۇ شۈك تۇرمىدى . ئۇلار قا-
غىلىق ، پوسكام ۋە شۇ ئەتراپتىكى باشقا جايلاردىن نۇرغۇن ئە-
گەشكۈچىلەرنى توپلاپ خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ، خوجا ھىدايىتۇللا
ۋە ئۇلارنىڭ يۆلەنچۈكى بولغان يولۋاسخانغا قارشى كەڭ كۆلەم-
لىك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى . ئۇلار يەكەن شەھىرىنى
مۇھاسىرىگە ئالغاندا ، شەھەرنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى قول ھۈنەر-
ۋەنلەر ، ئۇششاق تىجارەتچىلەر ، دېھقانلار ، ھەتتا ئوردىدىكى بەزى
ئەمەلدارلارمۇ قوزغىلىپ ، ئۇلارنى قوللىدى ياكى قوزغىلاڭغا

بۇۋاسىتە قاتناشتى . خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ بىر تەرەپتىن ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللانى قەشقەرگە ئەۋەتىپ ئۇ يەردىكى مۇخلىسلارنى توپلاپ ئۇرۇشقا تەييارلانسا ، يەنە بىر تەرەپتىن خوجا شادى بىلەن سۇلھى قىلىپ ئۇلارنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاشقا ئۇرۇندى .

بۇ دەۋردىكى قەشقەر رايونى خانزادىلار ۋە سوپى ـ ئىشانلار گۇرۇھىنىڭ ئۆزئارا تالىشىدىغان نىشانى ئىدى . بۇ گۇرۇھلار تەرىپىدىن يۇرت پۇقرالىرى دائىم بۇلاڭ ـ تالانغا ، مەجبۇرىي ئەسكەرلىك ۋە خىلمۇخىل ئالۋان ـ ياساق ، ھاشار ـ سىپىلقلارغا ئۇچراپ يۇرت ئىچى پاراكەندە ، ئېگىلىك ۋەيران ، خەلق ئىنتايىن نامراتلاشتى . خەلقنىڭ مال ـ ۋارانلىرى تالان ـ تاراج قىلىندى . پۈتكۈل ئەل ۋەيرانچىلىققا دۇچار بولۇپ ، ئەل ـ يۇرت ئىچىدە پىتنە كۆپەيدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقسۇ دەرياسى قىرو تاشلاپ يار ئېلىپ كەتتى . ئەپروزىخان بىلەن سالىھ ئاخۇنۇم ، نورۇزلار شاۋاز قارىينى جىرغىغا سېلىپ ، ئاران تەستە ئىككى كۈن جاپا تارتىپ بەشكېرەمگە ئېلىپ كەلگەندە ، بەگ ـ دورغىلار بەشكېرەم تەۋەسىدىكى 14 كەنت ئاھالىسىنى قېرى ـ ياش دېمەي يار ئېلىپ كەتكەن دەريانى توسۇشقا ھاشارغا ھەيدەۋاتقان مەزگىل ئىدى . خان يارلىقىنى كاناي قىلىپ يۆگەپ ئوڭ قولىدا بېشىدىن كۆتۈر-گەن جاكارچى كوچا ـ بازارلارنى ئايلىنىپ ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خالايىققا جاكار قىلاتتى . جاكارچىنىڭ گېپى توختىغان ھامان ھارۋىدىكى ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىپ كىشىلەرنى جاكارچىنىڭ ئەتراپىغا جەلپ قىلاتتى .

ھاشارغا يىغىلغان جامائەت يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ جىرغىنى ئورىۋالدى . شاۋاز قارىينىڭ بىرى بېشىنى ، بىرى تومۇرىنى تۇتۇپ ، «نېمە ئىش بۇ ، نېمە بولدى ، كىمنىڭ دۈشمەنلىكىگە ئۇچرىدى ؟ » دېيىشىپ ، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە تاغىسىنى جاۋاب بې-رىشكە قىستىدى . تەمكىن تاغىسى سالىھ قارىيئاخۇنۇم :

— نېمە بولاتتى؟ بۇ زومىگەرنىڭ زامانىسىدا بولغۇلۇق بولدى . ھازىر شاۋاز قارىي كېسەل ، بىزمۇ كېچىلەپ يول مېڭىپ

كۆن بىلەن تەڭ يۇرتقا كەلدۇق . «بىر ھارغاندىن ، بىر ئاچقاندىن گەپ سورىما» دەپتىكەن . قالغان گەپنى كېيىن سوراڭلار ، — دېدى .

— راست ، ئاۋۋال شاۋاز قارىينى جىرغىدىن چۇشۇرۇپ ، ئۆيگە ئەكىرەيلى ، قالغان گەپنى كېيىن دېيىشەيلى ، — زاھىت قىياپەت ، خۇشپىچىم نامەت شۇنداق دەپلا تېگىگە قولىنى سېلىۋېدى ، شاۋاز قارىي : «ۋاي جان» دەپ ۋارقىرىدى . يىرىڭدىغان جايىدىكى قوتۇرماچلار نامەتنىڭ قولىغا ئۇرۇلۇپ ، زەرداب سۇ قولىنى ھۆل قىلدى .

ئارقىمۇئارقا كېلىشكەن ھەقەمسايىلار قولىنى كۆرپە ئاستىغا تىقىشىپ ، شاۋاز قارىينىڭ باش ، پۇت ، تىز ، ئۇچا ، يەلكىلىرىنى ئوڭ - سولدىن تەڭلا كۆتۈرۈپ ھويلىغا ئەكىرىشتى . ئەپرىوزىخان ھويلىدىكى كات ئۈستىگە جاي تەييارلاپ ياتقۇزدى . شاۋاز قارىي كۆزىنى يوغان ئېچىپ ، ئەل - يۇرتقا قاراپ :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئوتتۇز ئوغۇل ، ئەل يۇرتۇم ، جېنىم تۇغقانلىرىم . . . ، — دەپلا كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ گېلى بوغۇلۇپ ، گەپ قىلالماي قالدى .

سالىھ قارىيئاخۇنۇم بارلىق گەپنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە ئۇقتۇرۇپ ، خاتىپنىڭ تەھزىر ئۇرغانلىقىنى دېگەندە ، ھەممىنىڭ تەڭ غەزىپى كېلىپ ، قوشۇمىسى ۋە مۇشتلىرى تۈرۈلدى . ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندا ، ھەممە تەڭلا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشتى . نامەت جەسۇرانە قىياپەت بىلەن دەس ئورنىدىن تۇرۇپ :

— بۇ زورنىڭ زامانىدا ئادالەت دېگەن نېمە يوق . خاتا توغرىنى ، يالغان راستنى بېسىپلا تۇرىدۇ . ھەممىمىز گۇۋاھكى ، يۇرتىمىزدا شاۋاز قارىيدىن يۈزى تۆۋەن ، ئىپپەتلىك يىگىت يوق . چىشىنى يېرىپ ، بىر زەئىپەگە ئەمەس ، ھەتتا ئەر كىشى بىلەن گەپلىشەلمەيدىغان يىگىتكە ئۇچرىغان تۆھمەتنى قاراڭلار ، — دېيىشكە ، شاۋاز قارىينىڭ دوستى رازىق :

— بۇرادەرلەر ، بىز ھەممىمىز ھاشارىمۇ قويايلى ، گەپنىمۇ

قويايلى ، قولىمىزدىكى كەتمەن ، كۆرەكنى ئالغانچە بۆگۈن ئالـ ـتىن ئاتۇشقا بېرىپ ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ ، ئابدۇرەھمان خاتىپ دېگەننىڭ زوللاتىنى تۈگىتىۋېتەيلى . مۇشۇنـ ـداقمۇ زالىملىق بولامدۇ ، جازانىڭ گۇناھى بولامدۇ ، «يولدىن ئۆتتۈڭ» دەپ مۇشۇنچىۋالامۇ قىلامدۇ؟ — دېگەندىن كېيىن ھەممە تەڭ :

— بولدى ، جېنىمىزنى تىكتۇق . زادى ئالتىن ئاتۇشلۇق ئالا يارماق تىلەپ تىلىدا قاغا تۇتىدىغانلارنىڭ خاتىپىمۇ قۇرۇسۇن ، مۆھۈردارى (قازىسى) مۇ قۇرۇسۇن ، ئۆزىمۇ قۇرۇسۇن ، — دەپلا دوكۇرلىشىپ تالاغا يۈگۈرۈشتى .

ئالامىنى توسۇشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى . ئاڭغۇچە ئوقىيا ، ساداق ئاسقان خاننىڭ نەۋكەرلىرى يۇرتقا كېلىپ بولغانـ ـكەن . ئۇلار ئۆيدىن چىققۇچىلارنى ئورىۋېلىپ ، ھاشارغا ھەيدەپ ماڭماقچى بولغاندا ، رازىق قارشىلىق قىلىۋىدى ، ئۇنى قاتتىق ئۇردى . رازىق نەۋكەرلەرنىڭ ئېتىغا ئېسىلغاندا سانجىلغان سۆڭـ ـگۈنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن تېشىپ چىقتى . نەۋكەرلەر يۇرتتىكى ئەر كىشىلەرنى ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىشـ ـتى . يەنە بىر نەچچە نەۋكەر ئۆي - ئۆيدىن قوي - كالا ، كىگىز - شىرداقلارنى بۇلاپ ، ئۇلاغلارغا ئارتىپ ماڭدى . ھەممە يەرنى قىيا - چىيا ، يىغا - زار قاپلىدى . يۇرتتا قالغان بوۋاي - مومايلار ، باللار ئىلاجسىز بولۇپ ، كۆز ياشلىرىنى يەڭ ئۇچى ، سارىغۇچ ۋە پەشلىرى بىلەن ئېرتىشىپ قالدى .

خەلق خورلۇقتا ، دېھقانلار قورساق غېمىدە ، ئۆز يېرىنىڭ سۆيىگە ، ھەتتا قۇياش نۇرىغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ . ئۇلارنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن مىڭ بىر جاپادا بىر - بىرلەپ توپلىغان بايلىقى ياتلارنىڭ ، زالىم ھۆكۈمدارنىڭ بولماقتا . ئۇلار خەلقنىڭ قولـ ـدىن ئاخىرقى بىر پارچە زاغرىنىمۇ تارتىۋېلىۋاتىدۇ . خەلق ھايات ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە . پادىشاھنىڭ خىزمىتى ئوت بىلەن سۇغا ئوخشايدۇ . ئوتقا يېقىنلاشسا كۆيىدۇ ،

سۇغا بىخەستەلىك قىلسا غەرق بولىدۇ .

*　　*　　*

شاۋاز قارىي بىر ئاز تىرىلىپ ، هويلا ـ ئارامىلاردا ماڭغۇدەك بولغاندا ، باغچاققا كىرىپ ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى . مۇنبەت ئېتىز ـ ئېرىق ، باراقسان باغچاقلاردىكى مېۋىلەر قاغجىراپ قاتاڭشىپ كەتكەن ، يەرلەر ئۇسسۇزلۇقتىن يېرىلىپ ، قۇرۇپ ، چاك ـ چاك بولۇپ كەتكەنىكەن . «هەي ، — دېدى شاۋاز قارىي ئۆز ـ ئۆزىگە خىتاب قىلىپ ، — ئائىلە دېگەندە مەمۇرچىلىق ، سېرىقتالچىلىقمۇ بولىدۇ ـ دە . — ئۇ قايتىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى . يولدا قوشاق ئوقۇپ بىجىگەن توپ ئويناۋاتقان كىچىك قىزلارنى كۆردى .

چىكىچى بۇغدايىچى ،
هەمىكى دوغدايىچى .
دوغدايىپ سۇبانى قوي ،
سۇبانىڭ قايسى قىزى ؟
ئەڭ كىچىك ئوفا قىزى .

ئوفانى نەدىن ئالادۇر ؟
بىگىجاننىڭ باغىدىن .
بىگىجان كىمگە تېگەدۇر ؟
ئۇستىقۇۋان تازغا تېگۇر .

ئۇستىقۇۋاننىڭ نېمىلىرى بار ؟
ئالتۇن ـ ئالتۇن قۇشلىرى بار .
قۇشلارىنى قۇشلايلى ،
تاز باشىغا مۇشتلايلى .

تاز باشى قاناپ كەتسە ،
ئالتە پۇللۇق رەڭ ئېلىپ ،
تاز باشىنى بويايلى .

ئۇچۇپ چىقتىم ھاۋاغا ،
سەكرەپ چۈشتۈم دەرياغا .
دەريا سۈيى قويالدى ،
پاتمىچۇقلار بويالدى .
بىرسىنىڭ ئېتى كۈچىلا ،
بىرسىنىڭ ئېتى چۈچىلا .
ئاپئاق ساقال بوۋىلار .

بوۋىنى بوۋا دېمەڭلەر ،
بوۋا يالغانچى بولار .
بوۋىنىڭ ھەرتال تۈكى ،
ئېشەككە ئارغامچا بولار .

يەڭگەم ، يەڭگەم ، شاھ يەڭگەم ،
ئىشتان پىچاي دېدىلىمۇ ؟
ئىشتانلىرىنى قولتۇقلاپ ،
نومۇس قىلاي دېدىلىمۇ .

شاۋاز قارىي ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئۇ قىزلاردىن بىرسىنىڭ گۈلخۇمارنىڭ سىيماسىغا ئوپمۇئوخشاش ھالىتىنى كۆردى . خىيال قۇشى ئۇنى قۇمالتاغ ئۈستىدىن پەرۋاز قىلدۇرۇپ مەشھەدتىكى گۈلخۇمارنىڭ بېغىغا ئۇچۇرۇپ كەتتى . قىزلار ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۇنى كۆرۈپلا ، «شاۋاز قارىم» دېيىشىپ ، قاچقانچە ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كېتىشتى .

ئۆيىگە يېنىپ كىرگەن شاۋاز قارىي ئانىسىنىڭ ئوچاقتا

يېقىۋاتقان قاتلىمىسىغا قاراپ تۇرۇپ ، يەنە مەشھەدتىكى تەنھا ھۇجرىدا يېگەن جۇپ قاتلىما ، قولياغلىق ۋە كېيىنكى ئىشلارنى ئەسلىگىلى تۇردى . ئۇ «ئەستاغپۇرۇللا» دېگەنچە سۇپىدا ئولتۇرغاندا ، ئانىسى ئەپروزىخان ئىككى قاتلىمىنى بىر ئاياققا سېلىپ ، بىر قاچا چۇرۇچ يارمىسى بىلەن داستىخان سېلىپ ئالدىغا ئەكېلىپ :

— باققىن جېنىم بالام ، خۇدايىم سېنى ماڭا يېڭىدىن ئاتا قىلىپ بەردى . كاشكى يا ئاتاڭ ، يا بىر تۇغقانلىرىڭ بولغان بولسىچۇ ، كۆزۈمدىن تامغان ياشتەك ، بىرلا ئوغۇل ئەمەسمۇ سەن . ئالتىن ئاتۇشقا تاۋاپقا بارمىغان بولساڭ ، شۇ پالاكەتچىلىككە دۇچار بولمىغان بولاتتىڭ شۇنچە... — دېدى .

— بولدى ئانا ، بولدى . سەن بۇ ئىشلارنىڭ تەكتىنى بىلمەيسەن . ھېلىغۇ 21 دەررە يەپتىمەن ، 21 مىڭ دەررە يېسەممۇ ئالتىن ئاتۇشنى ئۇنتۇيالمايمەن .

پەرزەنتىنىڭ ھاياتىغا قۇۋۋەت بولىدىغان بىرىنچى قۇۋۋەت ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قاندۇر . بوۋاق شۇ قاندىن ئوزۇقلىنىپ ھاياتىنى ساقلايدۇ . بالا دەسلەپكى سۆزنى ئانىدىن ئاڭلايدۇ . ئۇ سۆزلىگەن تىلنى «ئاتا تىل» دېمەستىن ، بەلكى «ئانا تىل» دېيىشتىكى ھېكمەت شۇدۇر . دېمەك ، بالىنى تەربىيىلەپ ئۆستۇرۇشتە ، دادىغا قارىغاندا ئانا كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرىدۇ . ئۇنىڭ پەرزەنتكە بولغان مۇھەببىتى دادىنىڭكىدىن ئارتۇق . شۇنىڭ ئۇچۇن ، باللار دادىسىغا قارىغاندا ئانىسىغا بەكرەك مايىل بولىدۇ . ئانا پەرزەنتى ئۇچۇن ھەتتا ئۆزىنى پىدا قىلىشقىمۇ تەييار . شۇ سەۋەبتىن دانىشمەنلەر : «ئانىنىڭ ھەققى ئاتىنىڭ ھەققىدىن ئىككى ھەسسە كۆپرەك» دېگەن . ئانا ياغاچ چۆمۈچتە ئۇسۇۋاتقان يارما ئېشىنى قاچىغا قۇيالماي ، چۆمۈچ بىلەن قولىدا تۇتۇپ تۇرغانچە قېتىپ قالدى ـ دە :

— نېمە دېدىڭ بالام ؟ — دەپ ئوغلىنىڭ قېشىغا كېلىپ سۇپىدا ئولتۇردى .

شاۋاز قارىي يارما ئاشتىن ئازغىنە ئىچىپ ، كارىۋات تۆپە-
سىگە چىقىپ ، ئۇڭدا يېتىپ ، تورۇسقا قاراپ ۋاسا ساناپ ، ئۇيان
- بۇيان ئۆرۈلۈپ ، مېڭىسىگە چۈشكەن سەۋدايى ئەزىم بىلەن
ئېلىشتى . شۇنىڭدىن باشلاپ ، ئۇ كېچىلىرى ئەسلا ئۇيقۇسى
كەلمەيدىغان ، كۈندۈزى يىغلاپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى . بىچارە
ئانا بالىسىدىن بەكرەك تۈگىشىپ كەتتى . ئۇ مەھەللە - كويلار-
دىن ئۆزى بىلەن تەڭتۇش زورا قۇشناچىمغا مەسلىھەت سېلىپ :
— قۇشناچىم ، مېنىڭ بېشىمغا كۈن چۈشتى ، يالغۇز ئوغ-
لۇم شاۋاز قارىيغا ئاپەت ، بىلمەيمەن بالىمىزنىڭ دەردىنى ، يې-
گىرمىگە يەتمەي مۇرەتتەپ قارىي قۇرئان بولغان . ھاۋايى ھەۋە-
سىمۇ يوق ئىدى . بىر نېمە ئۇلىشىپ قالدىمىكىن دېسەم ، قارىي
ئادەمگە جىن ئەسلا يېقىن كېلەلمەيدۇ . ئەتىگەندىن كەچكىچە
«ئەستا...» دەيدۇ ، يىغلايدۇ ، ئۆگزىگە چىقىپ ، قۇمالتاغ تەرەپ-
كە قاراپ بىر ئاش پىشىم قاققان قوزۇقتەك تىك تۇرىدۇ . سورى-
سام دېمەيدۇ ، يا دەردىنى بىلمەيمەن ، يا داۋاسىنى ، ئېلىشىپ
قالامدىكىن دەپ تېخى قورقىمەن . شۇڭا ، بېشىم تاشتىن بەكرەك
قېتىپ قاشلىرىغا مەسلىھەتكە كەلدىم ، — دېدى .
زورا قۇشناچىم ئەپروزىخاننىڭ قېشىغا كېلىپ :
— ئوغۇل بالا دېگەن يېشىغا يەتكەندە خىلمۇخىل مىجەزدە
بولۇپ ، بىر خىل بولمايدۇ . گاھى ئوڭ ، گاھى ساراڭ بولىدىغان
ۋاقتى شۇ . يا بىرەر قىز يېتىم بىلەن ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالدىمۇ
يا ؟ — دېدى .
— بىلدىم ، — دېدى ئەپروزىخان بېشىنى لىڭشىتىپ .
قۇشناچىم ئەقىل كۆرسەتكەندەك بولۇپ ، ئۇنىڭ دولىسىنى
تۇتۇپ تۇرۇپ :
— سىلى ئەتىلا لەڭگەرمازاردىكى كۇشاتتى ئانامنىڭ قېشىغا
بېرىپ بىر چاچرانقۇ[1] سالدۇرۇپ كۆرۈپ باقسىلا . بالىنىڭ ئىل-

---

[1] چاچرانقۇ — پال بېقىش ئۇسۇلىنىڭ بىرخىلى .

لىتى نەدىن چىقىدۇ ، — دېدى .
بۇ مەسلىھەت ئەپروزىخانغا چۈشەنچىنى ياقتى . ئۇ خوشلىشىپ ئۆيىگە يانغاندا ، شاۋاز قارىي سەندەلگە يۆتىنى تىقىپ تامغا بېشىنى چىلىك دىيەپ ، ئىككى چېكىسىنى تۇتۇپ ، كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئوڭدا ياتقانىكەن . ئانا ئەتىسى ئەتىگەندە تۇرۇپ ، لەڭگەر-مازاردىكى كۇشاتتى ئانامنىڭ قېشىغا بېرىپ ، ئېلىپ كەلگەن ئۇن ، بىر توققۇز تۇخۇمنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ دۇئا ئالغاندىن كېيىن ، ئوغلىنىڭ كېسىلىنى تەسۋى تىزغانەك بىرمۇبىر بايان قىلدى .
چاچرانقۇچى ئوچاققا ئوت تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن ، خېمىرنى كۆمۈرچەك قىلىپ ، ئوتقا سېلىپ ، ئوت كولىغۇچ بىلەن ئالدى - كەينىگە يۇملىتىپ بەرسە ، خېمىر «پوك - پوك» قىلىپ ئېتىلغىلى تۇردى . كۇمۇلەكتىن بىرنى كۇشاتتى ئانام ئاغزىغا سېلىپ ، بىرنى ئەپروزىخاننىڭ ئالدىغا كولىغۇچ بىلەن ئىتتىرىپ ئۇنى يېيىشكە ئىما قىلدى .
— سىلىنىڭ ئوغۇلىنىڭ دەردى خېلى بار ، ئىشقىمۇ خېلى بار ئىكەن . بالىنىڭ يۈرىكى پىژ - پىژ ، ئۆپكىسى غىژ - غىژ ، جىگىرى كاۋاپ ، قورسىقى راۋاپ ، ھالى خاراب تۇرىدۇ . چاچراتقۇ ھەزسۇلتانەمدىن چىقتى . 49 كۇنگىچە يەتتە كېچىسى سەھەردە تۇرۇپ يۇلتۇز تارقىماستا : «ياقويلىغاتام ، چولپاڭ ئانام ، زەڭگى بوۋام ، يەتتە سۇلتان ، قىرىق چىلتەن ، يائۇۋەيس» دەپ ئۈچ قېتىم ئېيتىپ ، ئاندىن قازانغا ياغنى قۇيۇپ ، داغ بولغاندىن كېيىن ، ئىتنىڭ تىلىدەك يەتتە قۇيماق سېلىپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن «يا قىتمىر» دەپ كۇجىدە ئىسرىق سېلىپ ، بىر قېتىم «قۇمسېغىر باچچىم»[1]غا يەتتە نۆكچە ئېتىپ قاداپ ، قۇيماقنى باچچىمنىڭ بېشىدا قويۇپ كەلسىلە . يەنە بىر چارشەنبىسى قۇبەيلى سەھەردە تورغاي چۇچۇلىماستا قويۇپ ، لەڭگەر ئاغزىدىكى

① قۇمسېغىر باچچىم — قۇمالتاغ ئۇستىدىكى يىڭى مازار .

«سۇلتان مىچى ئاتام» نىڭ① بېشىغا يەتتە نۆكچە، يەتتە قۇيماق قويسىلا. ئۈچىنچى چارشەنبىسى «بۇۋى مەريەمخېنىم» غا، تۆتىنچى چارشەنبىسى «قاراساقال ئاتام» غا، بەشىنچى چارشەنبىسى «ئوسمان بۇغراخان» غا، ئالتىنچى چارشەنبىسى ئۈستۈن ئاتۇشتىكى شەيخ ھەبىب ھەزرىتىمگە، يەتتىنچى چارشەنبىسى ئاشىقلارنىڭ پىرى، مازارلارنىڭ سەردارى، ھەزرىتى بۇزرۇكۋار سۇلتان سۇتۇق پادىشاھىمغا ئاتاپ بىر جانلىق، داشقا بىر تاغار ئۇن تۆكۈپ، ئاندىن يەتتە چارشەنبىنى خەتنە قىلغاندىن كېيىن، ئوغۇللىرىنى ئاپىرىپ «ھەزرەت مازار» دا تەۋەججۇدە تۇرسىلا. ھەممە دەردلەرگە داۋا، رەنجلەرگە شىپا تېپىلىدۇ، — دەپ يول كۆرسەتتى كۇشاتتى ئانام بۇۋىم.

ئەپروزىخان نىجاتلىق بېشارەتلىرىنى ئاڭلاپ، خۇداۋەندە كېرەمگە شۈكۈر - سانالار ئېيتىپ ئۆيىگە كەلسە، شاۋاز قارىي سەندەلگە كەينىنى قىلىپ، مۇزدەك ئۆيدە ئوتمۇ ياقماي جاقىلداپ تىترەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئانا ئىشىكتىن كىرىپلا:

— كۆزۈمنىڭ نۇرى ئوغلۇم، نېمە بولدۇڭ؟ نېمە ئانچىۋالا جاندىن كېچىپ، ھەممە تۈكلىرىڭ تەتۈر يېنىپ، كىرپىكىڭدىن قار، كۆزلىرىڭدىن يامغۇر تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇغۇ، — دەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

شاۋاز قارىينىڭ پۇت - قوللىرى مۇزلاپ، ئاغزى گەپكىمۇ كەلمىدى. ئەپروزىخان دەرھال ئوت يېقىپ چاي قاينىتىپ ئىچكۈزگەندىن كېيىن، شاۋاز قارىينىڭ قول - پۇتى ئىسسىدى. سەندەلدە ئانا - بالا يېتىپ، بىر ھازاغىچە ئوغلىغا «دەرد كېسەلىڭنى ئېيتقىن» دەپ قىستىدى.

— مېھرىبان ئانا، دېمىسەم بولمىدى، — دېدى شاۋاز قارىي، — مەن كۈزدە سەندىن رۇخسەت سوراپ سەيلىچىلەر بىلەن ئالتىن ئاتۇشقا باردىم، — ئۇ بېشىدىن ئۆتكەن ھەممە

① سۇلتان مىچى ئاتام — «ئىنت يولى» نىڭ ئاغزىدىكى مازار.

ئىشنى ، گۈلخۇمارغا بولغان مۇھەببىتىنى سۆزلەپ كېلىپ ، — نورۇزنىڭ ئۆيىدە ياتقاندا سەن بېرىپسەن . سەن كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى ئاندىن مەن ھوشۇمغا كەپتىمەن•••— دېدى .

شاۋاز قارىي سۆزىنى تۈگەتكەندە ، ئېشەكلەرگە ئانار ئارتىپ شەھەرگە مېڭىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلى- نىشقا باشلىغانىدى . ئەپروزىخان ئوغلىنىڭ دەردىنى ئۆز ئاغزى- دىن ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ، كۈشاتتى ئانامنىڭ كارامىتىگە تەسلىم بولۇپ ، كۆڭلىدە «ئىشقىمۇ خېلى بار ئىكەن» دېگىنى «گۈلخۇمارغا ئىشقى بار ئىكەن دېگىنى ئەمەسمۇ» دەپ ، ئۇ چاچراتقۇچىغا يېڭىدىن ئىخلاس باغلىدى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكەن سېھىرگەرنىڭ دېگەنلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي قىلىشقا تەرەددۇت قىلدى .

جان قۇلاقىڭ بىرلە ئاڭلا ، ماھتاباندۇر ئاناڭ ،
بەختۇ ئىقبالىڭ تاماشاسىدا ئەفشاندۇر ئاناڭ .

ئەڭ ئاخىرقى يەتتىنچى چارشەنبىسىدە ، ئانا - بالا ئىككىي- لەن ئۆيدىكى جانلىقنى يېتىلەپ ، بىرنەچچە چارەك ئۈننى ئېشەك- كە ئارتىپ ، «ھەزرەت سۇلتان» مازىرىغا قاراپ ئىتلەدىن يولغا چىقىپ ، لەڭگەر بىلەن مېڭىۋاتقاندا ، قەھرىتان سوغۇق ۋە ئۇنىڭ شىۋىرغانلىرى ئۇشقۇرتۇپ تۇراتتى . تالاي ئىشلارغا شاھىت بول- غان ئاسمان ئىككى ئادەم ، ئىككى ھايۋاننىڭ ئۈستىگە «ئاق يول بولسۇن» دېگەندەك ، ئالتە بۇرجەك ئاق گۈل چېچىپ ، ئۈزۈلتىپ قويماقتا ئىدى .

## 2

تۇينىڭ مەسلىھەت كۈنىدىن كېيىن ، نادىرخان خوجام تەي- يارلىقنى پۈتكۈزۈپ ، يۇرتتىكى تۆگىلەرنى يىغىپ ، ئاۋۋال ئۈچ-

قۇر تۆگىلەرگە تويلۇق كىيىم ـ بىساتلارنى ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆگىلەرگە ئاش سۈيىنى ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرىگە گېزەك ـ قوماچلارنى ئارتىپ ، ئاخىرىدا مال ـ پادىلارنى پادىچىلار ھەيدەپ ئالتىن ئاتۇشنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن ھارۇن ھاجىلار تويلۇق ئاپىرىشتى .

بۇ ھەيۋەتتىن ئۆزىنى باسالمىغان ئابدۇرەھمان خاتىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھمانلارغا ناۋازىشلىق بىلدۈرۈپ ، بىر ئالدىغا ـ بىر كەينىگە مېڭىپ ، بىر پايىگە ، بىر يەرگە ، بىر ھويلىغا ، بىر ئۆيگە كىرىپ ، ئۆزىنىڭ كاتتىلىقىنى ئەمدى تونۇدى . ئاشلار ھويلا ، باغلارغا ، تويلۇق كىيىملەر مېھمانخانىلارغا ، مال ـ ۋاراڭلار مەھەللە كوي ۋە خاتىپنىڭ قوتانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . مېھمانلارنىڭ ھەممىسىگە تون ، تەلپەك ، بەلۋاغ ، رومال تارتۇقلىغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۇزاتتى .

ئەتىسىدىن باشلاپ ، ئوغۇل ۋە قىز تەرەپتىن بەلگىلەنگەن تۆت ئاتلىق جارچىلار ئاتۇشتىكى 24 كەنتنىڭ ھەممىسىنى «نادىرخان خوجا بىلەن ئابدۇرەھمان خاتىپلارنىڭكىگە توققۇز كېچە ـ كۈندۈزلۈك تويغا» دەپ ئېيتىشقا بۇيرۇلدى . مەشھەدتىكى مەھەللە ـ كوينىڭ ھەممىسى پىچاقنى ئۆزلىرى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ ، قولىنى ھورداپ ئولتۇرۇپ سەۋزىقەلەم ئەتكىلى تۇردى . ھەممە ئۆيدىكى تونۇرلارغا تەڭ ئوت سېلىنىپ ئاتۇش نېنى يېقىشتى . «ھەزرەت سۇلتان» مازارنىڭ قازانلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە ئېسىلىپ ، بىر تەرەپتىن پولات پىچاقلار بىلىنىپ ، ئاۋۋال چوڭ مال ، ئاندىن كىچىك ماللار سويۇلغىلى تۇردى . پاختىلارنى سۇ يېغىغا چىلاپ ئېتىلگەن مەشئەللەر بىلەن يەنە ئونلاپ ساپال چىراغلارغا سۇ يېغى قۇيۇلۇپ ، دوقمۇش ـ دوقمۇشلارغا يېقىلدى . ئاپئاق قاردا يېقىلغان بۇ مەشئەل ۋە چىراغلار گويا ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ ھويلىسىغا ئاسماندىكى يۇلتۇزلار يېنىپ چۈشكەندەك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلدى .

توي ئېشىنى بېرىش ئۈچۈن ئۈچ كۈنلا قالغاندا ئىشلار تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى . باغدىكى يېيىۋېتىلگەن بورا ئۈستىگە دۆۋىلەنگەن سەۋزىقەلەم ، ئاتۇش قومىچى تاغدەك كۆرۈنەتتى . گېزەك ـ قوماچلارنى تىزىدىغان مىس لېگەنلەرنى ئاچقىشقا

خاتىپ ئاخۇنۇم ئىشتانبېغىدىكى ئاچقۇچنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئامبارنى ئاچتى. ئوت تۇتاشتۇرۇلغان تارىشا گۈگۈتنى كۆتۈرۈپ كەلگەن زۆھرە ئامبارغا يورۇق چۈشۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن تەمشەلگەندە، خاتىپ ئامبار ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى كەگەنلىۋېلىپ كىرگۈزمىدى ۋە ئۇنىڭدىن تارىشا گۈگۈتنى ئېلىپ ئۆزى ئامبارغا كىردى ۋە ئېغىر مىس لېگەنلەرنى بىر نەچچىدىن دەستىلەپ بىر نەچچە قېتىم ئاچىقىپ، زۆھرەگە بىر - بىرلەپ كۆتۈرتۈپ قويدى، ئاندىن ئامبار ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە يەنە قۇلۇپ سېلىۋالدى.

پاتىپاراقچىلىق بېسىققاندىن كېيىن، ئۆيدىكى ھەممە كىشى ھارغىنلىقتىن ئۇخلاپ كېتىشتى. ۋاسا ساناپ ئۇخلىماي يىغلاۋاتقان گۈلخۇمار پۇراۋاتقان لاتىنىڭ پۇرىقىدىن بىئارام بولۇپ، ئورنىدىن قوپۇپ ھويلىغا، ئۆگزىگە چىقتى. ئۇ بەشكېرەم تەرەپكە قاراپ تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇدى:

ئېگىز ئۆگزىگە چىقسام،
پۇرايدۇ بەشكېرەم باغى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
كۆيۈك ئوتىنىڭ داغى.

كېتەرمەنغۇ، كېتەرمەنغۇ،
كۆزۈڭدىن يىتەرمەنغۇ.
سەن ئاتۇشقا كەلگەندە،
يادىڭغا يېتەرمەنغۇ.

بۇ چىنار ئېگىز چىنار،
چىقماڭ ئاكا شاخى سۇنار.
شاخى سۇنغاندىن كېيىن،
بۇلبۇل كېلىپ نەگە قونار.

......

دەل شۇ چاغدا، گۈلخۇمارنىڭ ئارقىسىدا بىر ئوت كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ بۇرۇلۇپ قارىسا، ئاتىسى ئابدۇرەھمان خاتىپ-

ـتىن باشقا ھېچكىم قەدەم باسمايدىغان چوڭ ئامبارنىڭ تۆگۈلۈكـ
ـدىن كۆتۈرۈلگەن ئوت ئىكەن . ئۇ ئوت بارغانچە ئۇلغىيىۋاتاتتى .
— دادا ، ئوت··· دادا ، ئوت··· دادا ، ئوت ! — دېگەنچە ،
گۈلخۇمار كەينىگە يېنىۋېرىپ ، پېشايۋاننىڭ ئۈستىدىن ھويلىغا
خۇددى ئۇچىلىقتەك چۈشۈپ كېتىپ ، ئۇنىڭ بېلى سۇندى .
ئابدۇرەھمان خاتىپ ، زۆھرە ، سارە ئانا ئۆيدىن ئارقا ـ
ئارقىدىن ئالاقزادە بولۇپ يۈگۈرۈپ چىقىشتى . سارە ئانا بىلەن
زۆھرەلەر گۈلخۇمارنىڭ قېشىغا ، خاتىپ ئامبار ئۆيگە يۈگۈرۈشـ
ـتى . خاتىپ ئاچقۇچنى تاپالماي گاھ قوينىنى ، گاھ يانچۇقىنى ،
ئاخىرىدا ئىشتانبېغىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ ، ئامبار ئۆينىڭ شەددە
قۇلۇپىنى ئاچتى ـ دە ، ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئىتتىرىۋىدى ،
ئۆينىڭ ئىچىدىن نەچچە يىللاردىن بېرى يىغىپ ، بېقىپ سەمرىتـ
ـكەندەك بىر ئوت ئەجدىھا چىققىنىچە «باۋ···» قىلىپ ئۇنىڭغا
يېپىشتى . ئوت ئەجدىھا ئاۋۋال «نېمە ئىش قىلساڭ ، مۇشۇ ئاق
ساقىلىم بىلەن مويسىپىت ئەسما دەپ سىقىملاپ تۇرۇپ ناھەققە ،
يالغانغا ، زۇلۇمغا ، خىلاپى شەرئىگە··· دەسمايە قىلىدىغان ساقىـ
ـلىڭ مۇشۇمۇ» دېگەندەك ، ئۇنىڭ ئاق ساقىلىنى ، قېشىنى ،
كىرپىكىنى ، چېچىنى ، كېيىن پۇتكۇل ئەزايى ـ بەدىنىنى كۆيـ
ـدۈرگەندىن كېيىن ، ئامبارنىڭ تورۇسىدىكى كۆيگەن چوڭ خار
ياغاچ بېسىپ چۈشۈپ ، خاتىپ ئوت ئىچىدە قالدى .
ئاڭغۇچە قولۇم ـ قوشنىلار ئارقا ـ ئارقىدىن ھويلىغا كىـ
ـرىپ ، ھەممە تەڭ : «سۇ ! سۇ !» دەپ ۋارقىراشتى . ئوت ئامبار-
دىن ئۆتۈپ چوڭ مېھمانخانىغا تۇتىشىپ ، تويلۇققا ئېلىپ كەلگەن
كەمچەت ، كىيىم ـ كېچەك تاۋارلارغا تۇتاشتى . دەھلىزدىكى
گېزەك ئۇچۇن ئەكەلگەن ياغاچ ئىشىكنىڭ تۆۋىگە بېسىلغان بولـ
ـغاچقا ، ئۇلۇغ ئوت دەرھال ئۇنىڭغا تۇتىشىپ كېيىن قالغانلىرىغا
تۇتاشقىلى تۇردى . ھەممە ئالامان قاپاقتا ، كوزىدا ، سوغىدا سۇ
ئەكىلىپ چېچىشتى ، ئەمما كار قىلمىدى . ھەممەيلەن خاتىپ
ئاخۇنۇمنى چاقىرىشتى ، ئەمما ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ھېچكىم بىلـ
ـمەيتتى . سارە ئانا بىر ئاز ھوش ـ كاللىسىنى يىغىپ ، خاتىپ
ئاكىسىنىڭ ئامبار ئىشىكىدە يىقىلغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى دېـ
ـدى . خاتىپنىڭ بىر تۇغقىنى قابىل دەرھال بىر پارچە كىگىزنى

هۆل قىلىپ ئۆزىگە ئوراپ ، ئامباردىكى ئوت ئىچىگە كىرىپ ، خارىياغاچنىڭ تېگىدىن ئاكىسىنى تارتىپ ئاچىقتى . خاتىپنىڭ پۈتكۈل بەدىنىدىكى چاچ ، ساقال مويلىرى كۆيۈپ ، خۇددى ئۆكلىگەن كاللىدەك بولۇپ قالغانىدى .

قىش كۈنى دېگەندە ، ئۆگزىلەردە شاخ - شۇمبا ، يان تەرەپتىكى ئوتۇنخانىلاردا قۇرۇپ كەتكەن نەچچە يىللىق كۆتەكلەر بار ئىدى . ئامبارنىڭ يېنىدىكى تېرەكلەرگە تۇتاشقان ئوت ياندىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە ، ئاندىن سويۇلغان گۆش - ياغلارغا چۈشكىلى تۇردى . ياققان نانلارمۇ تەڭ كۆيۈپ كەتتى . ئەمدى ئاسمانغا يەتكەن ئۇلۇغ ئوتنى ئۆچۈرۈشتىن ئىلاجسىز قالغان خالايىق «هەي ئىسىت ، هەي ئىسىت» دېيىشىپ ، بارماقلىرىنى چىشلەپ ، ئوتتىن ئامان قالغان ئابدۇرەھمان خاتىپ بىلەن گۈلخۇمارنى داۋالاشقا تېۋىپ ۋە تېكىمچى ئىزدەشتى .

ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ ئۆيىدىكى ئوت ئاپەتنىڭ خەۋىرى پۈتكۈل ئالتىن ئاتۇشنى هەيرەتكە قويدى . ئۆيدىن يايلاقچە ، باغدىن تاغقىچە جارچى توۋلىتىپ توققۇز كېچە - كۈندۈز ئاش بېرىپ ، قۇدىلاشماقچى بولغان ئابدۇرەھمان خاتىپ بىلەن نادىرخان خوجىنىڭ ئارزۇسى كۈلنىڭ تېگىگە كۆمۈلۈپ كەتتى . ئاتۇشتىكى 24 كەنتنىڭ تويغا ئېيتىلغان جامائەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ ، خاتىپنىڭ ئۆيى ۋە ئۇنىڭ توي تەييارلىقىنىڭ كۈلىنى كۆرۈپ قايتىشتى . شۇ قاتاردا «هەزرەت سۇلتان» مازىرىغا ئىلتىجا ئۈچۈن كەلگەن شاۋاز قارىي ئەھمەد سەھھابچى بىلەن بىللە كېلىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ ، ئۆزىنى توختىتالماي قالدى . زۆھرە چەتتىكى ئېغىلنىڭ يېنىدىكى ئۆيدە ياتقان گۈلخۇمارنىڭ قېشىدىن چىقىپ سۇغا كېتىۋېتىپ شاۋاز قارىينى كۆرۈپلا «قارىم··· » دەپلا يىغلاپ سالدى . هېلىھەم پۇراۋاتقان كاۋاپنىڭ ، تۇتۇننىڭ هېكايىسىنى دېيىشىۋاتقان جامائەت ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۇلارغا قاراشتى . ئەھمەد سەھھابچى جامائەتكە قاراپ مۇنداق دېدى :

— ئۆتكەندە خاتىپ ئاخۇنۇم «مېنىڭ ئىشىكىمگە قارىدىڭ» دەپ 21 دەررە ئۇرغان بۇ قارىي يىگىت ئۆلمەي ئامان قالغانىكەن . مانا ئەمدى خاتىپ ئاخۇنۇمنىڭ «كۈلۈمگە قارىدىڭ» دەپ دەررە

ئۇرغۇچىلىك ئەھۋالىمۇ يوق . دۇنيادا كىم «مەن ھەممىنى قىلالايمەن» دېگەن بىلەن ئالەمنىڭ ئىگىسى بار ـ دە . خۇلاسە شۇكى ، ئىنسان ھېچ ۋاقىتتا تەمەگەر بولماي ، ئۆزىدە بارىغا قانائەت قىلىشى كېرەك . تەمەگەرلىك ئىنسانغا ھېچبىر پايدا كەلتۈرمەيدۇ ، بەلكى ھەر دائىم ھوسۇل بېرىپ تۇرغان نەرسىسىدىنمۇ ئايرىيدۇ . تەمە ۋە ئاچ كۆزلۈك زەنجىرىگە باغلانغان بويۇن پۇشايمانلىق تىغى بىلەن كېسىلىدۇ . بۇ ھەقتە ھەزرەت ئەلىشىر نەۋائى مۇنداق دېگەن :

چۈنكى تەمە بولدى گادالەر ئىشى ،
بەلكى گادادۇر تەمە قىلغان كىشى .
كىمكى قىلسا تەركى قانائەت شوئار ،
ئەيلەر ئۇنى ئول تەمە ئەل ئىچرە خار .

زۆھرە ئۆيگە كىرىپ كۆل تۈۋىدە غەمگە پاتقان ھالدا ئولتۇرغان گۈلخۇمارغا شاۋاز قارىينى كۆرگەنلىكىنى دېگەندە ، گۈلخۇمار گۈلدەك ئېچىلىپ :

— راست كۆردۈڭما ، ئۇ ھاياتمىكەن ؟ مەن دادامنىڭ دەردىسى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنمىكىن دەپ تولىمۇ ئەنسىرىگەنىدىم . ئۇ نېمىگە يىغلىغاندۇ ؟ — دەپ زۆھرەنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ سورىدى .

— بىلمىدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى زۆھرە ، — ئۆي ـ جايىنىڭ كۆيگىنىگە يىغلىغاندىمۇ ، يا سىزگە كەلگەن مۇسىبەتكە يىغلىغاندىمۇ ؟

— ھەر قاچان ئۆيگىمۇ ئەمەس ، بىزگە كەلگەن مۇسىبەتكىمۇ ئەمەس ، ۋىسال كۆرۈشكەن جاي باغنىڭ چۆچىلا بولغانلىقىغا يىغلىغان بولسا كېرەك . ئۇنىڭ ئالتىن ئاتۇشتىن كەتكەن ـ كەتمىگىنىنى ، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىشكە بولارمۇ ؟ كاشكى مېنىڭ مۇنداق ئەيىبناق بولۇپ قالغىنىمنى ئۇ بىلسە ، كېلىپ مېنى بىر كۆرسە ، بولسا ئۆز قولى بىلەن سۇنۇق جايلىرىمنى تۇتۇپ ئۆزى تاڭغان بولسا ، مەن بۇرۇنراق ساقىيىپ ، ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر دىدار كۆرۈشۈۋالىدىكەنمىز . مەيلى نېمە بولسا

بولسۇن ، ئۆي ، مال ـ مۈلۈك ، دادام ، مەن . . . كۆيۈپ كەتكەن ، سۇنۇپ كەتكەن بولساقمۇ ، ھېلىقى نەس باسقان تويىنىڭ تويلۇقلىرى كۆيۈپ كۈل بولغىنى ئەجەب ئوبدان بولدى ، خوپ بولدى . دادام مېنى يىغلىتىپ ، شاۋاز قارىينى بىكاردىنلا تەھزىر ئۇردۇرۇپ ، جازاسىنى يېدى . «ئەل قىساسى مىنەلھەق» دېگەن مانا شۇ .

بۇ چاغدا ، ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ ئوت كەتكەن ھويلىسىنىڭ كەينىدىكى كۆيۈپ خادا بولغان تېرەكنىڭ ئۇچىدا شۇمشىيىپ ئولتۇرغان قېرى قاغا بويىنىنى مايماق قىلىپ : «قا-ق ، قا-ق» دەپ توۋلاۋاتاتتى .

3

ئەھمەد سەھھابچى بۇ كۈنى شاۋاز قارىي بىلەن ئەپروزىخان ئانىنى ئۆز ئۆيىگە ئاپاردى . ئۇ كەچلىك تاماقتىن كېيىن ، ئەپروزىخان ئانىنى ئۆيدىكى ئاياللار ۋە ئۇششاق باللار بىلەن يېتىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۆزى ئايرىم ئۆيگە ئوت قالاپ شاۋاز قارىي بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتى . ئەھمەد سەھھابچى ئۇنىڭغا كۆپ تەسەللى بەردى ، ئاخىرىدا مۇنداق بىر چۆچەكنى ئېيتىپ بەردى :

— بۇرۇنقى زاماندا كاتتايلاق بۇكىدە ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان ، سۈيى ئەلۋەك يۇرت ئىكەن . تاغ ئارقىسىغا سەپەر قىلغان ئاتۇشلۇقلار بۇ يەرنىڭ يېرى مۇنبەت ، سۈيى ئەلۋەك ، ئۇستى بۇكىدە ئورمانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئاستا ـ ئاستا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ، ئورمان ئارىسىدىن يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشقان . كاتتايلاقتا ئادەملەر كۆپىيىپ ، مەھەللىلەر ئاۋاتلاشقاندا ، كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا قەست قىلىدىغان بىر ئاپەت پەيدا بوپتۇ . بۇ ئاپەت ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالالايدىغان ، ئادەم قېنىنى ئىچىپ ھايات كەچۈرىدىغان «گەز تۇمشۇق» ئىكەن . ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن نۇرغۇن ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ . يۇرت ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ ، خوتۇن ـ باللار يۇرەكلىك ھالدا تالاغا

چىقالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ . ئەرلەر يىراق يەرلەرگە سەپەر قىلـ
سا ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ ، پاسىبانلىققا ئادەم
قويۇپ كېتىدىغان ، شۇنداقتىمۇ ئۆيدىكىلەردىن ئەندىشە قىلىپ
تۇرالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ . كاتتايلاقتىكى كىشىلەر يۇرتقا كەلـ
گەن بۇ ئاپەتنى قانداق قىلىپ يوقىتىش توغرىسىدا مەسلىھەتلە-
شىپ ئىش كۆرگەن بولسىمۇ ، يەنىلا گەز تۇمشۇقنى يوقىتالماپـ
تۇ .

گەز تۇمشۇق يالماۋۇز ناھايىتى كۈچلۈك مەخلۇق ئىكەن .
ئۇ كىشىلەرنىڭ قېنىنى شورىماقچى بولسا ، ئادەم قىياپىتىگە
كىرىۋالىدىكەن ـ دە ، تۇمشۇقىنى ئۇزۇن يىڭنىنىڭ ئۇچىغا تىقىـ
ۋېلىپ ئۆي ـ ئۆيلەرگە كىرىدىكەن . ئادەملەرنى بىر ـ بىرلەپ
ئېزىقتۇرۇپ ياكى تۇتۇپ قېنىنى شوراپ ، ئاخىرىدا گۆشىنى
يەيدىكەن . شۇ چاغلاردا كاتتايلاقتا قىرانبەگ ئىسىملىك باتۇر
يىگىت بار ئىكەن . ئۇ ئەقىللىق ، ماھارەتلىك ، كۈچلۈك ، باتۇر
بولۇپلا قالماي ، بىلىم ـ پاراسەتتە كامىل ئىكەن . دانىشمەن
ئۇستازى ئۇنىڭغا سېھرىي جادۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالالايدىغان بىر
نەچچە خىل سېھرىي ھېكمەت ئۆگىتىپتۇ . قىرانبەگ يەنە ئوقيا
ئېتىش ، قىلىچۋازلىق ، چەۋەندازلىق ، چېلىشىش قاتارلىق ماھا-
رەتتە تەڭداشسىز ئىكەن .

يۇرتتا گەز تۇمشۇق يالماۋۇز پەيدا بولغان يىلى قىرانبەگ
باتۇر ئۆيلىنىپتۇ . ئۇنىڭ ئۆيى چەت يەردە ، ئەتراپى پۈتۈنلەي
ئورمانلىق بولغانلىقتىن ، قىرانبەگ ياشانغان ئاتا ـ ئانىسى ۋە
ئامراق ئايالىنى تاشلاپ ، يىراقلارغا سەپەر قىلىپ كېتەلمەپتۇ .
ئەمما ، ئۇ گەز تۇمشۇق يالماۋۇز نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ جېنىغا
زامىن بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، خەلقنى ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن ،
ئەندىشىسىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپتۇ . لېكىن ھەرقانچە ئىزدە-
سىمۇ ئۇنى تاپالماپتۇ . گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنى تاپالمىغىنىغا
تېرىكىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، قىرانبەگ باتۇرغا ئالتىن
ئاتۇشقا خاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىش پەرمانى كەپتۇ . شۇ چاغدا خان

دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ قىلماقچى بولۇپ لەشكەر يىغىۋاتقاندـ
كەن . خاننىڭ پەرمانىدىن باش تارتالمىغان قىرانبەگ
باتۇر ئاتا ـ ئانىسىنى خوتۇنىغا تاپشۇرۇپ ئالتىن ئاتۇشقا كېتىپـ
تۇ . گەز تۇمشۇق يالماۋۇز خۇددى قىرانبەگ باتۇرنىڭ كېتىشىنى
پايلاپ تۇرغاندەك ، ئەتىسى كېچىدە ئايال قىياپىتىگە كىرىپ ئۇـ
نىڭ ئايالى ئاي چېھرىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ . دەسلەپتە سىلىق
سۆزلەپ ياش جۇۋاننىڭ ئەندىشىسىنى تۇگىتىپ ، ئاندىن ئۇنىڭ
بىر قولىنى چىڭ تۇتۇۋاپتۇ ـ دە ، گەز تۇمشۇقىنى چىقىرىپ ئاي
چېھرىنىڭ تومۇرىغا پاتۇرۇپ قېنىنى شوراپتۇ . ئاي چېھرى ئۇـ
نىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلماقچى بولغان بولسىمۇ ، گەز تۇمشۇقنىڭ
ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈپ ، قورقىنىدىن ئۈن دېيەلمەپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، گەز تۇمشۇق يالماۋۇز كۈندە كېچىدە كىـ
رىپ ، ئاي چېھرىنىڭ قېنىنى شوراپ ، ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈپـ
تۇ . نېمىشقىدۇر ئۇنى يەۋەتمەي قويۇپ تۇرۇپ ، قىرانبەگنىڭ
ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېنىنى شوراپتۇ . بىرقانچە كۈندىن كېيىن
يالماۋۇز قىرانبەگنىڭ دادىسىنى يەۋېتىپتۇ ، نۆۋەت ئانىسىغا كەلـ
گەن چاغدا ، قىرانبەگ باتۇر ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ . ئۇ ئۆيدە
بولغان ئىشلارنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ . ئايالى ئاي چېھـ
رى زەپىراندەك سارغىيىپ ، ھالسىزلىنىپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقاـ
نىكەن . ئۇ بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ غەزىپى قايناپتۇ . قىرانبەگ
باتۇر : «ئاشۇ گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنىڭ كاللىسىنى ئالمايدىغان
بولسام ، بۇ دۇنيادا تىرىك ياشمايمەن ! — دەپ قەسەم ئىچىپتۇ
ۋە بىر كەپتەرگە غوڭ قاپاق ئېسىپ ئايالىغا بېرىپ ، — مەن
يوشۇرۇنۇپ تۇرىمەن ، گەز تۇمشۇق يالماۋۇز يېنىڭغا كىرسىلا
‹مەن ئىشىكنى تاقىۋېتەي › دەپ تالاغا چىقىپ ، بۇ كەپتەرنى
قويۇۋەت» دەپتۇ .

ئەسلىدە ئاي چېھرىنىڭ قېنى بەك تاتلىق بولغاچقا ، گەز
تۇمشۇق يالماۋۇز ئۇنىڭ قېنىنى داۋاملىق شوراش ئۈچۈن ، «قېـ
نى تولۇقلانسۇن» دەپ يەۋەتمىگەنىكەن . بىر كۈنى گەز تۇمشۇق

ئاي چېھرىنىڭ ھۇجرىسىغا يەنە كىرىپتۇ. ئۇ كىرىپلا ئاي چېھرى-
گە: «سېنىڭ ئېرىڭ كەلدىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئاي چېھرى:
«ياق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. گەز تۇمشۇق يالماۋۇز: «ئېرىڭ
كەلسىمۇ ماڭا كۈچى يەتمەيدۇ. ئۇنى ئۆزۈمگە يەم قىلىمەن»
دەپتۇ، ئاندىن ئاي چېھرىنىڭ قولىنى تۇتماقچى بوپتۇ. «توخ-
تاڭ، — دەپتۇ ئاي چېھرى، — مەن ئىشىكنى يېپىۋېتىپ
كېلەي، بىرى كىرىپ قالمىسۇن». ئۇ شۇنداق دەپلا غوڭ قاپاق
ئېسىلغان كەپتەرنى قويۇۋېتىپتۇ. گەز تۇمشۇق يالماۋۇز ئىشىك-
نىڭ سىرتىدىن غوڭ قاپاقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بىرەر خەۋپنىڭ
شەپىسىنى سەزگەندەك بولۇپ، قەھر بىلەن ئاي چېھرىگە ئېتىل-
لىپ: «سەن بىرىگە بەلگە بېرىۋاتامسەن؟ سېنى قىيما - چىيما
قىلىۋەتمەيدىغان بولسام» دەپتۇ - دە، ئۇنىڭ يۈرىكىگە گەز
تۇمشۇقىنى تىقماقچى بولۇۋاتقاندا، ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدا قول-
دا قىلىچ تۇتقان قىرانبەگ باتۇر پەيدا بوپتۇ. «ئەي يالماۋۇز،
قويۇۋەت ئۇنى! — دەپتۇ قىرانبەگ باتۇر نەرە تارتىپ ۋارقىراپ،
— كاللاڭنى ئېلىپ تېرەڭدە تاسما تىلىپ، قان شورىغۇچ تۇمشۇ-
قۇڭنى ئوتۇن كەسكەندەك كەسمەيدىغان بولسام، قىران باتۇر
بولماي كېتەي».

گەز تۇمشۇق يالماۋۇز ئۆزىنىڭ تۇزاققا چۈشكەنلىكىنى بى-
لىپ غەزەپلىنىپ: «ئەي نادان ئىنسان، ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ
بەرمەي، ئالدىمدىن يوقال!» دەپ ۋارقىراپتۇ. «ئۆلۈمىڭنى تو-
يۇۋاتامسەن؟» دەپتۇ قىرانبەگ باتۇر. ئۇلار ئۆي ئىچىدە تۇتۇشۇپ
كېتىپتۇ. ئاي چېھرى ئۇلار ئېلىشىۋاتقان پەيتتە ھويلىغا چىقى-
ۋاپتۇ. قىرانبەگ باتۇر گەز تۇمشۇق يالماۋۇز بىلەن ئۆيدە ئېلى-
شىپ، ئۆيدىن ھويلىغا چىقىپتۇ. ھويلىدا يېرىم كۈن ئېلىشىپ-
تۇ، بىر - بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. ئۇلار بىر كېچە - كۈندۈز
ئېلىشىپتۇ، بىر - بىرىدىن يانماپتۇ. قىرانبەگ ئۇسسىغاندا ئاي
چېھرى بىر كىچىك قاپاق سۇنى ئۇنىڭ سول قولىغا تۇتقۇزۇپ
قويىدىكەن، قىرانبەگ باتۇر ئوڭ قولىدا گەز تۇمشۇققا قىلىچ

ئۇرىدىكەن ، قورسىقى ئاچقاندا ، ئاي چىھرى ناننى سۇغا چىلاپ ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىدىكەن . قىرانبەگ باتۇر بىر قولىدا نان يېگەچ گەز تۇمشۇق بىلەن ئېلىشىۋېرىپتۇ ، هارماپتۇ . لېكىن ، گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنىڭ قورسىقى ئېچىپ ، ئۇسسۇزلۇقتىن گېلى قۇرۇپ ، ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ . ئۇ رەقىبىنى يېڭىش ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلىپ ، بىردىنلا قاغىغا ئايلىنىپ ئۇچۇپتۇ .
قىرانبەگ باتۇر شۇئان بۈركۈتكە ئايلىنىپ ئۇنى قوغلاپتۇ . ئۇلار ئاسماندا بىر كۈن ئېلىشىپمۇ بىر - بىرىنى يېڭەلمەپتۇ . هالى بوشاپ ، بۈركۈتكە يەم بولاي دەپ قالغان قاغا بىردىنلا پەسكە شۇڭغۇپلا يەرگە چۈشۈپ ئۈۋۈچمغا ئايلىنىپ ، بۈركۈتنى ئاتماقچى بولۇپتۇ . بۈركۈت ئۇنىڭ كەينىدىن شۇڭغىغانچە چۈشۈپ ، ئۈۋچى ئوقياسىنى بەتلىگۈچە كۆزىگە قارماق ساپتۇ . بۈركۈتنىڭ تىرنىقى سانجىلغان گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنىڭ بىر كۆزى كور بولۇپتۇ . يەكچەشمە بولۇپ قالغان گەز تۇمشۇق يالماۋۇز بىردىنلا بىر تاشقا ئايلىنىۋاپتۇ . قىرانبەگ باتۇر چاقماقققا ئايلىنىپتۇ - دە ، گۈلدۈرلەپ چۈشۈپ تاشنى پارە - پارە قىلىۋېتىپتۇ . چوڭراق بىر پارچە تاش نېرىغا يۇمىلاپ بېرىپ ، بۆرىگە ئايلىنىپ ، چاتقاللىق ئارىسىغا قېچىپتۇ . قىرانبەگ باتۇر شۇئان قوشقاچقا ئايلىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپتۇ - دە ، بىر قاپقانغا ئايلىنىپ ، چۆپنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپتۇ . بۆرە ئۇقمايلا قاپقانغا دەسسىگەنىكەن ، ئالدى پۇتى قىسىلىپ قاپتۇ . بۆرە قاپقاننى ئاغزىدا چىشلەپ يۇرۇپ ، ئالدى پۇتىنى بوشاتقان بولسىمۇ ، ئاقساپ ماڭىدىغان بولۇپ قاپتۇ . ئۇ ئاقساپ كېتىۋاتقاندا بىر بۇلاق ئۇچراپتۇ . ئۇ شۇنداق سۈزۈك ، زۇمرەتتەك ئىكەن . گەز تۇمشۇق يالماۋۇز ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن بېرى ئاغزىغا بىر نېمە سالمىغان ، بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمىگەچكە ئۇسساپ هالى قالمىغانىكەن . ئۇ ئۆزىنى ئاشۇ سۈزۈك سۇغا ئېتىپ ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىچىشكە باشلاپتۇ .
گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنى ئۈۋچى بولۇپ قوغلاپ كېلىۋاتقان قىرانبەگ باتۇر سۇ تەشنالىقىدا قالغان گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنىڭ

بوينىغا قىلىچ ئۇرۇپتۇ . ئەسلىدە گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنىڭ بوي-نىدىن باشقا يەرگە قىلىچ ئۇرسا ئۆتمەيدىكەن . قىرانبەگ باتۇر ئۇرغان قىلىچ ئۇنىڭ بوينىغا تېگىپ ، بېشىنى خۇددى سويمىنى ئۇزۇپ تاشلىغاندەك ئۈزۈپ تاشلاپتۇ . يالماۋۇزنىڭ قېنى زەھەر ئىكەن . بۇلاقنىڭ سۈيى قان بولۇپ كەتسە ، ئۇنى ئىچكەن جانلىق-لار ئۆلۈپ ، دەل - دەرەخ ، گۈل - گىياھمۇ قۇرۇپ كېتىدى-كەن . شۇڭا ، قىرانبەگ باتۇر گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنىڭ جەسىتى-نى بىر چەتكە تارتىپ ئېلىۋېتىپتۇ ، ئاندىن ئۇنىڭ قان شورىغۇچ بىر گەز تۇمشۇقىنى قىلىچ بىلەن ئوتۇن كەسكەندەك كېسىپ تاشلاپتۇ ، تېرىسىدىن بىر تاسما تىلىپ ، قىلىچىنىڭ ئۇچىغا ساڭ-جىپتۇ - دە ، يۇرتىغا قايتىپتۇ .

گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يۇرت ئەھلى ناغرا - سۇنايلىرىنى چېلىشىپ ئۇسسۇل ئويناپ ، قىران-بەگ باتۇرنى تەبرىكلەپتۇ . ئانىسى چىقىپ ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ . قىرانبەگ باتۇر بىر ياندا قاراپ تۇرغان ئايالى ئاي چېھرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن يۇرتتى-كىلەر خۇشال - خۇرام ياشاپتۇ . قىرانبەگ باتۇر بىلەن ئاي چېھرىمۇ بىللە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن .

## 4

ئەپروزىخان ئانا بىلەن شاۋاز قارىي مەشھەدكە كەلگىلى بەش كۈن بولغاندا ، نورۇزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشلاشتى . نورۇز ئىشىك ئالدىدا ئەپروزىخان ئانىنى ئېشەككە مىندۈردى .

— قانداقلا بولمىسۇن ، مەن بىر خۇشخەۋەرنى سىلىگە يەت-كۈزىمەن . ھەرھالدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە تويدىن بۇرۇن ھازا - ماتەم ، قايغۇ كىردى ، — دېدى نورۇز گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — بۇ بىر پال ، ئاقىل كىشى كۆرگەن ئىشلاردىن ئىبرەت ۋە

ساۋاق ئالىدۇ. لېكىن، خاتىپ بۇنداق ئاقىللاردىن ئەمەس. ئۇ ئوت ئىچىدە ماكانىنى تۇتتى، تاغدەك ئوتنى بېشىدىمۇ كۆتۈردى. ئۇ كىرپىكى بىلەن ئوت كوچىلايمەن دەيدىغان دۆتلەردىن. خۇدا-يىم بۇيرۇسا جەزمەن خۇمارگۇلنى بۇدا ئەمدى بەشكېرەمگە ئاپىرىپ بېرىپ توينى ئۆزۈم قىلىمەن.

نورۇزنىڭ ئانىسى قاتلىمىنىڭ ئارىسىغا ئالغان سوغۇق گۆش بىلەن بىر نەچچە دانە بويىغان پىششىق تۇخۇمنى يوللۇق تۇتۇپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ ئەپروزىخان بىلەن بىللە گۇلخۇمار-نىڭ ئۆيىگە «مۇسىبەت كەپقاپتۇ» دەپ هال سوراپ بېرىپ قىزنى كۆرگەنلىكىنى ئەسلەپ، «ئاشۇ ئۇز قىزنى كېلىن قىلغان كۇنى قۇدا كۆرپىسىدە مەنمۇ ئولتۇرىمەن جۇمۇ» دەپ جىكىلىدى.

ئانىسى مىنگەن ئېشەكنى هەيدىگەن شاۋاز قارىي مەشھەدكە كەلگەندە، ئۆزى ياتقان هۇجرا تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىۋالغاندىن كېيىن توختاپ، خاتىپنىڭ چۇچىلا بولۇپ كەتكەن بېغىنىڭ تۇنۇ-گۇن جەننەت، بۇگۇن دوزاخ بولۇپ قالغان كۆرۈنۈشىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ۋە ۋاپادارىنىڭ سۇنۇق دەردىنى تارتىۋاتقان هالىتىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز يېشىنى بەلۋې-غىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىپ، بىر هازادىن كېيىن يۈگۈرگىنىچە ئانىسىنىڭ كەينىدىن يەتتى. ئۇ يول ئۇستىدە كىشى بولسۇن - بولمىسۇن، كارى بولماي هەسرەتلىنىپ ماڭدى. بالىسىنىڭ كۆز يېشىنى كۆرگەن ئانا «بۇلارنىڭ ئىشق - مۇهەببىتىنى راست خۇدا سالغانىكەن» دەپ دىلىدىن تەستىقلىدى ۋە ئۆزىمۇ تىترەپ يىغلىدى.

قۇمالتاغ ئاغزىدىن ئۆتۈپ، تېتىردىكى يول ئۇستىگە جايلاش-قان مازارغا كەلگەندە، ئەپروزىخان ئانا مازار تەرەپكە قاراپ قول كۆتۈرۈپ پىچىرلاپ، بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ دۇئا قىلىپ، «ئالدى-مىزدىكى مۇشۇ يول بىلەن ماڭايلى» دېدى. شاۋاز قارىي «بۇ

يول بىلەن ماڭماق تەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاكۇي[1]دىن ئۆتكۈچە ، ئادەمنىڭ تېنى ئەيمىنىدۇ» دېسە ، ئانىسى «ياق» دەپ تۇرۇۋالدى . ئۇلار ئىت يولىنىڭ يېرىمىغا بارغاندا ، داۋاندىن تەسلىكتە چىقتى ، ئەمما تار ، قىسلاڭ جايلاردىن تولا تەسلىكتە ئۆتۈپ چىققاندا كەچ قالغىنى ئۈچۈن ، لەڭگەردىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە قونۇپ ، ئەتىسى قۇمالتاغنى ئايلىنىپ يۇرتقا يېرىشتى . شاۋاز قارىينىڭ تاغىسى سالىھ قارىمىنىڭ ئاق سۇ ئۈستىكى ئالۋىنىدا كېچىسى مۇزلاپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، ئەپروزىخان ھوشىدىن كەتتى . شاۋاز قارىي :

— دادام ، ۋاي دادام ،— دەپ ئىشىكتىن يىغلاپ كىرىپ هازىنى يېڭىدىن باشلىدى .

ئەپروزىخان شۇ ياتقانچە تۆشەكتىن تۇرالماي ، 27 - كۈنى بولغاندا ئوغلى شاۋاز قارىينى قىچقىرىپ ، ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ ، ھەققىگە دۇئا قىلدى .

— جېنىم بالام ، سەن كىچىك تۇرۇپ داداڭدىن ئايرىلدىڭ ، دادا خوۋلۇقىنى كۆرمىدىڭ ، ئاكام سېنى تولىمۇ ئارزۇ - ئارمانلاپ بېقىپ ئوقۇتقان . ئۇنىڭدىنمۇ ئايىرىلدىڭ . ئەمدى مېنىڭ هالىم تېخىمۇ خاراب ، بىر لەھزە قالغاندەك تۇرىدۇ . مۇبادا ، مۇ... با... دا...— دەپ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن يۆتىلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالالمىدى . چىلىق - چىلىق تەرلەپ ، خارقىراپ يەنە بىر يۆتەل تۇتۇپلا تۈگەپ كەتتى .

ئانىسىنىڭ جان پەرۋەر بويى ، يەنى قەددى - قامىتى بىر دەرەخ بولسا ، پەرزەنت ئۇ دەرەخنىڭ شېرىن مېۋىسى ۋە نەتىجىسى . چۈنكى ، ئانىنىڭ ئەمچەك تومۇرى يۈرەك ئىچىدە . ھەقىقەت كۆزى بىلەن قارىساق ، ئانا سۈتى ئۇنىڭ يۈرەك قېنىدۇر . شۇنىڭ

---

① جاكۇي — ئىت يولىنىڭ «ئۈچ ئوقچا» (ئۈچ چوققا ) دېگەن جايىغا ئۇدۇل كېلىدىغان بىر ھاڭ بولۇپ ، رىۋايەت قىلىنىشىچە ، بۇ يەردە قەدىمكى زاماندا مۇھەببەت سەۋداسى بىلەن ئۆزىنى تاشلىغان بىر قىزنىڭ مۇردىسى بار ئىكەن . ھازىرغىچە بۇ يەردىن ئۆتكەن كىشىلەر كونا قائىدە بويىچە بۇ غارغا قونچاق ، ئۇلۇك مۇشۇكلەرنى تاشلاپ ئۆتىدىغان ئۇدۇم بار .

ئۇچۇن ، ئانىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى ئاتىغا قارىغاندا پەرزەنتكە
كۆپرەك بولىدۇ . ئانىسىنىڭ يىغلاپ ئېيتقان سۆزلىرى شاۋاز
قارىينىڭ كۆڭلىگە ئوقتەك سانجىلدى . پۈتكۈل ھاياتلىقنىڭ ئەڭ
ئالىي بەختى ۋە بەرىكىتى ئۇنىڭ مەنبەسى بولغان ئۇلۇغ ئانىلار ـ
نىڭ بولغانلىقىدۇر . ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇچۇن تارتقان جاپا ـ
سى ۋە تۆلىگەن بەدىلى ساناپ تۈگەتكۈسىزدۇر . پۈتكۈل ئىنساند ـ
يەت جەمئىيىتى ئاشۇ جاپاكەش ئانىلارنىڭ ئەجرىنىڭ سەمەرىسى ـ
دۇر . ئادەم بالىسىنىڭ ھايات تارىخىدىكى ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ
بەختىيار ، بەخىرامان ۋاقىتلىرى ئانا قارنىدىكى ، ئۇنىڭ قۇچىقى ـ
دىكى ، ئۇنىڭ باغرىدىكى كۈنلەردۇر . مەرھۇم ئانا ـ دادىسىدىن
كىچىك يېتىم قالغان شاۋاز قارىيغا ھەم دادا ، ھەم ئانا بولۇپ
ئۇنى قاناتلىققا قاقتۇرماي ، تۇمشۇقلۇققا چوقۇتماي ، ئۆزى يېمە ـ
سىمۇ ئۇنىڭغا يېگۈزۈپ ، تاپقىنىنى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ ، تۈرلۈك
جاپالار بىلەن ئوقۇتۇپ چوڭ قىلغان ئەمەسمىدى؟ سۆيۈملۈك
ئانىسىدىن ئايرىلغان شاۋاز قارىي :

— جېنىم ئانا ، دۇنيادا مەن ئۇچۇن سەندىنمۇ ئەزىز ، سەن ـ
دىنمۇ مېھرىبان كىم بار؟ سېنىڭ سېخىي قەلبىڭنىڭ ساخاۋىتى ـ
دىن كۈچ ئېلىپ ئۆسكەنىدىم . ئاھ ئانام ، سېنىڭ نۇرانە سېيما ـ
يىڭ قەلبىم تۆرىدە مەڭگۇ ساقلىنىدۇ . سەن مېنىڭ نۇرلۇق
قۇياشىم . قەلبىم سېنىڭ ئاتەش نۇرۇڭ بىلەن نۇرلىنىپ
كۈچ ـ قۇۋۋەت ، ئەقىل ـ ئىدراك ، ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئېرىشكە ـ
نىدى . قۇياش پېتىپ ئالەمنى زۇلمەت باسقاندىمۇ خانىمىزنىڭ
يورۇقلۇق مەنبەسى بولدۇڭ ، پۈتمەس ـ تۈگىمەس مېھرىڭ ھارا ـ
رىتى بىلەن مېنى ئىللىتىپ سوغۇق زىمىستاندىن ئاسرىغانىدىڭ .
ئەزىز ۋالىدەم ، سېنى ئايدىنمۇ نۇرانە كۆرەتتىم . سېنىڭ ۋۇجۇ ـ
دۇڭدا قىلچە داغ يوق ئىدى ، نۇرۇڭ قەلبىمنى يورۇتاتتى ، مېھ ـ
رىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى ئىللىتاتتى . ئاھ ئانام ، ئاھ مېھرىبا ـ
نىم ، ئاھ ساھىبانىم ، ئاھ جېنىم ئانام ! — دەپ ، ئانىسىنى
قۇچاقلاپ ، يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيۈپ ، يىغلىدى .

شاۋاز قارىينىڭ پىغانلىق نالە ـ زارىنى ئاڭلاپ ، ھەقەمسايىلەر كىرىپ ئەپروزىخاننىڭ چىكىلىرىنى ئۇۋۇلاشتۇرۇپ ، چۇشۇپ قالغان ئېڭىكىنى قاتتى . بۇۋىملەر مېيىتنى يۇيۇپ ـ تاراپ كېپەنلىدى . شۇ كۈنى جامائەت مەھەللە مەسچىتىدە ئەپروزىخاننىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈرۈپ «ئىتلە مازىرى» غا دەپنە قىلىشتى .

شاۋاز قارىي مەرھۇم ئانىسىنىڭ ئۈچى ، يەتتە ئازنا ئاخشىمى ، باش تارىقى ، قىرقى··· قاتارلىقلارنى تۈگەتكۈچە ھەممە ۋەسلىدىن ئايرىلىپ ، ئۆپكىسى كۆرۈنۈپلا قالدى . يېڭىدىن چىققان بۇرۇت ـ ساقال ، چاچلىرى ئۆسۈپ ، دەماللىققا ئۇنى كۆرۈپ تونۇشمۇ تەس بولۇپ قالدى . شاۋاز قارىي «ئانامنىڭ يىل ئەيىامىنى نېمە بىلەن ئۆتكۈزەرمەن» دەپ قايغۇردى . ئۇ كىشىلەردىن بىر نەرسە سوراشنى ئار كۆردى ، يەنە بىر تۇرۇپ دوستلارنىڭ تاپا ـ تەنىسى ، دۇشمەنلەرنىڭ ھاقارەتلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇساپىرچىلىقنى زىممىسىگە ئېلىپ ، يىراق جايلارغا چىقىپ كېتىشنىمۇ ئويلىدى ، ئەمما ، گۈلخۇمارنىڭ مۇھەببىتى ، ئائىلىسىنىڭ ، تاغىسىنىڭ بالىلىرىنىڭ ۋە دوستى رازىقنىڭ تەنھا روزىغارىنىڭ تۇرمۇشى كۆز ئالدىغا كېلىپ توختاپ «ھەي ئىست !» دەپ قالدى . ئۇ يەنە بىر تۇرۇپ يۇرتىكى دۆلەتمەن ، مۆتىۋەرلەر ئائىلىسىدىن بولغان مەخسۇملارغا چاكار بولۇشنىمۇ ئويلاپ ، ئاخىرىدا «كۆتەر» دەپ ، ئىككى بىلىكىگە تايىنىشنى ھەممىدىن ئەلا كۆردى .

ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئابدۇرەھمان خاتىپتىن ئىنتىقام ئالىمىز دەپ يۇرتنى باشلاپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرغان رازىقنىڭ خان ئەسكەرلىرىنىڭ سۆڭگۈ (نەيزە) سى بىلەن ئۆلگەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ ، «ئۇ مەن ئۈچۈن نادان ياۋۇزلار تەرىپىدىن ناھەق نابۇت قىلىندى . مەن ھايات ئىكەنمەن ، ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا ۋاپا قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپ ، شۇ كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئاۋۋال ئۇنىڭ يەرلىرىگە ئىشلەپ ، دۆشىنى ئېلىپ ، قىغ ـ قات قۇيۇپ ، ئوسا قىلىپ تەييارلىغاندىن كېيىن ، تاغىسىنىڭ ، ئاخىرىدا ئۆزى-

نىڭ يەرلىرىگە ئىشلەپ ئاخىرىغا يەتكۈزدى ، ئاندىن يەم ـ خەشەك بىلەن ئېشىكىنى تويغۇزۇپ ئاپىرىپ ، ھەمكارلاشقان دوستى ئەييۇپنىڭ ئىشىنىمۇ دېۋەيلەپ تۇرۇپ بىر باشقا ئاچقىپ بولدى .

ھاۋا ئوبدانلا ئىللىپ ، باھار شامىلى دەل ـ دەرەخلەرنى مەيىن ئەگىتىپ ، قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان پەسىل قۇشى قارلىغاچلار ئۇچۇپ كەلدى . شاۋاز قارىي دەرھال كىچە ـ كۈندۈزلەپ ئەنجۈر ، ئۈزۈم ، ئانارلارنى ئېچىپ ، ئۈزۈمنى بېدىشكە ئېلىپ ، ئەنجۈرگە ئاچا يۆلەپ ، تۆۋىدىكى توپىلارنى تارتىپ ، مەھەللىدىكى ھەممەيلەندىن بۇرۇن بۇ ئىشنى قولدىن چىقاردى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ 12 بوكىبوڭلۇق ئاققوناق تېرىيدىغان بىر پارچە ئاق يېرىنىمۇ سىبدە پوستەكلىرىنى ئېقىتىپ كەلگەن سۇ بىلەن ئوسا قىلدى . كىشىلەر : «شاۋاز قارىي ھەقىقەتەن ئائىلىسىگە كۆيۈنىدىغان ئەركەككەن» دېيىشتى .

* * *

ئوت ئاپتىدە پېشكەللىككە ئۇچرىغان ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ يا ساقال ـ بۇرۇتى ، يا قاش ـ كىرپىكى ، يا چېچى ، يا بەدىنىدىكى تۈكلىرىدىن ئەسەر قالماي ، ياغلىق قاپاققا ئوخشاپ قالغانىدى . مەخسۇس تېۋىپلار توخۇ سۆڭىكىنى سوقۇپ ، ئۇنىڭ يارىسىغا بېسىپ ، كۈنجۈت يېغى بىلەن مايلاپ ئىچۈرۈپ ، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىنى جىلى قىش ئۇپىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ، توخۇ پېيىدە بۇ مەلھەمنى چىپىشتى .

كور ئىللىتىگە گىرىپتار بولۇشقا تاس ـ تاماس قالغان ئابدۇرەھمان خاتىپ ئىككى يىلدەك ۋاقىتتا جىرتاق ، مايماق ، سۆڭگۈچى سىڭايان ھالەتتە ئاران يانپېشىنى سۆرەپ ، ئىشىك ئالدىغا كارىۋات ئاچقۇزۇپ ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر بىلەن سالاملىشىپ ، ئۇنى ـ بۇنى كۆرۈپ ياتقۇدەك بولدى .

شائىر ھۆۋەيدا مۇنداق دېگەن :

ئەگەر ياخشى ئەمەل قىلساڭ ، ساۋاب هاسىل بولۇر ، لېكىن
زۇلۇم قىلساڭ بولۇر ئالدىڭدا ئەلبەتتە زۇلۇم پەيدا .

قوشنىلار مۇۋاپىق ئۇسۇللار ئارقىلىق كۆڭۈل ئىزهار قى-
لىپ ، ئوت كېتىش سەۋەبىنى سۈرۈشتۈردى . ئابدۇرەهمان خا-
تىپ : «تارىشا گۇگۇتنى يىرىپ ، يەنە بىرىگە تۇتاشتۇرغۇچە قو-
لۇمنىڭ ئۇچى كۆيۈپ كەتكەنىدى . هېلىقى كۆيۈپ بولغان گۇگۇت-
نىڭ پوقى بار تەرىپىنى يەرگە تاشلاپتىمەن ، ئەمما دەسسىۋەتمەپ-
تىمەن . گۇمانىمچە تارىشا گۇگۇتنىڭ پوقى كىگىزنىڭ تېگىگە
سېلىنغان بورىغا چۈشكەن ، ئۇ كېۋەزگە تۇتىشىپ ، هەممە ئالەم ،
ئۆزۈممۇ كۆيۈپ تۈگەشتىم . مۇبادا ئۆزۈم كۆيۈپ كەتكەن بولسام-
مۇ ئامباردىكى مال ـ ۋارانلىرىم كۆيمىگەن بولسا كاشكى» دەپلا
يىغلاپ كەتكەنمىش . ئاڭلىغانلار : «دۇنيا دەپىنە مۇنداق پىخسىق-
لارنىڭ مەككە ـ مەدىنىسى ، ئات ـ قوي — بېهىشى ، باغۇ
بوستانلىقى ، ئۇنىڭ جېنى — ئالتۇن ـ كۈمۈشى ، ئۇنىڭ
هاياتى — كۆيۈپ تۈگىگەن ئامبار» دېيىشىپتۇ .
پېشكەللىككە ئۇچرىغان ئائىلىنىڭ ئەهۋالى ئوڭشالغاندىن
كېيىن ، قوشنىلار ياردىمىنى ئۇنتۇماي ، مۇۋاپىق ئۇسۇللار ئار-
قىلىق كۆڭۈل قەرزىنى قايتۇرىدىغان ئادەت بار . قوشنىدارچىلىق-
تا يەنە بېگى ئۆي سالماقچى ياكى كونا ئۆيىنى يېڭىلىماقچى بولسا ،
ئالدى بىلەن ئەتراپىدىكى قولۇم ـ قوشنىلارغا مەسلىهەت سالى-
دۇ . ئۇلارمۇ پايدىلىق مەسلىهەتلەرنى بەرگەندىن كېيىن ، ئەم-
گەك كۈچى چىقىرىپ ، ھەقسىز ياردەم بېرىدۇ . لېكىن ، ئابدۇ-
رەهمان خاتىپ ساقىيىپ ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا هېچ كىشىگە
مەسلىهەت سالمايلا «هەزرەت مازار» نىڭ ۋەخپە يەرلىرى بىلەن
ئۆز زېمىنلىرىنى تېرىيدىغان دېهقانلارنى خىش قۇيۇشقا ، «هەز-
رەت سۇلتان» نىڭ ۋەخپىلىرى هەم شەيخ هەبىب بۇزرۇكۋارنىڭ
ئەتراپىدىكى تېرەكلەرنى كېسىشكە بۇيرۇدى . ئالتىن ئاتۇشنىڭ

شىمالىدىكى تەختىيۇندىن تارتىپ شەرقىدىكى سول ئېرىق (شورئېرىق) قىچە، مەيىي، تېتىردىن تارتىپ كىچىگىز، ژاق - ژاققىچە ھەر خىل ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئاقساقىلى ئارقىلىق تامچى، ياغاچچى، مىمارلارنى يىغىپ، ئۆي ياساشقا تۇتۇندى. ھۆكۈمەتنىڭ سىلىقى چۈشسە ياكى ھۈنەرۋەن كېرەك بولسا، ئاقساقال ئۇلارنى باشقۇراتتى.

ئابدۇرەھمان خاتىپ يېڭى ئۆيگە ئىشلەۋاتقان ئۇستىلارنىڭ يېمىكى ھەم خىراجەتلىرى ئۈچۈن، ۋەخپە تېرىغۇچى دېھقانلارنى ئالدىن ئىجارە تۆلەشكە مەجبۇرلىدى. دېھقان سالىھ ئاخۇن:

— خاتىپ ئاخۇنۇم، ھازىر «ئۆرۈك سېرىقى، ئەر سېرىقى» دەيدىغان چاغ تۇرسا، قايسى ئاشنى تۆلەيمىز. ئارپا، بۇغداينى ئورغىچە تاقەت قىلغان بولسىلا ئوبدان بولاتتى، — دېۋىدى، خاتىپ غەزەپلىنىپ:

— بىزگە كەلگەن مۇسىبەتكە ئىنسانلا ئەمەس، ھايۋاننىڭمۇ رەھمى كېلىدۇ. سەن نائىنساپ شۇنداق گۇرەنلىك قىلامسەن؟ ھازىر قولۇڭدىكى يەرنى تاپشۇر! سەن ۋەقە تاراش بىزنىڭ ئۆي ياسىشىمىزغا قارشى ۋەقە ياساپ، ۋەخپە تېرىغۇچىلارغا ھۈنەر ئۆگەتمەكچى بولۇۋاتىسەن. خۇدا خالىسا، تۇتۇش قىلغان بۇ خەيرلىك ئىشىمىزدىن يانماي، جايلارنى بىزگە لايىق ئىچكىرى - تاشقىرى ھويلا قىلىپ پۈتكۈزۈپ، يېڭى جايغا لايىق توي قىلىش نىيىتىدىمەن، — دەپ ئۇنى سۈردى.

سالىھ ئاخۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. خاتىپنىڭ گەپلىرىدىن تەڭلىكتە قالغان دېھقانلار قورقۇشۇپ، يەيدىغان ئاشلىقلىرىنى ئەكەلگىلى تۇردى. مەشھەدتىكىلەر گويا ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرۈۋەتكەندەك قورقۇپ، ھەممە ئەر خەق بىرى لاي، بىرى سۇ، بىرى خىش، بىرى ياغاچ ... توشۇپ، ھەتتا كۆشۈكتىمۇ سۇ توشۇپ، بالا بولغان بۇ ئۆيگە تۇتۇش قىلىشتى.

مەشھەدلىكلەردىن بىرى بۈگۈن بىرىنچە تامچىنى ئۆيىدە

ياتقۇزسا ، يەنە بىرى ياغاچچىنى ، ئەتىسى ئۇستىلارنى چۇشلۇككە
قىچقىرسا ، كەچلىككە يەنە نەچچىسى دېۋەيلەپ مېنى كىم قىچقى-
رىدۇ دېگەندەك تۇرۇشى پۇتكۇل مەھەللە كوي ، ھەمسايىلەرنى
بىزار قىلدى ۋە يېمەكتىن ئايرىدى . بۇ ئالۋان ۋە مېھمانلاردىن
بالدۇرراق قۇتۇلۇش ئۇچۇن ، يۇرتتىكى ئولتۇر - قوپ ھەممە-
لەنىنىڭ كېچە - كۇندۇز دېمەي ، ھارغاننى بىلمەي «ئىشنى بال-
دۇرراق تۇگەتسەك ، سېلىق بالدۇرراق تۇگەرمىكىن» دېگەن ئو-
يىنى خاتىپ ئۆزىچە تەرپىلەپ ، سىرتتىن كەلگۇچىلەرگە :
— بىزنىڭ كىملىكىمىزنى بۇ قېتىم خالايىقنىڭ ئىخلاسىدىن
بىلدۇقكى ، ئۇلار ھارغان - تالغاننى بىلمىدى . ھەر كۇنى ئەل
كەسپۇ ھەبىبۇللا ① بولغۇچى كاسىپلارنى تالىشىپ ئۆيىدە قون-
دۇردى ، بىزنىڭ خانىمىزدا ئاسقان قازاننىڭ غىزاسى مەدىكارلار-
غا قالدى . ھەمسايىلەر يېمەكنى ئۇستاملارنىڭ ئاغزىدىنمۇ ، ئار-
قىسىدىنمۇ تىقتى . بۇ ھەممىسى بىزنىڭ ئىلگىرى ئەلگە قىلغان
ئاتىدارچىلىقىمىز ، خەير - ئېھسانىمىزدىندۇر . ياخشىلىققا ياخ-
شىلىق ، «ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت» دېگەن مانا شۇ - دە ، —
دېگىنىچە ئىككى يېنىغا ئىرغاڭلاپ ۋە كۆرەڭلەپ ، كېرىلىپ
كەتتى ، — بىزنىڭ ئۆي ياسىغىنىمىزنى ئاڭلىغان ھەربىرلىرى-
دەك كىشىلەر قۇرۇق قوشۇقنىڭ ئېغىز يىرتىدىغانلىقىنى بىلىپ
ھېچقايسىسى قۇرۇق كېلىشمىدى ، — دېدى .

① كەسپۇ ھەبىبۇللا — «كەسىپ ئىگىسى خۇدانىڭ دوستى» دېگەنلىك .

## توققۇزىنچى باب

# ۋىسالغا ئېرىشىش كويىدا

### 1

گۈلخۇمارنىڭ بېلى سۇنۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ياش تەنىنىڭ ھاياتىي كۈچى ھەم تېۋىپچىنىڭ ماھارىتى بىلەن بۇ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇ ماڭالىغۇدەك بولدى ۋە غەيرەتكە كېلىپ، يېڭى ئۆي ئۈچۈن ئېسىلىدىغان چۇچىلىق لۆڭگىنىڭ ئۇچىغا يۆگەيدىغان ۋە كەشتە تىكىدىغان مەشۇت يىپ ئۈچۈن زۆھرە بىلەن بىللە بازارغا چىققاندا، زۆھرە گۈلە سېتىۋاتقان نورۇزنى كۆرۈپ، گۈلخۇمارنى نوقۇدى. گۈلخۇمار زۆھرەگە قاراپ:

— نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە بولاتتى. شاۋاز قارىينىڭ جان كۆيەر دوستى نورۇز ئاخۇن ئاۋۇ يەردە ئولتۇرۇپ گۈلە سېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، قارىمىنىڭ ھالىنى ئۇقساق دەيمەن.

رومال ئىچىدىكى گۈلخۇمار شاۋاز قارىينىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا گەپ قىلالماي، بوغدىيىكىدىن بوغۇۋالغاندەك خىتىلداپ يىغلىغىلى تۇردى.

— يۈرە، — دەپ ئۇنىڭ قولىدىن سۆرىدى زۆھرە ۋە، — مەن دەيما؟! — دەپ سورىۋىدى، گۈلخۇمار «ماقۇل» دېگەندەك

قىلىپ باش لىڭشىتتى .

— ئەسسالام ، — دەپ نورۇزغا سالام قىلدى زۆھرە رومال ئىچىدە تۇرۇپ .

— ئۆزلىرى كىم بولىدىلا ؟ — دەپ سورىدى ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپلا قالغان نورۇز .

— بىز دوستلىرىنىڭ دوستى بولىمىز ، بىلمىدىلىما ؟ — دېدى زۆھرە يىقىنراق كېلىپ .

— دوستۇمنىڭ دوستى ؟ ... — نورۇز ھەيرانلىق دەرياسىغا چۆمۈلدى .

— شاۋاز قارىينىڭچۇ ؟ — دېدى شوخ ۋە چىچەن زۆھرە .

— ماۋۇ مېنىڭ كالۋالىقىمنى ، — دېدى نورۇز دۇدۇقلىنىپ ، — ماۋۇ يانلىرىدىكى گۈلخۇمار خېنىم ئوخشىمامدۇ ؟ پەقەت بايقىماپتىمەن ، — ئۇ گۈلخۇمارغا قارىدى ، — ھەر نېمە بولسا بەللىرى ياخشى بوپقاپتۇ . ئانام بىلەن ئەپروزىخان سىلىنى كۆرگىلى بارغاندا ، بىز بەك ئەنسىرىگەنىدۇق . خۇدانىڭ ياخشىلىقى بىلەن مۇشۇنچىلىك بولاپتىلا .

— ئەپروزىخان دېگەن كىم ئۇ ؟

— ئۇ شاۋاز قارىينىڭ ئانىسى .

— ئانىسى ؟

— ھەئە ، سىلىنىڭ بەللىرى سۇنۇپ كەتكەن چاغدا ، ئۇلار ئاڭلاپ ئانا ـ بالا ئىككىيلەن مۇشۇ يەرگە كەلگەن . شاۋاز قارىي ئۆزى سىلىگە مۇلاقەت بولالماي ، ئانىسى بولسىمۇ سىلىنى كۆرۈپ كەلدى ، سىلىنىڭ ئەھۋاللىرىنى كۆرۈپ جېنى ـ تېنى ئۆۋۈلۈپ ، يەنە قايتىپ كېتىشتى .

— ھازىر شاۋاز قارىي نەدە ، نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ؟ ئەھۋالىنى بىلىشكە ، ئىككىلىك خەت ئېلىشقا بولامدۇ ؟ — دەپ سورىدى تەسلىكتە گۈلخۇمار رومال ئىچىدە تۇرۇپ .

— بولىدۇ ، بولىمامدىغان . مەن خۇدايىم بۇيرۇسا مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە بېرىپ ، كۆرۈشۈپ سىلىگە ئۆز قەلىمىدىن ئىككى-

لىك خەت بىلەن خەۋەر ئېلىپ كېلىمەن ، — دېدى نورۇز .
گۇلخۇمار يىقىنراق كېلىپ ، ئالدى ـ كەينىگە بىر قارىۋې-
لىپ :
— خۇدا ھەققى شۇنداق بولسۇن ۋە شۇنداق دېسىلىكى ،
شاۋاز قارىنىڭ قولىنى تۇتمىغۇچە ، ھېچبىر نامەھرەم بىگانە ئەر
كىشىنىڭ قول ئۇچىنى تۇتمىغايمەن ، — دەپلا ئۇنى بوغۇلۇپ ،
كۆز يېشى تۆكۇلدى .

*　　　　*　　　　*

شاۋاز قارىي مەرھۇم ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ،
ھېچ بىر كىشىگە ئېغىز يېرىپ گەپ ـ سۆزمۇ قىلماي ، ئۇنى
ئىچىگە چۇشۇپ كەتتى . ئانىسىنىڭ قىرقى تۇگىگىلى 30 كۇن
بولسىمۇ ، ئۇ چاچ ـ ساقاللىرىغا ئۇستىرا تەگكۇزمىدى . ئەل ـ
يۇرت بۇ ھالنى كۆرۈپ ، بەزىلىرى «يامان بولدى ، قارىيقۇرئان
يىگىت ئىدى» دېيىشسە ، بەزىلىرى «ئاشىق بولدى» دەپ مىيىقى-
دا كۇلۇشتى . شاۋاز قارىي بۇ گەپ ـ سۆزلەرگىمۇ ئۇن تارتمى-
دى . بىر كۇنى ئاخشىمى ئۆيدە تەنھا ئۇيقۇسى كەلمەي ،
ئۇيان ئۆرۈلۈپ ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ياتقان مەھەلدە يىراقتىن چېلى-
نىپ كەلگەن راۋابنىڭ ساپئېرىق پەدىسى ئۇنىڭ يۇرەك تارىغا
جۇپ زەخمەك ئۇرغاندەك تىترىتىۋەتتى .

ھويلاڭدىكى ئۇجمەڭنىڭ ،
بىر شاخى راۋاب بولدى .
سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا ،
يۇرەك ـ باغرىم كاۋاپ بولدى .

ھەر شەنبە چىقىپ يەيتتىم ،
مەي باغلىغان ئۇجمەڭنى .

بۇ شەنبە چىقالمادىم ،
نە قىلاي غېرىبلىقنى .

ساپئېرىق پەدىسى تۈگىگەندىن كېيىنلا ، ئاتۇش پەدىسىگە يۆتكەپ ئوقۇدى :

ئاتۇشنىڭ يولى يامان ،
توشۇيدۇ ئوتۇن ـ سامان .
نادان بالىلار بىلمەيدۇ ،
ھەممىدىن كۆيۈك يامان .

بۇ ئاينىڭ كۈنى ئوتتۇز ،
مېنىڭ تاپقىنىم توققۇز .
...

راۋابنىڭ دەردلىك ساداسى ئۇنى جايىدىن دەس تۇرغۇزدى ـ دە ، ئۆيىدىن ھويلىغا ، ھويلىدىن تالاغا چىقتى . قارىسا ، راۋاب چالغۇچىلار ئېشەكلىرىگە مىنىشىپ ، ئۇلۇغ يول (ئالتىن ئاتۇش يولى ) تەرەپكە بۇرۇلدى . شاۋاز قارىي تاشقارقى ئىشىكنىڭ لوكىسىنى ئېتىپ ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى ، ئەمما ئۇلار يىراقلىشىپ كەتكەچكە ، قۇمال تاغنى ئۇدۇللاپ كېسىپ چىقىپ ئارقىسىدىن يېتىشىمەن دەپ تاغقا چىقتى ، تېنەپ ـ تەمتىرەپ تاڭ ئاتقۇچە ماڭغان يولى 100 غۇلاچتىن ئاشمىدى . ئۇ ئىلاجىسىز كەينىگە يېنىپ قايتىپ كەلدى ـ دە ، «ئۇھ» دەپ ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى تاشلاپ ياتقانچە لايدەك چاپلىشىپ ئۇخلاپ كەتتى .

شاۋاز قارىي چۈشىدە يەنە گۈلخۇمارنى كۆردى . ئۇنىڭ ئارام بېغىدا ئايدىڭ كېچىدە ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلايمەن دەپ يۈگۈرۈپلا ئويغىنىپ كەتتى . شاۋاز قارىي «ئەستاغپۇرۇللا» دەپ بېشىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ سىقىپ ياتتى . ئەتىسى چارشەنبە كۈنلۈ-

كى ئۇ چايمۇ ئىچمەي ، ئاغزىغا بىر بۇردا ناننمۇ سالماي ، قولىغا مىتىن ۋە كەتمەن ئېلىپ ، لەڭگەرنىڭ ئۇدۇلىدىن ئالتىن ئاتۇش تەرەپتىكى لەڭگەرگە بىر يول ئېچىشنى نىيەت قىلىپ ، سەھەردىن باشلاپ تۇتۇش قىلدى . شاۋاز قارىي ھەر قېتىم مىتىن ئۇرغاندا تاغدىن گۇمبۇرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىناتتى . يوغان ـ يوغان تاش پارچىلىرى گۇمبۇرلەپ چۈشەتتى ، ھاڭلار تىندۇرۇلاتتى . شۇ ئەسنادا تاغ چوققىسىدا بىرەيلەننىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ ، بارغانسې-رى يېقىنلاشتى . قولىدا ئۇزۇن ھاسا تايىقى بار بىر بوۋاي شاۋاز قارىيغا ئۇدۇللاپ يېقىن كەلدى ۋە «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ھارما ئوغلۇم» دەپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن :

— ئوغلۇم ، شىجائىتىڭ بەك چوڭ تۇرىدۇ . بۇ تاغنىڭ قورسىقىدىن يېرىپ نەگىچە بارماقچىسەن ؟ — دەپ سوردى .

شاۋاز قارىي كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى قىستۇرۇپ ، مىتىنىنىڭ سېپىنى تۇتقان ھالدا ، ئۇ كىشىگە قاراپ :

— جېنىم ئاتا ، مەن يولدىن ئاداشقان ، يول تاپالمىغان بىر ناتىۋانمەن . ئىرادە قىلىمەنكى ، مۇشۇ تاغنى يېرىپ يول ئاچسام ، چېچىم ئاقارغۇچە ئالتىن ئاتۇش تەرەپكە يول ئېلىپ چىقىپ بىر ساھىب دىلدارنى ئۇچرىتارمەنمۇ دېگەن ئىرادىدىمەن ، — دېدى .

— ئوغلۇم كامال تاپ ، — دېدى ئۇ كىشى يېقىن كېلىپ ، — نىيىتىڭ يولدىشىڭ بولسۇن ، ئەمما ، بۇ ئىشتا يۇرت ۋە ئېلىڭ بىلەن ھەمنىيەتمۇسەن ؟

شاۋاز قارىي يەرگە قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن :

— ياق ، ئۆزۈم قىلىۋاتىمەن ، — دېۋىدى ، مويسىپىت ئۇ-نىڭغا ھاسىسى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— «يۇرتنىڭ ئېتىنى ، كىشىنىڭ لەقىمىنى خىزىر قويىدۇ» دېگەن گەپ بار . بۇ تەرەپتىكى قۇمالتاغنىڭ ئاغزىنىمۇ لەڭگەر دەيدۇ ، ئالتىن ئاتۇش تەرەپتىكى ئاغزىنىمۇ لەڭگەر دەيدۇ . لەڭ-گەر دېگەن «دەم ـ ئارام ئالىدىغان ئارامگاھ ، قونالغۇ» دېگەنلىك

بولىدۇ . كونا شەھەر ① دىن ھېرىپ كەلگەندە لەڭگەردە ئارام
ئېلىۋېلىپ قۇمالتاغ ئىچىگە كىرسە ، ئالتىن ئاتۇشتىن كەلگەندى-
مۇ يەنە لەڭگەردە ئارام ئېلىپ قۇمالتاغقا كىرىدۇ . ھەر ئىككى
لەڭگەرنى قەدىمدە ئۆتكەن ئىككى ئەزىز ساقلاپ ياتقان . بەشكې-
رەمدىكى لەڭگەرنى ئۇلۇغ سۇلتانەمنىڭ ئوغلى ئەھمەد بۇغرا
پاچچىمنىڭ نەۋرىسى سۇلتان مىچى ئاتام ساقلايدۇ . ئۇلار گۆھەر-
دىنمۇ ئەزىز بۇ يۇرتنىڭ مۆتىۋەرلىرىدۇر . سەن ئاۋۋال بەشكېرەم
لەڭگەردىن ئالتىن ئاتۇش تەرەپتىكى تاغ ئاغزى لەڭگەرنى ئۇدۇل-
لاپ كۆرۈپ چىق ، ئاندىن ئىككى لەڭگەرگە ئۇدۇللاپ يول ئاچ-
قىن . بۇ ئىشىڭغا جەزمەن ئۇلۇغ تەڭرى يار بولغۇسىدۇر . ئەم-
ما ، ئەلدىن ئايرىلىپ ، تەنھا ئۆزۈم قىلىمەن دېيىشىڭ ماھال
گەپ . ئادەملەرگە ئارىلاشماستىن ، يالغۇزلۇقنى سۆيۈش ، جەمئى-
يەتتىن قېچىش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش ئەمەس . ئادەملەر بىر -
بىرىگە موھتاج . ئۆزئارا مۇناسىۋەت پەيدا قىلىنمىسا ، ئىش چالا
قالىدۇ .

تۇتقىن ، جەمئىيەت ئېتىكىن تۇتقىن ،
ھېچ بىر ئىش يالغۇزلۇق بىلەن پۈتمىگەن .

مەن ئالتىن ئاتۇشتىن كوناشەھەرگە كەلگۈچە ئوڭئېرىقنى
ئايلىنىپ يولنى تۇگىتەلمەي بىئارام بولۇپ كېتەتتىم . ئېشەكتە
ئولتۇرۇۋېرىپ بېلىم قېتىپ كېتەتتى . بۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى
ئىككى لەڭگەرنى ئۇدۇللاپ مېڭىپ ، يولنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى
قىسقارتتىم . شۇڭا ، مەن ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلغان ياخشى
نىيەتكە سەن بەل باغلاپسەن . كەل ئوغلۇم ، سەنمۇ قىلغىن ،
مەنمۇ قىلاي . بىللە چاپايلى ، بۇ يولنى بىللە ئاچايلى . سېنىڭ
بۇ خالىس ئىخلاسىڭغا ، پەرھادتەك غەيرىتىڭگە مەنمۇ قوشۇلاي ،

① كونا شەھەر — قەشقەر شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى .

ئەلمۇ قوشۇلسۇن ، — دەپ شاۋاز قارىينىڭ قولىدىن مىتىننى ئېلىپ «بىسمىللا ، ئاللاھۇئەكبەر» دەپ تاغقا ئۇردى ، تاغ يىمىرىلدى .

بۇ كۈنى بىرنەچچە غۇلاچ يول ئېچىلىپ ، ئىش ئاجايىپ ئاۋۇدى . بوۋاي ھارسا مىتىننى قارىي ئالدى ، قارىي ھارسا كەتمەننى بوۋاي ئالدى . ئۇلارنىڭ غەيرىتى تاغنىمۇ تەسىرلەندۈردى . كەچ بولغاندا بوۋاي :

— ئوغلۇم ، مەن جەزمەن ئاۋۋال بەشكېرەملىكلەرگە ، ئاندىن ئاتۇشلۇقلارغا سىنىڭ ھىممىتىڭنى خەۋەر قىلىمەن ، يۇر ، كەچ بولدى ، بىز «سۇلتان مىچى ئاتام» دا يېتىپ تاڭلا سەھەر كېلەيلى ، — دەپ مازارلىققا كېلىپ يېتىشتى .

شاۋاز قارىي ھارغىنلىقتىن ئۇخلاپ كەتتى . ئۇ سەھەر ئۇيقۇدىن بېشىنى كۆتۈرسە ، بوۋاي ياتقان ئورنىدا كۆرۈنمىدى . شاۋاز قارىي يەنە مىتىن ۋە كەتمەننى يەلكىسىگە سېلىپ ، ئۆزى ياسىغان يولنى بىلەن ھۇزۇرلىنىپ مېڭىپ ، توسۇلغان تاغ تۇۋىگىچە بېرىپ ، ئاندىن ئالىقىنىغا تۈكۈرۈپ مىتىننى ئېلىپ تاغقا زەرب بىلەن ئۇردى . تاش پارچىلىرى ئۇچقانچە بويلاپ كەتتىگە دومىلاپ باردى . تاغدىن دومىلىغان ئاشۇ پارچىلار ھازىرمۇ چاقماق دەرياسى بويىدا ئۆز ئەينى تۇرماقتا .

شاۋاز قارىينىڭ قۇمالتاغنى يېرىپ ئالتىن ئاتۇش تەرەپكە يول ئېلىۋاتقان خەۋىرى ئاۋۋال ئىتلە كەنتىگە ، ئاندىن بەشكېرەمگە ۋە ئالتىن ئاتۇشنىڭ لەڭگەر ، تىتىر ، مەيىسلەرگە ، بارا — بارا پۈتكۈل ئاتۇش دىيارىغا تارقىلىپ كەتتى . يۇرتتىكىلەر بۇ خەۋەردىن تەسىرلىنىپ كۆرگىلى كېلىشتى . ئىتلەلىكلەرنىڭ باشلامچىسى نامەت شاۋاز قارىينىڭ قۇمالتاغنى يېرىپ ئالتىن ئاتۇشقا يول ئېلىۋاتقان خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، جامائەت ئالدىدا :

— شاۋاز قارىي تېپىلمايدىغان ياخشى يىگىت ، شۇڭا بۇ ياخشى ئىشقا تۆتۈش قىلىپ ، ھىممىتى بىلەن ھەممىمىزنى قايىل

قىلدى . ئانىسى ئۆلۈپمۇ بىر پۇلغا قەرزدار بولمىدى . يەنە تاغدىسىنىڭ ئۆلۈمىنى چىرايلىقچە ئۇزاتتى . رازىقنىڭ ، تاغىسىنىڭ ، ئۆزىنىڭ يەر ـ باغلىرىغا ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئىشلەپ كۆكەرتتى . ئەمما ، غانجۇغاندىن كېلىدىغان ئاق سۇ ھازىر ئازدىيىپ ، قۇرغاقچىلىق باشلانغىلى ، ئەل ـ يۇرت قاغجىرىغىلى تۇردى . ئۇنىڭ قىلغىنى ياخشى ئىش ئىدى . ئۇنىڭ ئەپى ئەۋلادى ئۆلۈپ ، ئۆزى ئوتقا تاشلانغان قىلدەك كۆيۈپ تۈگىشىۋاتسىمۇ ، ھازىرمۇ يەنە ياخشى ئىش قىلىپ ، ئەل ـ يۇرتنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن ، يار ۋىسالىغا يېتىشىنىڭ يېقىنلىقى ئۈچۈن ، بۇ ياخشى نىيەتنى ئۆزىگە يار قىپتۇ . ئۇ جاپا تېغىنى ئۆزى تەنھا قېزىۋاتسا ، بىز ئاڭلاپ يارلاشمىساق بولارمۇ؟ يۇرۇڭلار ! ھەممىمىز ئۇنىڭ باشلىغان ئىشىغا مەدەت بېرەيلى !— دېگەنىكەن . پۈتكۈل بەشكېرەم خەلقى قوزغىلىپلا كېتىپتۇ . قېرى دېمەپتۇ ، ياش دېمەپتۇ . قولىغا نېمە چىقسا شۇنى ئاپتۇ . خالايىق بېرىپ كۆرسە ، شاۋاز قارىينىڭ قىلغان ئىشىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك بوپتۇ . ئەل ـ يۇرت «سۇلتان مىچى ئاتام» نىڭ ئۇدۇلىدىن باشلاپ ئېچىلغان يول بىلەن مېڭىپ ، ئىككى ئاش پىشىمدا قارىينىڭ قېشىغا بېرىپتۇ . ئۇ ھەر قېتىم تاغقا مېتىنىنى ئۇرسا تاغدىن پارچىلانغان تاشلار گۈمبۈرلەپ ئۆرۈلۈپ ، ھاڭ ـ قاپتاللارنى تولدۇرۇۋېتىپتۇ .

نائۈمىد بولما يىگىت ، غەيرەت بىلەن ئىشقا كىرىش ،
بول ئۈمىدلىك ، تىنماي ئىشلە ، ئىززەت ـ ئابرۇيغا ئېرىش .

كەلگەنلەر شاۋاز قارىيدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ بولۇپلا ، ئارقا ـ ئارقىدىن تەڭلا ئىشقا تۇتۇشۇپ ، تاغنى زەرب بىلەن ئۇرۇپ پارچىلاپ ، قورام تاش ، داڭگاللارنى يۇدۇپ كۆتۈرۈپ ئىشلەپ ، ئۇنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت ، روھىغا روھ قوشۇپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان لەڭگەرلىكلەر ئابى ئاش ، تېرىق ـ تالقانلىرىنى كۆتۈ-

روپ كىلىپ ئۇلاردىن بەكرەك تۇتۇش قىپتۇ .

## 2

شۇ ئارىدا يولۋاسخان ئۆزىنى «خان» دەپ ئېلان قىپتۇ . ئۇ يېڭى تەرتىپ تۇرغۇزماق بولۇپ ، خانئۆيگە كېلىدىغان سونىڭ كېيىنىپ ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى باشلانغانلىقىنى باھانە قىلىپ ، غانجۇغاندىكى ئارا بۇلاقتىن ئېلىنغان ئاق سۇ ئۆستىڭىنىڭ دۆڭ-لىنىشىپ كەتكەن ، يار ئالغان جايلىرىنى چېپىشقا ، ئېتىشكە يار-لىق چۈشۈرۈپتۇ . خان ئەلنى يەنە ھاشارغا ھەيدەش ئۈچۈن مىر-غەزەپ (غەزەپ ئىگىسى جاللات ) لىرىنى يۇرت ـ يۇرتقا ئەۋەتىپ-تۇ . جاكارچىلار خاننىڭ يارلىقىنى ئېلان قىلىپتۇ :

بازاردىكى ئادەملەر ، باغدا پىشقان بادام‍لار ،
ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار ، كېيىن پۇشايمان يېمەڭلار .
خان قىلدى ئەلگە يارلىق ، قىلىڭ پەرمانبەردارلىق ،
خاننىڭ ئەمرى ۋاجىپتۇر ، (خان ھەممىگە ساھىپتۇر )
خانغا تەزىم ھەسەنات . بەر مۇھەممەد سالاۋات .

دەسلەپ جاكارچىلار يۇرت ـ بازارلارنى ئارىلاپ يۇرۇپ خان يارلىقىنى يۇقىرىقى مەزمۇن بويىچە خالايىققا ئېلان قىپتۇ . تۆگى-گە مىنگەن جاكارچى خان يارلىقىنى كاناي قىلىپ يۆگەپ ئوڭ قولىدا بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئىككى يېنىغا نۆۋەت بىلەن قاراپ ئېلان قىپتۇ . ئۇلاردىن ئىتلە ، لەڭ-گەرگە كەلگەنلىرى بۇ يەردە بىرمۇ ئەر كىشىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ، خوتۇن خەقلەرنى يىغىپ سوراپتۇ . ئۇلار «بىلمەيمىز ، خاننىڭ ھاشىرىغا كەتتى» دەپتۇ . ياساۋۇللار باشلىقى «يالغان ئېيتتىڭ» دەپ خوتۇنلار جامائەسىنى قىيىن ـ قىستاققا ئاپتۇ . ئۇلار يەنە «بىلمەيمىز» دېگەنىكەن . باللارنى يىغىپ ئۇلارنى

ئالداپتۇ . بالىلارمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ . ياساۋۇللار سەردارى مىرغەزەپ قولىدىكى سۆڭگۈ بىلەن ئۈچ ياشلىق بالىنىڭ دۈمبىسىدىن سانجىغانچە ئاسمانغا دەس كۆتۈرۈپ خوتۇنلارنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ بالىنى تاشلاپ ، ئەگەر راست گەپنى دېمىسە ، ھەممىنى ئوت قويۇپ ياكى ئەرلىرى ئورنىغا ئاپىرىپ ئۆزىنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ، ئەر خەقلەر قۇمالتاغ ئىچىدە يول ياساۋاتقانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ .

سىپاھلار دەرھال ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ، تاغ ئىچىگە كىرسە ، يۇرت - يۇرتتىن كەلگەن كارغا يارايدىغانلار شۇ يەردە ئىكەن . ئۇلارنى كۆرۈپ خاننىڭ يارلىقىنى ئېيتىپ ، بۇ كىشىلەرنى ھاشارغا بېرىشقا دەۋەت قىپتۇ . يول ياساۋاتقانلاردىن بەزىلىرى تۇنۇگۇن تېخى ھاشاردىن يانغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ كۆرستىپ ئۆزرە ئېيتىشىپتۇ . ياساۋۇللار غەزەپناك بولۇپ ، ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا ساغداقلىرىدىكى ئوقيا ۋە قامچىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇپتۇ . بۇنى كۆرگەن نامەت چىديالماستىن ، سىپاھلار سەردارى مىرغەزەپنىڭ بېشىغا چەنلەپ قولىدىكى تاشنى شۇنداق ئۇرۇپتىكى ، ئۇ ئاتتىن مۇئەللەق چۈشكەنچە يەر قاساپ ، جېنى جەھەننەمگە يول ئاپتۇ . ئاڭغۇچە يىراقراقتا تۇرغان ياساۋۇل ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئوقيانى بەتلەپ چىلتىسىنى قويۇپ بەرگەنىكەن ، يا ئوقى «ۋىژ» قىلىپ نامەتنىڭ سول كۆكسىدىن تېشىپ ئۆتۈپ ، پېيىغا يەتكەندە توختاپ قاپتۇ . ئۇنىڭ كۆكسىدىن ئاققان قان تاشلارنى ياقۇت رەڭدە بوياپتۇ .

نامەتنى بۇ ھالدا كۆرگەن ئەل - يۇرت دەرغەزەپ بولۇپ ، قولىدىكى مېتىن ، كەتمەن ، پالتا ، تۆمۈر ۋە تاشلارنى كۆتۈرۈشۈپ سىپاھلارغا تەڭلەپ ئۇرغىلى ۋە ئاتقىلى تۇرۇپتۇ . پەرىشان ھالدا قاچقان سىپاھلار ۋە ياساۋۇللار قايتىش يولىدا لەڭگەر ۋە ئىتلە كەنتلىرىگە كىرىپ مال - ۋارانلارنى بۇلاپ - تالاپ ، ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈپ ، بېرىپ خانغا ئەرز - داد ئېيتىپتۇ . خان قازى ، ۋۇززات ۋە خاتىپلارنى يىغىپ ، بۇ ئىككى يۇرتتىكى-

لەرنى نېمە قىلىش لازىملىقىنى سورىغانىكەن ، قازىلار : «پادىشا-
ھى ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىغا قارشى بولغۇچىلار باغى دېيىلىدۇ .
ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۆلۈمگە ، مال - ۋارانلىرى تالان - تاراج قىلىنسا
ۋابال بولمايدۇ» دەپ پەتىۋا بەرگەندىن كېيىن ، خان پەتىۋاغا
مۇۋاپىق ئالتىن ئاتۇشتىكى ئۆزىنىڭ سادىرلىرىغا يارلىق بېرىپ ،
ھەر ئىككى تەرەپتىن بىرنەچچە يۈز ئاتلىق سىپاھ ، سەرۋازلار
قورشاپ كېلىپ ، ئۇلارنى ھەيدىگەنچە غانجۇغان ئارا بۇلاق ، ئاق
سۇ دەرياسىنىڭ بېشىدىكى تاغ ئېغىزىغا ئاپىرىپ ، بىرنەچچە يىل-
غىچە «باغىلار» دېگەن نام بىلەن ئىشلىتىپ ، قارشىلىق كۆرسەت-
كەنلەرنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ ، دەرياغا تىرىك تاشلاپ ،
يار ئالغان جايلارنىڭ شەرتى ئۈچۈن بېسىپ ، زور دىشۋارچىلىقلا-
رنى كۆرسىتىپ ۋەيران ، سەرگەردان قىلىۋەتتى .

شاۋاز قارىي «پۈتكۈل ئەلنىڭ خانىۋەيران بولۇشىغا مېنىڭ
باشلىغان ئىشىم سەۋەبكار بولدى» دەپ ، دوست ، ئاغىنە ، تۇغقان
ۋە ئەل - يۇرتىنىڭ تاپا - تەنىسىدىن ھەم غەرەزلىك دەشنام ،
ھاقارەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، يىراق يەرلەرگە كېتىپ ئۆلۈ-
كىنى كۆرسەتمەسلىكنى ئويلىغانىدى . كېيىن ئۇ ئۆزىگە ھاي
بېرىپ : «بۇ مېنىڭ ۋەتىنىم ، ئۆز ۋەتىنىمدە ، ئۆز تېغىمدا ، ئۆز
ئېلىمدە كەلگەن مۇنچىلىك رىيازەتنى چىداپ كۆتۈرەلمىسەڭ ،
گۇلخۇمارنىڭ ۋەسلىگە نەدە يېتىسەن؟ مەن ئەمدى ھەممە كۈچۈم
بىلەن مېنى دەپ ئۆلگەن دوستۇم رازىق ، تاغام سالىھ قارىيئا-
خۇن ، يىگىتۋېشى نامەتنىڭ روھىي ھۆرمىتى ئۈچۈن ، ھاشارغا
كەلگەنلەرنىڭ بارلىق مۇشەققەتلىرىنى زىممەمگە ئېلىپ يار ۋىسا-
لىغا يېتىش ئۈچۈن ، پەرھاد تاغ يېرىپ ، سۇ كەلتۈرۈپ كوھى
چارنى گۈلىستانلىققا ئايلاندۇرغىنىمدەك مەنمۇ ئۆز يۇرتۇم بەشكې-
رەمنى تەشنالىقتىن قۇتۇلدۇرۇشۇم لازىم» دەپ ، قەھرى - جەھ-
لى بىلەن دەريانى چاپقىلى تۇرۇپتۇ .

شاۋاز قارىينىڭ يېڭى كارامىتى ئارا بۇلاقتىكى بارلىق «با-
غى» لارنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ . يۇرتتىكى ئۈچ يىللىق قۇرغاق-

چىلىق تۇگەپ، سىمابتەك سۇ ئۆركەشلەپ بېرىپ، بەشكېرەمدى-
كى ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ يەر ۋە باغلىرىنى قاندۇرۇپ، ئاندىن
خانئۆي ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەر - زېمىن، باغ - ۋارانلارغا
ئۆركەش ياساپ شارقىراپ - غارقىراپ ئېقىپ بېرىپتۇ. مۇشۇ
يىلدىكى سۇچىلىق بىلەن خانئۆي باغلىرىنىڭ يان تاملىرىدىكى
نان جىگدىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن دەسسەپ ماڭغىلى بولماپتۇ. قۇم-
باغ، سايباغلارنىڭ ئەنجۈر، ئۈزۈمى، لەڭگەرنىڭ ئۆرۈكلىرى،
ئىتلەنىڭ قوغۇن - كۆكچىلىرى، بويلىنىڭ يۇمىلاق ۋە سوقا
چىلانلىرى، كۇكاڭنىڭ پىستەلىرىنى يېيىشكە ئېغىز تېپىلماپتۇ.
مەمۇرچىلىق تولۇپ تېشىپ، ئاشلىقلار ئاشا - تاشا بوپتۇ. بۇ
خەۋەر خانغا يەتكەندىن كېيىن، «باغى» لارنى ئەپۇ ئۇمۇمىي
قىپتۇ. «باغى» دېيىلگەنلەرنىڭ ساقلىرى ئاغرىقلارنى، ياشلىرى
قېرىلارنى يۆلەپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۆلگەنلەرنىڭ
ھاياتلاردىن كۆپلۈكى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققان خوتۇن بالا -
چاقىلىرىنىڭ يىغلىغانلىرى كۈلگەنلەردىن كۆپرەك ئىكەنلىكىدىن
بىلىنىپتۇ.

شاۋاز قارىي ئىتلەگە كىرگەندە قېرى ئانىلاردىن تارتىپ
ياش، ئوماق باللارغىچە ھەممىسى بېشىدىن پۇتىغىچە تاۋاپ قىپ-
تۇ. ئۇنى قوللار سىلاپتۇ، يۈزلەر كۈلۈپ بېقىپتۇ، كۆزلەر
ياشلار بىلەن يولىغا سۇ سېپىپتۇ. دادىسىدىن يېتىم قالغاندىن
كېيىن ئانىسى ئەپروزىخان بېقىپ، يىگىت كامالىغا يەتكۈزگەن
ئانا ماكانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، شاۋاز قارىينىڭ ئالدىغا
يا ئانىسى، يا تاغىسى، يا دوستى رازىقلارمۇ چىقماپتۇ، ھەتتا
ئۆزى لوكىنى ئېتىپ كەتكەن ئىشىكمۇ ئېچىلماي، ئۇنىڭدا قانا-
ئەتسىز ئۆمۈچۈكلەر شىكار ئۈچۈن تارتقان تورلىرى ۋە چۈشۈر-
گەن ئوۋلىرى بىلەن بىللە قوشۇلۇپ ماكان تۈتۈپ يېتىشقانلىقىنى
كۆرۈپ، كۆڭلى يېڭىدىن بۇزۇلۇپتۇ، بېشى پىررىدە قېيىپتۇ.
شاۋاز قارىي ئارقىسىغا يانغانچە قۇمالتاغقا قاراپ مېڭىپ، تاغ
ئۈستىگە ئۆرلەپتۇ. ئۇ ئارقىسىغا قاراپ: «ھەي مېنىڭ تۇغۇلۇپ

ئۆسكەن دىيارىم بەشكېرەم . ساڭا مەن پاتمىدىم» دېگەندە ، ئەمدى پېتىۋاتقان قۇياش ئۇپۇقتا ھېجىيىپ كۇلۇپ تۇرغانىكەن .

قولىغا سېۋەتلەردە پىشقان ئەنجۇر ، قولتۇقىغا ساپسېرىق قوغۇن ، ياغلىقلاردا قاتلىما بىلەن ئاق تالنىڭ شىگگىل ئۇزۇملىرىنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلەر ، چۆچۈرە ، پولۇ ، قايماق پوشكىلى ، ھورنان ... ئەكەلگەن تونۇش - بىلىشلەر قاتار تۇرۇشۇپتۇ . تاغ يولى تەرەپتىن قوي پادىلىرىنى ھەيدەپ كەلگەن ئىككى بالا شاۋاز قارىيىنىڭ تاغ ئۇستىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن ، ھەممىسى «گۇلخۇمارغا چىن ئاشىق بولمىسا ، ئۇچ يىلدىن بېرى ياتمىغان ئۆيىدە يەنە بىر كۇنمۇ تۇرماي ، گۇلخۇمارنىڭ يۇرتى ئالتىن ئاتۇشقا قاراپ ماڭامدۇ؟ ئۇلار جاھاندا ئۆتكەن يەتتە ئاشىق - مەشۇقنىڭ سەككىزىنچىسى ئوخشايدۇ» دېيىشكەن ۋە ئەكەلگەن يېمەكلىك ، نەرسە - كېرەكلىرىنى ئۇ ئۆيدە يوق بولغىنى ئۇچۇن ياندۇرۇپ كېتىشكەن .

ئىشق - ئەڭ نازۇك ، ئەڭ ئەۋرىشىم ، شۇنداقلا سىرلىق ھېسسىيات ، ئىنسان قەلبىنىڭ ئۆركىشى . ئۇ بەزىدە پىنھان ، بەزىدە ئاشكارا ، بەزىدە يېقىملىق ۋە گۇزەل كۆرۈنىدۇ . ئۇ ئىشق ئەھلىگە گاھى ھىجران ئازابى ئاتا قىلىدۇ ، ئىشق يولىدا جان پىدا قىلغۇچىلارغا ، پاك ئىشقنى قەدىرلىگۇچىلەرگە ۋىسال لەززىتىمۇ ئاتا قىلىدۇ . ئىشق ئەھلى جاپادىن زارلانمايدۇ ، بەلكى ئىشقنىڭ پۇتمەس - تۇگىمەس كۇچ - قۇدرىتى ئارقىلىق مۇشەققەتنى يېڭىپ كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتەلەيدۇ .

## 3

«ھەزرەت سۇلتان» مازىرىغا زىيارەتكە كەلگەنلەر ئادەتتە مەشھەدلىكلەرنىڭ ئۆيىگە تۆت - بەشتىن تارقىلىپ قوناق بولاتتى . يەكشەنبە كۇنى ئالتىن ئاتۇشقا چىقىپ قونۇپ ، ئەتىسى دۇشەنبە كۇنى بازاردا سەيلە قىلىپ ، كېچىچە قايتىدىغان قىزىلبو-

يىلىق ئۇرايىم كاۋاپ[1] قاتارلىقلار چوماق ـ كالتەكلەرنى پەيزاۋات هارۋىسىغا بېسىپ كېلىپ ، ئەھمەد سەھھابچىنىڭ دۇكىنى ئۇدۇلىدىكى سارايغا چۈشەتتى . چەكمەن ـ چوتادىن تىكىلگەن پۇل خالتىسىنىڭ يانپېشىدا ساڭگىلاپ تۇرۇشى ئۇلارنىڭ ناشايان ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى .

بۈگۈن دۈشەنبە بازار كۈنى بولۇپ ، ئەھمەد سەھھابچى ئەتىگەندە دۇكاننى ئېچىپ ، ئىچىنى تازىلاپ ، كىتابلارنىڭ توپىلىرىنى سۈرتۈپ ، قېقىشتۇردى . شۇ چاغدا ، شاپاق دوپپىسىنى قىستۇرۇپ كىيگەن ، چاپانىنىڭ چەپ يېڭىنى چىقىرىپ ئوڭ دولىسىغا تاشلىۋالغان ، بېلىنى مايسىرەڭ شايى بەلۋاغدا باغلاپ چۈچىلىرىنى ئالدىغا كەلتۈرگەن پەيزاۋاتلىق ھېلىقى نوچىلار ئۇدۇلدىكى سارايدىن چىقىشتى . ئەھمەد سەھھابچى ئۇلارغا زوق ـ شوخ بىلەن قاراپ تۇراتتى ، سۆلەتلىك بىر كىشى كېلىپ :

— ھەي ، مۇقاۋىچى بۇرادەر ، — دېدى .

ئەھمەد سەھھابچى قارىسا ، يۇرتىنىڭ كاتتىسى نادىرخان خوجا ئىكەن .

— كەلسىلە خوجام ، قېنى مەرھەمەت ، — دەپ ئولتۇرۇشقا ئورۇندۇق قويۇپ ، ئۇنىڭدىكى توپىنى ئۆزۈن چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن ئېرتتى ۋە قايتا سۆلكەت بىلەن تەكلىپ قىلىپ ، ھال ـ ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن ، كېلىش سەۋەبىنى سورىدى . نادىرخان خوجام ئارقىسىدا ئۇرالغان كىتابنى كۆتۈرگەن چاكىرىنىڭ قولىدىن كىتابنى ئېلىپ ، يېشىۋېتىپ :

— بۇ كەمياب كىتاب ئەبۇل غازى بەتنىنى رەھمەتۇللائەلەيھى رەھمە ئۆز قولى بىلەن يازغان «تەزكىرەتۇلبۇغرا» بولۇپ ، خانىمىزدا ساقلىنىپ كەلگەنىكەن . توي مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆينى يىغىشتۇرغاندا چىقىپ قالدى . قارىسام ، بىر ئاز پەجمۇدە بولۇپ

① ئۇرايىم كاۋاپ — ئەينى چاغدىكى ئاتۇش سەيلىسىدە ئالتە چىشلىق توپاقنى بىر قېتىمدىلا كاۋاپ قىلىپ يەپ بولغان كىشىمىش .

قاپتۇ . شۇڭا ، قىزىقىشقا ئەكەلدىم . مۇقاۋىلاپ تۈزەتسەك ، — دەپ كىتابنى سۇندى .

ئەھمەد سەھھابچى كىتابنى ئېلىپ ، ئىچىنى ۋاراقلاپ كۆزلىرىگە سۈرتتى ۋە :

— مەن ئۆز كەسپىمدە سابىر بولغان 40 نەچچە يىل مابەينىدە خەتتى ئەرەبى ، خەتتى پارىسى ، خەتتى كۇفى ، خەتتى ئىبرانى ، خەتتى نەسخى[1] نۇسخىلىرىدا يېزىلغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى كۆرگەن . لېكىن ، مۇنداق گۈزەل خەت - پۈتۈكنى كۆرمەپتىكەنمەن . ئەبۇل غازى بىننى مۇھەممەد ھەزرەت «جامال قارشى» ئۇنۋانى بىلەن مەشھەدنىڭ شەرقىدىكى «ھەزرەت سۇلتان مەدرىسەسى»[2] دە تەھسىلى كامالەت ھاسىل قىلىپ ، سۇرراھ دىۋانىغا تولۇقلىما يازغان زاتتۇر . ئۇ كىشىنىڭ يەنە مۇنداق ئەسىرى بارلىقىنى ئەمدى ئۇقتۇم ، — دېدى .

ئەھمەد سەھھابچى خەتتاتلىقنى ياخشى چۈشىنەتتى ، لېكىن ماۋۇ سۆھبەتدىشى بولسا قىلچە خەۋەرسىز ئىدى . شۇڭا ، بۇ مەسىلىدە نادىرخان خوجا بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشنى ئورۇنسىز چاغلىغان ئەھمەد سەھھابچى گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى :

— خوجام ، جانابلىرىنىڭ تويى ئىشىنى يەيمىز دەپ ، ئوچاق - مورىلارنى چاپلاپ ئەتكەنىدۇق ، لېكىن كالا گۆشىدىن بىر بەزمۇ تەگمىدى . بۈگۈن ئۆزلىرى يەنە تويىنىڭ گېپىنى دەپ قالدىلا . ئۆي كۆيۈپ كەتسىمۇ ، توي كۆيۈپ كەتمەس - ھە .

— ئارى ، توي كۆيمەيدۇ . ئەمما ، ئوغلۇم سۇنئۇللا خوجام بىزنى دورىغان بالا بولماپتىكەن . سىلى بازاردا ئۇزاقتىن بار ،

---

① ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھۆسنىخەتلەرنىڭ نۇسخا - شەكىللىرى .

② بۇ مەدرىسەگە ئۆز دەۋرىدە قەشقەر ، يەكەن ، خوتەن ، تۇرپان ، كۇچا ، ئاقسۇ ، قۇمۇل... دىن ئىلىم تالەپكارلىرى كېلىپ ئوقۇغان . ئاش - تامىقى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ ۋەخپە كىرىمىدىن چىقىم قىلىنغان . دىنىي دەرسلەر ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، ئاسترونومىيە ، تەبىئەتشۇناسلىق ، ئىلمىي تىب ، جەرراھلىق ؛ تۆۋەن سىنىپلىرىدا ئابدۇراھمان جامىي (1414 — 1492) نىڭ «كۇللىيات جامى» ، نەۋائىينىڭ «خەمسە نەۋائى» ، شەيخ سەئدى (1203 — 1292) نىڭ «بوستان» ، «گۈلىستان» ناملىق ئەسەرلىرى قوشۇپ ئوقۇتۇلغان .

بىزنىڭ بالىلىق ، ياشلىق چاغلىرىمىزنىمۇ ، ئۇيان - بۇيان تاما-
شالىرىمىزنىمۇ ئوبدان بىلىسىلە ، ياشلىقىمىزدا يۇرت ئىچىدە بىز
قولىنى تۇتمىغان تەگتۇش چوكان - جۇۋانلار يوق ھېسابتا .
ئەمما ، ئوغلىمىزنىڭ مىجەزى بەك بوش تۇرىدۇ .

— ھا ، ھا ، ھا ، ھا … شۇنداق خوجام ، — دېدى ئەھمەد
سەھھابچى پەيتنى كەلتۈرۈپ ، — سىلىنىڭ سۇنئۇللا خوجام
سىلىنىڭ ھەممە زانىلىق قەرزلىرىنى بىر كۈندە خارج قىلىدى-
غان ، نېسىنى بېرەلەيدىغان ئاق تۇمشۇق بالا بوپتۇ . دوستلىرى-
نىڭ «ئۇ ئەگەر گۈلخۇمارغا ئۆيلىنىپ قالسا ، قانداق ئەھدىسى-
دىن چىقىپ نەپەقە تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرەر» دەپ ، قايغۇرۇشۇ-
ۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم .

نادىرخان خوجا بۇ زۇۋانداراز سەھھابچىغا گەپ قىلىپ پايدا
ئېلىشتىن كۆرە ھەمىشە زىيان تارتىدىغانلىقىنى بىلىپ :

— شۇڭا ، سىلىگە گەپ قىلمايمەن ئەمەسمۇ ، — دەپ ،
ئورنىدىن تۇرۇپلا كەينىگە قارىماي كېتىپ قالدى .

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ، يەنى 11 -
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالتىن ئاتۇش مەشھەدتە مۇدەررىس جا-
مالىددىن قەشقەرىنىڭ دەرس باشلىشى بىلەن تەسىس قىلىنغان
«ھەزرەت سۇلتان مەدرىسەسى» دە ئوقۇغانلاردىن بىر بۆلىكى
ئالىم بولغاچقا ، تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىدىن
خەلقنى توسقان . شۇڭا ، ئالتىن ئاتۇش خەلقىدە خوجا ، سوپىلارنى
ياخشى كۆرمەيدىغان ، ئۇلارغا ئاشۇ ئەھمەد سەھھابچىدەك مەسخى-
رە كۆزى بىلەن قارايدىغان پسىخىكا يېتىلگەن .

ئۇستۇن ئاتۇش ئېكىساقتىكى «سۇلتان ئەجەم» مازىرىغا
نۇرغۇن يەر - زېمىن ، سۇ ۋەخپە قىلىنغان . بۇ يەرگە نەرسە
ئېلىپ كېلىدىغانلارمۇ كۆپ . ئېيتىلىشىچە ، بۇ مازارنىڭ شەيخى

ھەبىب ئەجەم ئىراقنىڭ بەسرە شەھىرىلىك بولۇپ، ئۇستازى ھەسەن بەسرى ئىكەن. ھەبىب ئەجەم بىر كىچىسى چۈشىدە ھەزرىتى ئەلى بىلەن كۆرۈشكەن، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئائىلىسىدىكىلەر، 40 سوپىسى ۋە نۇرغۇن مۇرىتلىرى بىلەن كەلگەن ھەبىب ئەجەم ئۇستۇن ئاتۇش ئىكىساقتىكى «سۇلتان ئەجەم» مازىرىغا شەيخ بولغان. خانىقا قۇرۇلۇشىنى قىلغاندا ئۇنىڭ 40 سوپىسى قاتناشقان، خانىقا ياغاچلىرىنى قومۇشلۇق دېگەن جايدىن قارا پالۋان دېگەن سوپى باش بولۇپ ئەكەلگەنىكەن. بۇ خانىقادا ھەبىب ئەجەمگە مۇرىت بولغان كىشى 1002 نەپەر. ئۇلاردىن 10 كىشى ۋايىغا يەتكەن، ئىككى كىشى خەلىپە بولغان. شىئە مەزھىپىدىكى نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن پارس تىلىدا يېزىلـ-غان «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» ① دا: «شەيخ ھەبىبنىڭ ھۇزۇرىدا قۇرئان ئوقۇلسا، ئۇ قاتتىق يىغلايتتى. ئولتۇرغان كىشىلەر: ‹سىز ئەجەمدۇرسىز، قۇرئاننى بىلمەيسىز، نېمە ئۈچۈن يىغلاي-سىز؟› دەپ سورىسا، شەيخ ھەبىب: ‹مېنىڭ تىلىم ئەجەم، دىلىم ئەرەب› دەپ جاۋاب بەرگەن» دېيىلگەن.

قەشقەر كاتتىلىرى مەسلىھەتلىشىپ: «يۇرتىمىزغا ھەبىب ئەجەم دېگەن شەيخ كېلىپ، تەسەۋۋۇپلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنى يولدىن چىقىرىپتۇ. بىز ئۇنىڭغا ئىشنى يىغىشتۇرۇش توغرىسىدا گەپ قىلايلى. ئەگەر ئۇنىمىسا، ئۇنى ھەيدەيلى» دې-يىشكەن. بۇ مەسلىھەت بويىچە بىرقانچە شاگىرتلىرى بىلەن چىققان بىر دانىشمەن كىشى شەيخ ھەبىب بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇپ كەتكەن، ئارقا ـ ئارقىدىن بىرقانچە قېتىم چىققان كىشىلەرمۇ مۇرىت بولۇپ كەتكەن. شەيخ ھەبىب ئەجەم

① بۇ تەزكىرىنىڭ ھەبىب ئەجەمگە مۇناسىۋەتلىك 6 ـ بابىنى ناسىر ئىبىن مىرخىلىل پارس تىلىدا كۆچۈرۈپ قالدۇرغان. ئۇنى ئۇستۇن ئاتۇش دېھقانلار كەنتىدىن سەلەي داموللاھاجىم (1894 ـ 1957) 1938 ـ يىلى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

1231 ـ 1232 ـ يىللىرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇستۇن ئاتۇش خەلقى خانىقا پائالىيەتلىرىگە ئاچچە قىزىقمىغان . يېقىنقى يىللارغىچە ئالتىن ئاتۇشتا سوپىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولغان .

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قول بەرگەن پىر ـ ئۇستازى خوجا مۇھەممەد شېرىپ ① ئۇچۇن يەكەن ، قاغىلىقلاردا خانىقا ياسىتىپ بېرىشتىن سىرت ، ئالتىن ئاتۇش مەشھەد كەنتىدە تۆت خانىقا ياسىتىپ ، خادىم بەلگىلەپ بەرگەن . ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى ۋە جۈمەدىن كېيىن ، سوپىلار بۇ خانىقالارغا يىغىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ، بىراق باشقا يۇرتلاردىكىگە ئوخشاش كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتالمىغان ...

بازار كۈنى كەچتە ئەھمەد سەھھابچى دۇكاننى ئېتەي دەپ تۇرغاندا ، شاۋاز قارىي جۇلجۇل كىيىنگەن ، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسكەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ كىرىپ كەلدى . ئەھمەد سەھھابچى جاۋاب سالام قايتۇردى ـ يۇ ، لېكىن بىر ئاز سەمرىپ قالغان شاۋاز قارىينى تازا تونۇيالماي بىر پەس قاراپ تۇردى . دەرۋەقە ، ھەربىر كىشى ئاۋۋال تاشقى قىياپىتىگە قاراپ قوبۇل قىلىنىدۇ . كېيىن ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە قاراپ تەقدىرلىنىدۇ . مانا ، ئەھمەد سەھھابچىمۇ ئۇنىڭ ئىككى دولىسىدىن چىڭ تۇتۇۋېلىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ، ئۆيىگە بىللە ئەكەتتى ۋە دەرھال ئوغلىنى ئەۋەتىپ نورۇزنى قىچقارتىپ كەلدى . ئۇچەيلەن بازار ئاخشىمى ئېرىك قوي گۆشىدە سېلىنغان شورپا ۋە ئاتۇش چۆپىنى تاناۋۇل قىلىشقاچ ھۇزۇرلۇق سەرگۇ-

① خوجا مۇھەممەد شېرىپ سەيلا — ھازىرقى قازاقىستاننىڭ چىمكەنت دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان بولۇپ ، سەئىدىيە خانلىقىدا 10 يىل تۇرغان . «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» تەزكىرىسىدە : «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى توركەن خاتۇن سۇلتان ئىلىك مازىغا ياتلىق قىلىنغان . بۇ كىشىدىن بىر قىز تۇغۇلۇپ بالاغەتكە يەتكەندە ، ئۇنى كامالىددىن دېگەن كىشىگە ، يەنە بىر قىزىنى سەمەرقەنتلىك جالالىددىننىڭ ئوغلى ماھاۋۇددىنگە بەرگەن . ئۇنىڭدىن خوجا مۇھەممەد شېرىپ تۇغۇلغان . خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ ئانىسى زۇلەيخا بېگىم ئىدى» دېيىلگەن . خوجا مۇھەممەد شېرىپ بولسا ، ئاپپاق خوجا (ھىدايىتۇللا ئىشان) نىڭ بوۋىسىدۇر .

زەشتلىرىنى سۆزلەشتى . ئەھمەد سەھھابچى بۇگۇن نادىرخان خو-جىنىڭ قولىدىكى ئىبسىل تارىخىي كىتابنى شىرازلاش (مۇقاۋى-لاش ) ئۈچۈن دۇكانغا كەلگەندە ، پەيت ئۆتكۈزمەي ئۇنىڭ يۈزىگە دېگەن ئەھۋالنى سۆزلەپ كېلىپ :

— ئاڭلىشىمچە ، ئۇنىڭ گۈلخۇمارنى ئېلىپ بېرىمەن دەۋات-قان ئوغلى سۇنئۇللا خوجا ئەرلىكىنى يوقاتقان ھوسبەشلەردىن ئىكەن . نادىرخان خوجا ياش ۋاقتىدا پاھىشىۋاز ئادەم بولغىنى ئۈچۈن ، نومۇس قىلماي بۇ ئىپلاس كەسپىدىن پەخىرلەنگەندەك قىلدى . مەنمۇ دەرھال ئۇنىڭغا «سەن ئۇنداق ئەسكىلەردىن بول-ساڭ ، ئوغلۇڭ مۇنداق ئەسكىدىن» دەپ ، ئۇلارنىڭ شەرمەندىلى-كىنى يۈزىگە ئۇردۇم ، — دېدى .

نورۇز بىلەن شاۋاز قارىي قورساقلىرىغا سانجىق تولۇپ كەتكۈچە تولغىشىپ ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ : «تازا جايىغا چۈش-كەن ، ھازىر جاۋاب بولۇپتۇ» دېدى . ئەھمەد سەھھابچى سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغدا ، نورۇز مەشھەد بازىرىدا گۈلخۇمارنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ ، شاۋاز قارىينىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە مۇنتەرىزلىكىنى ، قارىينىڭ قولىنى تۇتمىغۇچە ھېچقانداق نامەھ-رەم ئەر كىشىنىڭ قول ئۈچىنى تۇتمايدىغانلىق ئىرادە - نىيىتى-نى تەكرار بىلدۈرۈپ ، قارىيدىن ئىككىلىك خەت سورىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ «كېلەر ھەپتە جاۋاب يەتكۈزىمەن» دەپ ۋەدە بېرىپ ئەتىسى بەشكېرەمگە بارسا ، قارىي «باغى» بولۇپ ، ئارا بۇلاققا سۈرگۈن قىلىنغان ئەھۋالنى ئاڭلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى .

— مەن گۈلخۇمارنى كۆرۈشكە ئاسان ھەم يېقىنراق دەپ ، قۇمالتاغ ئۈستىدىن مېڭىپ توغرا لەڭگەرگە چىقىمەن دەپ بىر-نەچچە قېتىم يولدىن ئادىشىپ تەمتىرەپ قالدىم . مەن تاغ ئىچىدە تېنەپ يۈرگەندە ، ھەتتا ئادەم دېسە ئادەم ئەمەس ، جەرەن دېسە جەرەن ئەمەس ، ئاجايىپ بىر مەخلۇققا ئۇچراپ تېنىم ئەيمەندى .

شاۋاز قارىي سۆزلەۋاتقاندا ، ئەھمەد سەھھابچى كىرىپ كەل-دى . ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى :

— ئاخىرىدا مەن بىزنىڭ لەڭگەر كەتتىدىن سىلەرنىڭ لەڭ-
گەر كەتتىگە ئۇدۇللاپ يول ئېلىۋاتقاندا ، بىزنى خانىنىڭ سىپاھىلى-
رى سۇر - توقاي قىلىپ «باغى» لار دەپ غانجۇغانغا ئەكەتتى .
بەختىمىزگە ئاق سۇ دەرياسى مەۋج ئۇرۇپ ، خانئۆينىڭ
بۇلۇڭ - پۇچقىقىدىن بەشكىرەمنىڭ يىغىئاۋاتلىرىغىچە لەبالەب
سۇغا قېنىپ ، يەل - يېمىش ، زەل - زىرائەتلەرگە ، ئۆي -
ۋارانلار ، خانىنىڭ داخۇركالۋا ئامبارلىرىغا قەدەر تولۇپ ، مۇشكۇ-
لىمىزگە ئاسايىشلىق يۈزلەندى . شۇنىڭدىن كېيىن ئەپۇ ئومۇمىي
بولۇپ ، سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۇپ ، دىدار قۇرۇشمىقىمىز دىدار
نېسىپ روزى بولدى . بۇ ئۇلۇڭ كەلگەن ئىشلار خۇددى «ياخشى
گۆشتىن ياخشى شورپا» بولغىنىدەك خەيرى خاسىيەتلىك بولدى .
ئەگەر يەنە سۇ كەلمەي ، ئىلياس ئەلەيھىسسالام سۇنى تارتىۋەتكەن
بولسا ، كۆرىدىغىنىمىز كۆرمىگەندىن كۆپ بولاتتى . ھەر ھالدا
ئىككى كەتتىنىڭ غانجۇغانغا بارغان كىشىلىرىدىن ھايات يېنىپ
كەلگەنلىرى ھەشمىشكە [1] گە تەڭ دېسەم لاپ بولار ، چارەك[2]
كە تەڭدەك تۇرىدۇ . مەن ئۈچ يىلدىن بېرى مۇشۇنداق كارامەت-
لەرنى كۆرۈپ ، يۇرتقا كەلسەم ، بىزنىڭ يۇرت گويا بىر گۆرىس-
تانلىق بولۇپ ، ئۇ يەردىكىلەر خۇددى زاراتگاھلىقتىكى ئۆلۈكلەر
كېپەنلىكىنى دولىسىغا ئارتىپ چىقىپ بىزنى ئىستىقبال قىلىۋات-
قاندەك ، ھەممىسى قېرى خوتۇن ، ئۇلارنى كۆرۈپ ، پۇتكۇل -
ئىچ - باغرىم شۇررىدە ئېقىپ كەتكەندەك بولۇپ ، «كۆزۈممۇ
كۆرمىسۇن» دەپ تاغدىن ئېشىپ ، ئاۋۋال قۇمالتاغقا تەزىم قى-
لىپ ئۇنى ئايلىنىپ ، تاغنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئالتىن ئاتۇش
تەرەپكە تەلمۈرۈپ ، گۇلخۇمارنىڭ ھىجران پىراقىدا كۆزۈمدىن
يامغۇردەك قان - ياشلار ئاق قۇزۇپ ، ۋىسال ئارزۇسىدا تەلپۈن-
دۇم . ئۇنىڭ ئىشق - مۇھەببىتى مېنى بۇ ئازاب ۋە سەرسانلىقلار-

---

① ھەشمىشكە — سەككىزدىن بىر .
② چارەك — تۆتتىن بىر .

غا گىرىپتار قىلدى . ئەگەر ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي ھىجران ئازابىدا بۇ دۇنيادىن كەتسەم ، مېنىڭ قەبرەمدىن جىسمىمدىكى ئۇنىڭغا بولغان ئىشق ـ مۇھەببىتىم مېھرىگىياھ سۈرىتىدە ئۈنۈپ چىقىپ ، ئۇنىڭ ھەربىر بەرگى زۇۋانىغا كېلىپ ، مېنىڭ پىراق دەشتىدە چەككەن جاپا ـ رىيازەتلىرىمنى ۋە بۇ يولدا ئاقتۇرغان قان ـ ياشلىرىمنى بىرمۇبىر بايان قىلغۇسى . مەن بىرقانچە يىلدىن بېرى مانا شۇنداق ئازاب ـ ئوقۇبەت ، يۈكلەرنى ئۈستۈمگە ئارتىپ سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا كەلدىم . سىلەرگە دەرد ـ ئەھۋا-لىمنى تۆككەندىن كېيىن يەلكەمدىكى يۈك يەڭگىپ ، ھاردۇقۇم چىقتى ، — دەپ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى .

ياشلار ئىككى قۇۋۋەتنىڭ ، ئەقىل ۋە نەپسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولىدۇ . ئەقىل تەسىرى غالىب كەلسە ، ئۇلار ھەر تۈر-لۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ چىقىدۇ . راھەت ۋە پاراغەتكە ئېرى-شىدۇ . ئەگەر نەپسىنىڭ تەسىرى غالىب كەلسە ، بۇنداق ياش پالاكەت ۋە ھالاكەتكە دۇچار بولىدۇ . ئەھمەد سەھھابچى بىلەن نورۇز بولۇپ ئۆتكەن تۈرلۈك ۋەقەلەرنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ-غا تەسەللىي بەردى . ئەھمەد سەھھابچى تارىخ كىتابلىرىنى كۆپ ئوقۇغان ، ھەربىر سۆزىدە كىتابتىن ، تارىختىن مىسال ئالىدىغان بىلىملىك كىشى ئىدى . ئۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قەدىمە-كى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىگە سەمىمىي ۋارىسلىق قىلىپ ، «غەيرىي» بىر ئىش قىلغانلىقىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى :

— ئەينى چاغدا ، خاندانلار ئائىلىسىنىڭ ئۆز نەسەبىدىكى-لەردىن باشقىلارغا ئۆيلىنىشى ياكى قىز بېرىشى ئۆز جەمەتى ئۈچۈن ئەيىبىي «ھاقارەت» دەپ سانىلاتتى . ئابدۇرەشىدخان

«ھەممىمىز ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ باللىرى» دەپ ، بۇرۇنقى خانلارنىڭ قائىدىلىرىنى بۇزۇپ ، «قارىچۇق» دەپ قارىلىدىغان دېھقان قىزى ئامانىساخاننى ئەقىدە ـ نىكاھىغا ئېلىشى ئوردىدا زور غۇلغۇلىغا سەۋەب بولغان . لېكىن ، خان ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىدا چىڭ تۇرۇپ ، يارلىق ۋە سۆھبەت سورۇنلىرىدا خوتۇن ـ قىزلارنىڭ پەزىلەت ، خىسلەت ، خىزمەتلىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن . توي خۇتبىسىگە «... ئەللىكتىن بىرى خانغا تەيىن تاپتى» دېگەن ئىمزانى قوشۇپ ، يىگىت ـ قىز ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن بولغان توي خىراجىتىنىڭ ئىككى پىرسەنتى دۆلەت خەزىنىسىگە تەۋە بولۇش تۈزۈمىنى ئېلان قىلىپ ئىجرا قىلغان .

ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىمىزنىڭ غورۇرى بولغان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدا ، «ئىبرالىشىمىز» دەپ مەھكىمىلەرگە بارىدىغانلار ئەلدە ناھايىتى ئاز بولغان دېيىلىدۇ . چۈنكى ، ئاياللار مەسىلىسىدە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئىنساپ ۋە ئادالەتنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ ، ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە ئىمتىيازىغا مۇناسىۋەتلىك خېلى كۆپ ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغان . تۆۋەندىكى ھېكايەت ئاشۇ دەۋردىكى ئەر ـ ئاياللىرىمىزنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ دەلىلى :

ھۈسەيىن بۆزچى ھەر پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە بىر ھەپتىدىن بۇيان توقۇغان خاملىرىنى يول چاۋىرى بىلەن «ئىسرىق» لاپ ، بازارغا ئاپىرىپ ئېلىشىغا ساتاتتى ، ئاندىن يىپ بازىرىغا بېرىپ ، ھەپتىلىك تىرىكچىلىككە تۇشلۇق يىپ سېتىۋالاتتى . ئاشقان پۇلغا ئۇن ـ ياغ ، سەۋزە ـ گۆش ، تۇز قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ

قايتاتتى . يېقىندىن بۇيان ھۆسەيىن بۆزچى ھېرىپ ـ ئېچىپ ئىشىكتىن كىرسە ، خوتۇنى زىلەيخان بۇرۇنقى چاغلاردىكىدەك ئېرىنىڭ ئالدىغا خۇش چىراي چىقىپ ، ئۇنىڭ قولىدىن نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئالمايدىغان بولۇۋالغانىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە زىلەي- خان ئاخىرقى تۇغۇتىدىن كېيىن قاپقىدىن قار ، كىرپىكىدىن مۇز تۆكۈلىدىغان بولۇپ قالدى . بۇنى ئاز دەپ ھەممىشە ئېرىدىن پۇلنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ ، پۇل ساندا ئېگىز ـ پەسلىك كۆرۈل- سە ، جېدەل قىلاتتى .

بىر بازار كۈنى بازاردىن بالدۇرراق قايتقان ھۆسەيىن بۆزچى ھويلا ئىشىكىدىن كىرىشىگىلا ، نېرۋىسى ئاجىزلاپ قالغان زىلەي- خان ئېرىدىن خام ساتقان پۇلنىڭ ھېسابىنى ئالسا ، 16 تەڭگە كەم چىقىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن زىلەيخان «پۇل نەگە كەتتى ؟» دەپ ئېرى بىلەن جېدەللىشىپتۇ ، جېدەل ئەدەپتۇ . ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن ھۆسەيىن بۆزچى تەسلىكتە يۈدۈپ كەلگەن نەرسىلىرىنى تاشلاپتۇ ـ دە ، ئاچچىقىغا پايلىماي ، خوتۇنىنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپتۇ ، ئاندىن ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇللا ئوردىغا كەپتۇ . خەلقنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەرز ـ دادلىرىنى ئۆزى ئاڭلاپ ، ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھۆسەيىن بۆزچىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنىڭ ئەرز ـ دادىنى سوراپتۇ .

ھۆسەيىن بۆزچى : «خوتۇنۇم بىلەن ئارىمىزدا مۇھەببەت قالمىدى . خانىمىزدا جېدەل ـ ماجىرادىن باشقا ئارامخۇدا ، خا- تىرجەم ئولتۇرىدىغان كۈن يوق . ماڭا دائىم تاپا ـ تەنە قىلىدۇ ، دەشنام بېرىدۇ ، مەندىن ھېساب ئالىدۇ . شۇڭا ، ئېرىلىشىپ كېتىشنى نىيەت قىلىپ ، ھۇزۇرلىرىغا داد ئېيتىپ كەلدىم»

دەپتۇ . سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ، مۇنداق دەپتۇ : «خوتۇنلىرىمىز ھەمىشە بىزنىڭ دەككە-مىز ۋە ئاچچىقىمىزنى كۆتۈرسە ، تاپا - تەنىلىرىمىزگە چىدىسا ، خام كۆتۈرۈپ كىرگەن يېمەكلىرىمىزنى پىشۇرۇپ ، ئوبدىنىنى ئاۋۋال بىزگە يېگۈزسە ، خانىمىزنى ئىسسىتىپ يورۇتسا ، ئۇس-سۇزلۇقتا تەشنا بولغىنىمىزدا سۈت ، شەربەت ، چاي بەر-سە ، كىر - قاتلىرىمىزنى يۇيۇپ ، ئۇستۋاشلىرىمىزنى پاكىزلى-سا ، كىيىم - كېچەك ، يوتقان - تۆشەكلىرىمىزنى تىكسە - ياماسا ، ئارزۇيىمىزنى قاندۇرۇپ ، پەرزەنتىمىزنى توققۇز ئاي ، توققۇز كۈن بويىدا كۆتۈرسە ، سۈتىنى ئەمدۈرۈپ ، ھۆللىرىنى قۇرۇقداپ ، ئوت - سۇدىن ساقلىسا ، ئاغرىق - سىلاقتىن خەۋەر ئېلىپ چوڭ قىلسا ، بىر - بىرلەپ ئەكىرگەن بىساتلىرىمىزنى جۇغلاپ ئائىلىمىزنى بېيىتسا ؛ ئاتا - ئانا ، بىر تۇغقان ، دوست - بۇرادەر ۋە مېھمانلارنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ ، ئۇلار ئالدىدا پايمال بولۇپ ، نازۇنېمەت داستىخانلىرىمىزنى راسلىسا ؛ دەردىمىزگە دەرمان بولۇپ ، كۈن - تۈن سىردىشىمىز بولسا ··· شۇنچە ياخشىلىقلىرىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرمەي ، ئىبرالىشىمەن دېگەن سۆزنى ئاغزىڭدىن چىقارماقچى بولۇۋاتامسەن ؟ ! سېنىڭ قەيىرىڭنى ئەر كىشى دېگىلى بولار ؟ خانىدانىمىز تەۋەسىدىكى ئەر كىشى سانىلىدىغانلار ئۆز ئۆيىنىڭ يۈكىنى ئۆشنىسىدە كۆتۈرۈپ كېتەلمىسە ، خانىدانلىقىمىزدەك بۇ زور ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش مۈشكۈلدۇر .»

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ھۇسەيىن بۆزچىگە يەنە مۇنداق دەپتۇ :

«كۆلبەڭ (ئۆيۈڭ) دە خوتۇنۇڭنىڭ بىر كۈن بولمىغان كۈننى ئويلاپ باق. روزىغارىڭدىن بوران ئۇچۇپ، كەيپ ـ ھالىڭدىن ۋەيرانلىق ئەكس ئېتىدۇ. تالاق سۆزىنى ئاغزىڭدىن چىقىرىش مەرد ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. ئۇ، مەبغۇز (غەزەپلەنـ. گەندە ئېيتىلىدىغان) سۆزدۇر. بۇنداق بىلازىم سۆزنى ئېيتىش نومۇسسىز كىشىلەرگە ئاسان، ئەمما ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن كېلىدىـ. غان دىشۋارچىلىقنى ھەل قىلىش تولىمۇ تەس. سەن جاھىللىق قىلىپ، ھېچكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايمەن دەپ قەسەمگە ئولتۇرـ. غان بولساڭمۇ، لېكىن سەبىي پەرزەنتلىرىڭنىڭ «دادا»، «ئانا» دېگەن پاك، سەمىمىي ۋە غەرەزسىز ساداسى، سالاسى ئالدىدا لەت بولۇپ، بوشىشىپ كېتىشىڭ ۋە قەھر ـ غەزىپىڭدىن قايتىشىڭ مۇمكىن.»

ئۇنىڭدىن كېيىن، پەردە بىلەن ئايرىلغان ھەرەمخانىدا ئابـ. دۇرەشىدخاننىڭ سۆزىدىن ۋاقىپ بولغان ئامانىسا خېنىم سۆز قوشۇپ مۇنداق دەپتۇ: «ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ئۆيىگە مۇھەببەت تولدۇرۇپ قويغىنى يوق. ئەلۋەتتە، ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلىپ، مۇھەببەتنى ئۆزى ئىزدىنىپ تېپىشى لازىم. شۇ چاغدا ئۆيدە ھەممە نەرسە تەل بولىدۇ. تۇرمۇشتا راھەت، خانىدە بەرىكەت بولىدۇ، — ئامانىسا خېنىم سۆزلەۋاتقاندا، ھۇسەيىن بۆزچى ئىنتايىن تەسىرلىنىپتۇ ـ دە، تېخىمۇ دىققەت بىلەن ئاڭلاپتۇ، — سىز بىلىسىزكى، كېپەنلىكنى ئادەتتە ئۆلـ. گەن ئادەملەرگە پىچىدۇ، ھاياتلارغا كېپەنلىك پىچىلمايدۇ. ھاـ. يات كىشىلەرگە كېپەنلىك پىچىلسا يىرگىنىپ قورققاندەك، بىز ئاياللار «تالاق» دېگەن سۆزنىڭ چىقىشىدىن شۇنچە يىرگىنىپ

قورقمىز . ئەر كىشىنىڭ ئانچىكى ئىشلارغا ۋەسۋەسە قىلىپ يۈرمىگىنى ياخشى ، دېمىسىمۇ بولىدىغان سۆز ۋە ئورۇنسىز ئىشـ
لارغا خاتا مۆلچەر پىچاسلىقى لازىم» .

خان ۋە خانىشىنىڭ سۆزىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھۈسەيىن بۆزچى ئۆز قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ، خاندىن ئەپۇ سوراپ ، خىجىللىق ئىلكىدە ئابدۇرەشىدخان ھۇزۇرىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئۆيىگە كەپتۇ . ھويلا ئىشىكىدىن ئەمدىلا بېشىنى تىققان ھۈسەيىن بۆزچىنى كۆرگەن خوتۇنى زىلەيخان يەنە جېدەل باشلاپـ
تۇ : «سەن مېنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ ھاقارەتلىگەننى ئاز دەپ ، مەھكىمىگە ئاپىرىپ خالىغىنىڭنى قىلماقچىمۇ ؟ ئەمدى سېنىڭ قانداق كارامەتلىرىڭ بولسا ، مەن بىر كۆرەي» دەپ ئېرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ .

قوللىرى موكا ئېتىشتىنمۇ ئىتتىك بولغان ھۈسەيىن بۆزچى «ئەستاغپۇرۇللا» دېگىنىچە ساقىلىنى تۇتاملاپ ، تامدەك قېتىپلا تۇرۇپتۇ . بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قىزى زىۋىدىخان دادىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ : «جېنىم دادا ، سەن بىزنىڭ يۈزىمىزگە قارا ، ئاچچىقىڭغا ھاي بەرگىن . يېقىندىن بۇيان كېسەلنىڭ كۈچى بىد-
لەن ئانامنىڭ سەۋداسى ئەدەپ كەتتى» دەپ يالۋۇرۇپتۇ . بۇ چاغدا زىۋىدىخاننىڭ ئاكىسى ھەسەن كېلىپ ، ئانىسىنىڭ قولىغا ئېسىد-
لىپ : «مېھرىبان ئانا ، دادامنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەر . سەن ھەمىشە بىزگە يېتىملىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقانلىقىڭنى سۆز-
لەپ ، ‹بۇ ئۆي كاككۇك بىلەن زەينەپنىڭ ، يەنى دادالڭ بىلەن ئاناڭنىڭ مىڭ تەسلىكتە قۇرغان ئۇۋىسى› دەيتتىڭ . ئەمدى بۇ ئاۋات ئۇۋىلارنى بۇزۇشقا قانداق چىدايسىلەر ؟» دەپ ، سىڭلىسى

بىلەن تەڭلا يىغلاپتۇ . ئىككى جۈپ پاك كۆزدىن ئاققان ياشلار ئاتا ـ ئانىنىڭ دىلىدىكى غەشلىكنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ ، دىللىرىدىكى ئاداۋەتنى يۇمشىتىشقا مەلھەم بوپتۇ .

ھۆسەيىن بۆزچى : «باللىرىم ، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار توغرا . ئاناڭلار بىلەن ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى ئوبدان چۈشىنىپ ، روزىغار قۇرۇپ سىلەرگە ئاتا ـ ئانا بولدۇق . ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن خانىمىز بەرىكەت تاپقان . ئەمما ، مەن بىۋاپا ئادەم ئاناڭلارنىڭ خىزمەت ۋە ئەقىدىسىنى ، سىلەرنى ئۇنتۇپ ، خان ھۇزۇرىغا شىكايەت قىلىپ باردىم» دەپ ئوردىدا بولۇنغان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئاماننىساخېنىمنىڭ سۆزىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە ئۆز قىلمىشىدىن قاتتىق پۇشايمان يەپتۇ . ئۇنىڭ خوتۇنى زىلەيخان : «مەن ئۇچۇن ھەمىشە قالقان بولىدىغان ، يىراقىمنى يېقىن ، ئۆيىنى ئەھيا قىلىدىغان ، ئائىلىمىزنىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرىدىغان ، ھەتتا خانىمىزنىڭ قازىنى ئۇچۇن ئوتۇن بولۇپ كۆيىدىغان ، ئەلنى ، يۇرتنى ۋە بىزلەرنى قوغداش ئۇچۇن ياۋلارغا قارشى ئاتلىنىدىغان ئاتاڭلارنى رەنجىتكىنىمنىڭ خان ھۇزۇرىغىچە بېرىپ يەتكىنىنى ، يەنە شاھىمىزنىڭ پاراسەتلىك بىلەن قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ ، زىيادە خىجالەتچىلىكتە قالدىم . مەن خاتا قىپتىمەن . ئاۋۋال خۇدادىن ، ئاندىن بۈيۈك شاھىمىزدىن ۋە سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن» دەپ كۆزىدىن ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ، بۇ ئائىلىدىكىلەر ئىناق ئۆتۈپتۇ . ئائىلە بەرىكەت ۋە راۋاج تېپىپ ، نەۋرە ـ چەۋرىلەرنى قاتارغا قوشۇپتۇ...

بۇ ھېكايەتنى ئاڭلاپ تولىمۇ تەسىرلەنگەن شاۋاز قارىي بىلەن

نورۇز ئاگىلغان ، كۆرگەن - بىلگەنلىرى ھەققىدە قىزغىن پاراڭ-
لىشىپ ئولتۇردى . ئۇلار تەڭ كىچە بولغۇچە ئەسنىشىپ ئولتۇر-
غانلىقتىن ، ئەھمەد سەھھابچىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشقا تەكەل-
لۇپ قىلمايلا ماقۇل بولۇشتى . شائىر ھىرقەتى مۇنداق دېگەن-
دى :

مۇھەببەتتۇر كىشىلەرنىڭ باھاسى ،
مۇھەببەتسىز كىشىنىڭ يوق ئىنتىھاسى .

## ئونىنچى باب

# ئاخىرقى چارە

1

كېڭىشىش ئاقىللارنىڭ قوشۇلۇشى دېمەكتۇر . ئەقىللىق كىشىلەر يىغىلىپ بىر ئىشنى باشلىماقچى بولسا ، ئۇ ئىش ھەققىدە ئويلىنىپ ، ياخشى پىكىر يۈرگۈزىدۇ . بىر ئىشقا ياخشى تەييارلىق كۆرۈش ئەقىلگە مۇۋاپىق . ھەربىر ئىشتا ئېھتىيات ۋە زېرەكلىكنى قولدىن بەرمەسلىك لازىم . بۇ خىسلەتلەرنى يوقاتقان كىشى ھىيلىگەر ، داغۇلى (مۇغەمبەر) ، ئالدامچىلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان ئالدامچىلارغا ئالدىنىپ ، كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ .

ئەھمەد سەھھابچىنىڭ ئۆيىدە ئەتىگەنلىك چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغاندا ، ئاخشامقى ھېكايەتتىن ئەقىل تاپقان نورۇز «ئۆزىدىن چوڭ ، تەجرىبىلىك ، بىلىملىك كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشمەي ئىش باشلىغان ئادەم ئۇ ئىشتىن مەنپەئەت كۆرمەيدۇ» غانلىقى ھەققىدە ئويلاندى . ئۇ سىر ساقلاشنى تىلنىڭ ئاستىغا

چوغ سىلىپ تۇرغاندىنمۇ مۇشەققەتلىك دەپ بىلگەچكە ، ئەھمەد سەھھابچى سىرتقا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئۆز خىيالىنى شاۋاز قارىيغا ئېيتىۋېدى ، ئۇمۇ قوشۇلدى .

ئەھمەد سەھھابچى ئۆيگە كىرگەندە ، نورۇز «ئۇستام ، سىلىگە سالىدىغان مەسلىھەتىمىز بار ئىدى··· » دەپ گەپنى باشلاپ ، شاۋاز قارىي بىلەن گۇلخۇمار ئوتتۇرىسىدىكى نەچچە يىللىق مۇھەببەت جەريانىنى بىرمۇبىر تونۇشتۇردى . ئەھمەد سەھھابچى ئۇنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشىدى . ئۇمىد جاسارەتلىك كىشىلەردە بولىدۇ . ھەقىقەت ۋە توغرىلىقنى سۆيىدىغان ئادەم دائىم ۋىجدانىنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلىدۇ . ئۇنىڭ ۋىجدانىغا ھېچكىم ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ . ۋىجدان ئەقلىنىڭ قان تومۇرى . ئۇنىڭ سوقۇشى دائىم ياخشى - ياماندىن ۋاقىپلاندۇرۇپ تۇرىدۇ . كونىلار مۇنداق دېگەن :

ئىككى ئىش قويماس بەنى ئادەمدە دەھر ئىچرە ماجال ،
بىر تەئەسسۇپ ئۆتكەن ئىشقا ، بىر دەغى ئەمرى ماھال .
ئادەم ئېرسەڭ كۆپ تەئەسسۇپ يېمە ئۆتكەن ئىش ئۈچۈن ،
دېمىگىن ئارتۇقچە سۆزنى ، چەكمىگىل ئۇندىن مالال .

— شاۋاز قارىي ، — دېدى ئەھمەد سەھھابچى ، — سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن مېنىڭ ئاز - تولا خەۋىرىم بار ، بۈگۈن قالغان گەپنى نورۇزدىن ئاڭلىدىم . ھەربىر ئادەمنىڭ بەختكە ئېرىشىش ھوقۇقى بار . «چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس ، سۆيگەن چىرايلىق» دېگەن گەپمۇ بار . چىراي دېگەن كىشىنىڭ ئويلىغان ، قىلغانلىرى

سەۋەبىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . خاتىپنىڭ قىزى چىرايلىق ، ئىنتايىن ئەقىللىق ئىدى . خاتىپ پۇلدار ، زېمىندار ئىدى ، قىزىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دەسمايىسى ئارقىلىق ھەممىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى . ئارزۇ ـ ئۈمىد ھەرھالدا ئۈمىدسىزلىكتىن ياخشى . ياخشى ئادەم ئاخىر ياخشىلىقنىڭ خاسىيىتىنى كۆرىدۇ . يامانلار ئاخىر يامانلىقنىڭ دەردىنى تارتىدۇ . مانا ئابدۇرەھمان خاتىپمۇ يامانلىقنىڭ دەردىنى تارتتى . ئۇ قامچىسىدىن قان ئاقتۇرۇپ ياسىغان جايى شەددات [1] نىڭ بېغىدەك بولۇپتىمىش . ئۇ مۇشۇنىڭدىن كېيىن يەنە تويغا تۇتۇش قىلىدۇ دېگەننى بۈگۈن نادىرخان خوجىدىن ئاڭلىدىم .

— ئۇنىڭ توينىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى نورۇز .

— خوجىنىڭ بېشارىتىگە قارىغاندا ، توي مۇشۇ قىشتا بولىدىغان ئوخشايدۇ .

— ئۇنداق بولسا ، بىز ئامال قىلىپ گۈلخۇمارنى ئېلىپ قاچمايلىمۇ ؟ — دېيىدى نورۇز ، ئەھمەد سەھھابچى :

— ئەگەر قاملاشتۇرالىساق ، تازا جايىدا ئىش قىلغان بولاتتۇق . نە خوجا ، نە خاتىپ ، ھەر ئىككىسى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋايۇ ئەتتەييانۇ بولاتتى ، ئەمما بۇ ئىش بەسى مۇشكۇل ، — دېدى .

— بىز ئاۋۋال ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ قېشىغا گۈلخۇمارنى شاۋاز قارىيغا سوراپ بارايلى . «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» ، «قىز ئىگىسى خان كۈۋرۈكى» ، ئۇنىڭدىن شاھمۇ ، گادايمۇ ئۆتىدۇ .

---

[1] شەددات — رىۋايەتلەردىكى باغى ئىرەم ياسىغان بابىل پادىشاھى .

لېكىن ، ئابدۇرەھمان خاتىپ قىزىنى شاۋاز قارىيغا هامان بەرمەيـ دۇ . شۇڭا ، شەرئىگە تۇغرىلاپ ، ئاندىن ئېلىپ قاچـ ساق ، قانداق ؟ — دېدى نورۇز .

— بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق گەپ بولدى ، — دېدى ئەھمەد سەھھابچى ، — ئەگەر سەن ئېلىپ قېچىپسەن دېسىمۇ ، «سوراپ ئەلچى بولۇپ باردۇق ، بەرمىدىڭ» دېيىشكە يارايدۇ .

— ئۇنداق بولسا ، قانداق يول بىلەن بېرىشقا بولار ؟ — دەپ سورىدى شاۋاز قارىي .

— ئۆي مۇبارەكلەشنى باھانە قىلىپ بېرىپ ، ئاندىن كېيىن قىزنى سورىساق ، — دېدى ئەھمەد سەھھابچى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇلار «نېمە ئالىمىز» دىن باشلاپ ، شىرداق ، مىس چۆگۈن ، مېهراب ياپقۇ دەپ ، ئاخىرىدا قويغا توختىدى . «قوي ئۇچۇن» دەپ شاۋاز قارىي ئانىسىنىڭ چەش كۆزلۈك ئۇزۇكىنى چىقاردى ، ئەمما ئەھمەد سەھھابچى ۋە نورۇز تەڭ رەت قىلدى . ئەھمەد سەھھابچى مەردلىك بىلەن ئېغىلدىن تۆت چىشلىق قىرغىز قويىنى ئەچىقىپ تەييارلىدى . نورۇز شاۋاز قارىيغا قاراپ :

— قارىي دوستۇم ، ھەر ئېهتىمال يۇزىسىدىن سەن ئۆز ئەھۋالىڭنى بايان قىلغان ۋە گۇلخۇمار سورىغان سوئالغا ئىككىـ لىك جاۋاب خەت يېزىپ بەرسەڭ . بىز خاتىپنىڭ ھويلىسىغا كىرگەندىن كېيىن ، ئىمكان قىلىپ ئۇچەيلەندىن بىرىنى ئۇچراتـ ساق ، شۇنىڭغا بېرىۋېتەرمىز . بېرەلمىسەك ، يېنىمىزدا قالىدۇ ، — دېدى .

بۇ مەسلىھەت مۇۋاپىق كۆرۈلدى . ئەمما ، شاۋاز قارىي ئوـ

چاقنىڭ مەڭزىدە تۇرغان پارچە قەغەزنى ئېلىپ ، ئۇنىڭغا كۆمۈر بىلەن «مېنىڭ ھالىم» دېگەن ماۋزۇدا :

كىيەرگە چاپاننىڭ يېڭى يوق ئىلىك ،
ئوچاقتا ئوتۇن يوق ، چىراغقا پىلىك .

دەپ يازدى . نورۇز ئۇنى يانچۇقىغا سالدى . چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ، ئەھمەد سەھھابچى :

— ھەي نورۇز ، سەن دۇنيادا ۋەدىگە ۋاپا قىلىش بابىدا ئۈلگە كۆرسەتتىڭ ، شاۋاز قارىيغا رەھىم - شەپقەت ، مەرھەمىتىڭ بىلەن ھەممىنى ھەيران قىلدىڭ . مەن ئىككىڭلارنىڭ ئۇچىنچىسى بولالمىساممۇ ، ئالىيجانابلىقىڭلارغا قايىلمەن ، — دېدى ، ئاندىن نەسىھەت تەرىقىسىدە سۆزلەشكە باشلىدى ، — كىتابتا «ئۆيلەنـ مەكچى بولساڭ ، ھېچقاچان خوتۇن - قىزلارنىڭ ھۆسن - جامالىغا ، مال - دۇنياسىغا قىزىقما . ئۇنىڭ تاشقى سۇپىتىگە ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئېتىبار قىل . ئاتا - ئانىڭنىڭ پىكرى ھەم مەسلىھەتى بىلەن ئەدەپلىك ، تەربىيىلىك ، نومۇسلۇق ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلەن . ئۆز ھۆرمىتىڭنى ساقلا ، بۇ سېنىڭ قولۇڭدا ، خوتۇنۇڭ ئۆي ئىشلىرىدا پۇختا ، بىلىملىك ، تېجەشلىك ، ئۆزۈڭ ۋە ئاتا - ئاناڭنىڭ ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرىدىغان ئاقىل ، ئوچۇق يۈزلۈك ، شېرىن سۆزلۈك ، شەرم - ھايالىق ، تەربىيىلىك ، پەرزەنتلىرىڭگە مېھرىبان ۋە ئىش بىلەرمەن بولسا ، تۇرمۇشۇڭ راھەت - پاراغەتتە ئۆتىدۇ . ياخشى ئايال ئەرنىڭ راھىتى ، ئۆيىنىڭ بەرىكىتىدۇر . ئۆيلىنىشنى خالىساڭ ، ساداقەتلىك ،

ئالىيجاناب ، ساغلام ، ئومۇمەن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن گۈ-
زەل خىسلەتلەرگە ئىگە بولغان قىزنى تاللا . كۆچۈك يەتكەن
ۋاقتىدا دەرھال ئۆيلەن ، بىر ئائىلە تەشكىل قىل ، ئۆزۈڭگە بىر
سائادەت ئۇۋىسىنى هازىرلا . بۇ ئىشىڭ ئىنسانىي ۋە ئىجتىمائىي
بىر ۋەزىپە ۋە ئوخشىشى بولمىغان سائادەت ۋاستىسىدۇر » دېيىل-
گەن .

— شاۋاز قارىي ، — دېدى ئەھمەد سەھھابچى سۆزىنى داۋام-
لاشتۇرۇپ ، — كىتابتا «بىرەر ئىشقا غەيرەت بىلەن كىرىشكەن
كىشى مۇشەققەت تارتىشتىن قورقمىسۇن . ئەگەر غەيرىتى سايى-
سىدا ئىشى ئەمەلگە ئاشسا ئىنتايىن ياخشى . مۇبادا ئىشى مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك بولمىسا ، ئۇ ئاقىللار ئالدىدا ئۆزرىلىكتۇر ... » دې-
يىلگەن . ئىنسان قولىغا كەلتۈرگەن غەنىيمەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشى-
سى سەمىمىي دوستلۇقتۇر . سىزنىڭ نورۇز ، گۈلخۇماردەك سە-
مىمىي دوستلىرىڭىز بار . نورۇز ياخشى ئاتىنىڭ بالىسى . گۈل-
خۇمارنىڭ شەرم - هايا نىقابى يۈز قۇتىدا ساقلانغان قىممەت باھا
گۆھەرگە ئوخشايدۇ . بىر شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن :

تەلەپتە كۆشىش قىلارمەن ئەگەر تاپسام نە ئارماندۇر ،
ۋە گەر مەقسەت قولۇمغا كەلمىسە ھەم ئۆزرەم ئاساندۇر .

ئەمما ، گۈلخۇمارنىڭ ئاتىسى تولىمۇ جاھىل ، شۆھرەتپە-
رەس ، مەنپەئەتپەرەس ئادەم . نەپسىگە قۇل بولغان ئادەم ئىنسان-
لىقنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ . ئۇ كىشى بايلىقنى يوقاتسا قايغۇ-
رىدۇ ، ھەشەمەتلىك ئۆي ۋە دەبدەبىسىگە مەغرۇر بولۇپ ، سىزنى

كۆزگە ئىلماسلىقى مۇمكىن . ئۇنداق كىشىلەرنى مۇنداق تەرىپ-
لەش مۇمكىن :

جاھىلدىن ئادەمگە كۆپ قايغۇ ـ ئەلەم ، كۈلپەت يېتەر ،
جاھىل ئادەم سۆھبىتىدىن ئەلھەزەر ، مىڭ ئەلھەزەر .

2

چۈشتىن كېيىن ، ئەھمەد سەھھابچى بىلەن نورۇز بىر قوينى
كۆمەك بېغى قىلىپ بوينىدىن باغلاپ ، خاتىپنىڭ ھويلىسىغا
ئۇزاپ كەتكەندە ، شاۋاز قارىي ئىشىك بوسۇغىسىدا تۇرۇپ ، ئۇ-
لارنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى .

ئۇ ئىككىيلەن قوينى يېتىلەپ دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ : «خا-
تىپ ئاخۇنۇم بارمۇ ؟» دەپ سورىغاندا ، «سوراپ چىقاي» دەپ
ئۆيگە كىرىپ كەتكەن ناتونۇش چاكار چىققۇچە ساقلاشتى . قوي
يىتىرلاپ ئۇلارنى خېلى دىققەت قىلدى . شۇ ئەسنادا زۆھرە چوڭ
تەگىنىنى كۆتۈرۈپ خاتىپنىڭ ھويلىسىغا كىرىش ئۈچۈن دەرۋازىغا
كەلگەندە ، ئۇلارغا يولۇقتى ۋە قىزىرىپ تۇرۇپ «ئەسسالام»
دېدى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، ئۈچ يىل بۇرۇن ھەربىرلىرى
سورىغان قارىينىڭ ھالنامەسىنى ئەمدى ئەكەلدۇق . كىشى كەپ-
قالمىسۇن ، — دەپ نورۇز يانچۇقىدىن قەغەزگە يېزىلغان ئىككى-
لىك خەتنى دەرھال ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى .

زۆھرە خەتنى ئېلىپ ، ئەمدى ماڭاي دېيىشىگە چاكار ئۆي

ئىچىدىن چىقىپ :

— خاتىپ ئاخۇنۇم بار ئىكەن ، ئەمما كۆزى جىندەك ئىلىناش-قاچ ئويغىتالمىدىم . قاپىقى ئېچىلغاندىن كېيىن خەۋەر قىلسام ، كەلگەنلەرنىڭ قۇرۇق - هۆللۈكىنى سورىدى . قوينىڭ خەۋىرىنى بەرگەندىن كېيىن ، «كىرسۇن» دەپ ئىجازەت قىلدى ، شۇڭا تەخىر بولۇپ قالدىم . كىرىشسىلە ، — دەپ ، هويلىغا باشلاپ ، مېهمانخانىغا تەكلىپ قىلىشتىن بۇرۇن ، نورۇزنىڭ قولىدىن قوينىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ بېدىشكە باغلاپ قويدى .

هويلىدىكى كۆكتاتنى كۆرگەن ۋە قورسىقى ئاچقان قوي بار ئاۋازى بىلەن «مە ، مە» دەپ ئارقىمۇئارقا مەرىدى . جايىدىن تۇرمىغان خاتىپ هويلىدىكى قوينىڭ ئۈندىن چوڭ قوي ئىكەنلى-كىنى پەملەپ ، سەت ۋە تارتۇق يۈزىنىڭ مىيىقىدا ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، — دەپ ئەهمەد سەهھابچى بىلەن نورۇز يېڭى گەجداك قىلىنغان دەهلىزدىكى ئەۋرەز قىلىنغان جايدىن دەسسەپ ئۆتۈپ ، بوسۇغىدىن مېهمانخانىغا پۇتىنى قويۇشى بىلەنلا ئاياغنىڭ چەمىنى يەردىكى يۇڭلۇق تېرىگە سۈرتۈپ ، ئاق-دىن قىرغىز گىلىمىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىگە ئولتۇ-رۇشتى . خاتىپ قوپۇش ئۈچۈن تەمشەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار «مىدىرلىمىسىلا» دەپ سۇلكەت قىلىپ قويۇشتى . پاتىهە-دىن كېيىن تىنچلىق ، خەير - بەرىكە سوراشتى .

— يېڭى جاينىڭ پۇتكەنلىكىنى مۇبارەكلەش نىيىتى بىلەن بىر قوزىمىز بارتى ، ئاز بولسىمۇ مەزۇر كۆرەرمىكىن دەپ كېلىد-شىمىز ، — دېدى ئەهمەد سەهھابچى .

— رەھمەت ، ھەربىرلىرىدىن بۇ لازىم ئەمەس ئىدى ، — دېدى خاتىپ ۋە چاكىرىنى قىچقارتىپ ، چاي ـ مەزە ئەكىرگۈز- دى .

داستىخان سېلىنىپ ، نان ئۇشتۇلۇپ ، پىلىچەكلەرگە چاي قۇيۇلدى . نورۇز چاينى بىر ـ ئىككى ئۇتلاپ ، پىلىچەكنى داستى- خانغا قويۇپ ، بىردەم كالپۇكىنى تۇرۇپ ، بىردەم قېشىنى كۆتۈ- رۈپ ، يېنىدىكى ھەمراھىغا «دېگىن» دېگەندەك ئىما قىلدى . ئەھمەد سەھھابچى «ھەخ ···» دەپ گېلىنى راسلىتىپ ، چاپان ـ پەشلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ خاتىپقا قاراپ گېپىنى باشلى- دى :

— خاتىپ ئاخۇنۇم ، «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن گەپ ئۆزلىرىگە ئايان . بىز جانابلىرىنىڭ سەمىگە بىر سۆز ئېلىپ كەلدۇق . بەشكېرەم ئىتلە كەنتىلىك دېھقان ئەشرەپ رەھمان ئاخۇن شىرىنچى مەرھۇمنىڭ كۆزىدىن ياش تامغاندەك يالغۇز ئوغلى شاۋاز قارىي دېگەن قارىي كالامۇللا يىگىت ئاز بولسىمۇ مۇنبەت ئېتىز ـ ئېرىق ، ھويلا ـ ئارام ، باغۋارانلارغا ئىگە . ئۇ قارىي يىگىت ھەر يىلى مەۋسۇمى تاۋاپتا «ھەزرەت سۇلتان» مازىرىغا كېلىپ ، قۇرئان ئوقۇپ ، رامىزاندا خەتمىگە ئۆتكۈچى- لەرنىڭ مۇراسىمىنى تۈگىتىپ قايتىدۇ . شۇ قارىي ئوغۇلنىڭ ئۆزلىرىگە «كۈيئوغۇل بولسام» دەپ ئىلتىماس ئىلتىجاسى بار .

— شاۋاز قارىي تولىمۇ ئەخلاقلىق ۋە ئەدەپلىك ، پازىل يىگىت ، — دېدى نورۇز قوشۇمچە قىلىپ ، — بىز قەشقەر «خانلىق مەدرىسە» سىدە مەشھۇر قارىي مۇھەممەد سادىق قارىيھا- جىم شىرىنچى دېگەن ئالىم كىشىدە بىللە ئوقۇغان . بىز ئۇنى

ئۆزلىرىگە پەرزەنتلىككە لايىق دەپ قاراپ ، ھۆزۈرلىرىنىڭ ئاس-تانىسىگە قەدەم رەنجى قىلىپ كەلدۇق .

— سىلەر بۇ گەپنى ئويلىنىپ دېدىڭلارمۇ ؟ — دەپ سوئال بەردى خاتىپ تەرىنى بۇزۇپ .

— خوش ، ئويلىنىپ ئاندىن ھۆزۈرلىرىغا كەلگەنمىز ، — دېدى ئەھمەد سەھھابچى .

— ئەگەر ئويلانغان بولساڭلار ، بۇ ئۆزۈڭلارغا روشەن . بىزنىڭ نەسلى ـ نەسەبىمىز ئالىي نەسەبلەردىن . بىز ئۆزىمىزگە كۇففىنى تاپمىساق ، نام ـ ئەمالىمىزغا خەلەل يېتىدۇ . ئۇ قارىي يىگىتمۇ ھەر تەرەپتىن ئۆز ھالىغا ، ئۆز دەرىجىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنسۇن . سىلەر ئەدەپكە مۇخا-لىپ ئەلچىلىك يولىنى تۇتساڭلار ، خاتا قىلغان بولىسىلەر .

— ھەممىمىز ئادەم ئاتام بىلەن ھەۋۋا ئانامنىڭ باللىرىغۇ ، — دېدى نورۇز ئۆزىنى باسالماي ، — بۇنچىۋالا پەرقلەر نەدىن تېپىلىپ ، كىملەر ياساپ چىققاندۇ ؟ نادان ئۆزىنىڭ نەسىل ـ نەسەبىگە ، ئالىم ئۆزىنىڭ ئىلىم ۋە ئەخلاقىغا تايىنىدۇ .

— مەن ئەدەپ ـ قائىدىدىن چەتنىيەلمەيمەن . نېمە دېسەڭلار مەيلى ، سىلەرنى ۋە دېگەنلىرىڭلارنى رەت قىلىمەن ، — دېدى خاتىپ .

ئىشىك تۈۋىدە بۇ گەپلەرنى تىڭشىغلاپ تۇرغان زۆھرە بىلەن گۈلخۇمار گاھ تاتىرىپ ـ گاھ سىقىلىپ ، ئىچى تىت ـ تىت بولۇشتى . ئەھمەد سەھھابچى تەمكىنلىك بىلەن :

— خاتىپ ئاخۇنۇم ، بىزنىڭ كىتابلىرىمىزدا قىزنىڭ رايى-نىمۇ ئېلىش دېگەننغۇ ؟ شۇڭا ، ئاۋۋال نىكاھ قىلغاندا قىزدىن

«تەگدىگمۇ ؟ » دەپ سورايدۇ . مۇبادا قىزىمىزنىڭ رايى بىز دېگەن شاۋاز قارىيغا بولسا …… دېيىشكە ، خاتىپ :

— ئاغزىڭنى يۇم ! مېنىڭ ئۇ تەرسا قىزىم مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلىدۇ . سىلەرنىڭ تاپقان قارىيىڭلارغا ھەرگىز بېرىدىغان قىزىم يوق ، — دەپ ، ۋالاقشىپ شالىنى چاچتى .

— قېنى تەقسىر ، يەنە كۆرۈشەرمىز . يا ئۆزلىرىنىڭ دېگە-نى بولار ، ياكى …… دېدى نورۇز دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ،

ئەمما ئەھمەد سەھھابچى ئۇنىڭ يوتىسىنى چىمدىۋالدى ۋە خاتىپقا قاراپ :

— خاتىپ ئاخۇنۇم ، كونىلار : «پەرزەنتلىرىڭىز ۋايىغا يەت-كەندە ، ئوغۇل بولسا ئۆيلەپ قويۇڭ ، قىز بولسا ياتلىق قىلىڭ . بۇ ناھايىتى مۇھىم ۋە جىددىي مەسىلە . بۇ ئىشقا ناھايىتى ئېھتى-يات بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ . ياشلار ئەقلىدىن كۆرە ، ھېسسىياتقا كۆپرەك بېرىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ يېڭى ھاياتقا كىرىشىگە ئۆزىڭىز باشلامچىلىق قىلىڭ . بۇ ئىشنى ئۇلار-غا ، ئۆزىڭىزنىڭ خاھىشىغىلا تاشلاپ قويماڭ» دېگەن . قىز ئىگى-سى «پالانچىغا بېرىمەن ، پوكۇنچىغا بەرمەيمەن» دېگىلى بولماي-دۇ . «قىزلىق ئۆي خان كۆۋرۈكىگە ئوخشار» ، ئۇنىڭدىن شاھمۇ ـ گادايمۇ ئۆتىدۇ ، — دېدى .

— شۇڭا ، بىز ئۆز لايىقىمىزدىكى نادىرخان خوجاملارغا بېرىمىز دەپ ۋەدە قىلىشقان ، — دېدى خاتىپ سەل پەسىيىپ .

— قېنى ، توي بولغاندا كۆرەرمىز ، — دەپ ، ھەر ئىككىسى تەڭلا ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىچىدە : «قېنى ، سېنىڭ قىزىڭنى بەرمىگىنىڭنى كۆرەيلى» دېيىشىپ ، خاتىپنىڭ ئۆيىدىن نائۇمىد

بولغان هالدا قايتىپ چىقىشتى .

بۇ چاغدا دەھلىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيدىن گۇلخۇمارنىڭ «پىخ - پىخ ...» قىلىپ يىغلاۋاتقان ئۈنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى ، شۇنداق پاراكەندە بولدىكى ، يۈرىكى سىيلىپ ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى . زۆھرە ئۇنىڭ يىغىسىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ، شاۋاز قارىي پارچە قەغەزگە يېزىپ ئەۋەتكەن خەتنى ئەكىرىپ ئوقۇپ بەردى . گۇلخۇمار خەتنى قولىغا ئېلىپ ، ئاۋۋال كۆزىگە سۈرتۈپ ، كېيىن خەتلىرى ئۆچۈپ گۇگۇت ھۆل بولۇپ كەتكۈچە سۆيدى . ئۇنىڭ يۈز - كۆز ۋە ئېغىز چۆرىلىرى خەت يازغان كۆمۈر توزۇندىسى بىلەن گويا نان ياققان كىشىنىڭ يۈزىدەك قارا - قۇرا بولۇپ كەتتى . كەچكىچە گۇلخۇمارنىڭ گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى ، شۇ كۈنى ئاخشىمى ئورۇندا ياتقاندىمۇ خەتنى كۆكسىگە تېڭىپ ، كېچىچە ئۇتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ يېتىپ كىرپىك قاقمىدى .

ھەممىنى ئالدىن دىتلىغۇچى قۇۋ خاتىپ ئەتىسى چاكارلىرىنى يىغىپ ، كېچىسى نۆۋەتلىشىپ باغنى كۆزىتىشكە ئورۇنلاشتۇردى . سارە ئانا ۋە زۆھرەلەرگىمۇ گۇلخۇمارنى جېكىلەپ تاپشۇردى . يەنە ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ :

— بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە قىز سوراپ كەلگەن ئەھمەد سەھەھابچى ئالتىن ئاتۇشتىكى ئەڭ يامان پىتنىخور كىشى . ئۇ جىق ئىشنى بىلىدۇ ، ھەتتا قىزىمىزنىڭ پېيىگە چۈشۈپ ئازدۇرۇشى مۇمكىن . ئالىمادىس بولۇپ قالمىسۇن ئۈچۈن ، گۇلخۇمار كۈندۈزى سىلەرنىڭ قېشىڭلاردا بولىدۇ ، كېچىسى ئۆزۈمنىڭ قېشىدا ياتسۇن ، ھېزى بولمىساق بولمايدۇ ، — دېدى .

شۇ كۈندىن باشلاپ گۈلخۇمار كېچىسى دادىسىنىڭ مېھمانخا-
نىسىدا ياتىدىغان بولدى . جىسەكچىلەرمۇ تاك ـ تاك ئۇرۇشنى
باشلىدى . گۈلخۇمار ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ :

— مېنىڭ نابىكار دادام يەنە دېگىنىنى قىلىپ ، شاۋاز قارىي
ئەۋەتكەن مېھمانلارنىڭ دىلىنى زىدە قىلىپ ياندۇردى ھەم قوبۇل
قىلمىدى . زادى نېمە بولسا بولسۇن ، مەن خوجىلارغا ساتقىن ئۇۋ
قىلىنىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۆزۈمگە چارە ئىزدەپ ، يا قۇتۇلۇشۇم
ياكى ئۆلۈپ تۈگىشىم كېرەك ، — دەپ سارە ئانا بىلەن زۆھرەگە
كۇسۇلدىدى .

ئەتىسى قۇياش چىقىپ نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن چاغدا ، گۈل-
خۇمار باغنىڭ ئىچىنى ئىزدەپ يۈرۈپ ، ئەنجان تېمى تۈۋىگە يەرەك
ئۈنگەن ئادراسماننىڭ چۆرىسىنى لاي ، توپا بىلەن ئېگىززەك
كۆتۈردى . ئۆيدە يىلىم چۆچىكى قىلىغان نەقىشدار مىس چۆچەكنى
يۇيۇپ پاكىزلاپ ، ئادراسماننىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈپ يېپىپ ،
ئەتراپىنى توپا بىلەن چىڭ ئېتىپ قويۇپ قايتىپ كىردى . ئۇنىڭ
ئاڭلىغىنى بويىچە ئېيتقاندا ، 41 ـ كۈنى بولغاندا ، ئادراسماندىن
كۆكۈشرەك ، ياغلىشاڭغۇ بىر ماددا مىس قاچىغا چاپلىشىدىكەن .
ئۇنى پىچاق بىلەن ئاستا قىرىپ ئالغاندا ، بىر ئىلىمچە زەھەر
ھاسىل بولىدىكەن . مۇبادا دادىسى ئۆز دېگىنىنى زادى قىلىمەن
دەپ زورلايدىغان بولسا ، گۈلخۇمار «بۇ تەييارلىغان زەھەرنى يەپ
ئۆلۈۋالىمەن» دەپ ئويلىدى . ئەمما ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن
ئادراسمانغا ئۇششۇك يۈرۈپ كېتىپ ، گۈلخۇمار ئالماقچى بولغان
زەھەر ھاسىل بولماي قالدى . ئەسلىدە ، ئۇنىڭغا دەپ بەرگۈچى
«ئادراسمان چېچەكلىگەندىن كېيىن 41 كۈن» دېگەن ، لېكىن

«ئۇششۇكتىن بۇرۇن» دېمىگەنىدى .

بىرەر ئىشقا كىرىشكەن چېغىڭدا قىيىنچىلىق يۈز بەرسە ، مەقسەت مەنزىلىگە يېتىش يولىدا جاپا ـ مۇشەققەت چەكسەڭ ، نائۈمىدلىك كوچىسىغا قەدەم قويما ، غەيرەت ـ شىجائەتلىك بول ، شۇندىلا مۇشكۈل يوللارنى بېسىپ ئۆتەلەيسەن . ئىككى نەرسە ، يەنى شىجائەت بىلەن قەيسەرلىك ئىنسانغا ھەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت بەخش ئېتىدۇ . شىجائەت ئىشقا باتۇرلۇق ، مەردلىك بىلەن كىرىشىش ، قەيسەرلىك بولسا چىداملىق ، مۇستەھكەم ۋە قەتئىي ئىرادىلىك ، دېگەن سۆزدۇر . بۇ خىسلەتلەرگە ئىگە بولغان كىشى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ .

كىم شىجائەت ۋە قەيسەرلىك يولىغا قويسا قەدەم ،
ئىشلىرى تاپقاي راۋاجۇ ، ئەل قېشىدا مۆھتەرەم .

تۈنجى قار چۈشۈپ ، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ ھويلىسىغا نادىرخان خوجىنىڭ ئەلچىلىرى كېلىپ ، ئۇنىڭدىن توي ھەققىدە خەۋەر ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . خاتىپ ئۆزى ياتقان ئېيىق تېرىسىدە ئەتكەن دېۋىسكىدىن ئەۋرەزگىمۇ قوپۇپ بارالماي ياتقانلىقىنى دېگەندە ، لەنگۈش هارۇن هاجى زەردە بىلەن :

— خاتىپ ئاخۇنۇم ، سىلى بىزگە سۈپرا قوياي ـ تاختا قويايىنى قويۇپ ، «يا بولىدۇ ، يا بولمايدۇ» دەپ ئۈزۈپلا جاۋاب بەرسىلە . خوجاملار «سەۋر رەھمانى ، غەزەپ شەيتانى» دېگەننى بىلگەچكە ئۈچ يىل سەۋر قىلدى . 1000 كۈننىڭ سەۋرىسى

ئەييۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋرىسىنىڭ يېرىمىدەك كېلىدۇ ، — دېدى .

ئابدۇرەھمان خاتىپ بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ :

— ئەگەر يەنە سەۋر قىلىشالمايدىغان بولۇشسىلا ، مەن كەمىنە يا كەلگەن ـ كەتكەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقالمىسام ياكى ئىستىقبال قىلالمىسام ، ئۇزىتالمىسام ...— دېدى .

— ئەلۋەتتە ، ئۆزلىرى خەستە ـ بىمار بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرى مەزۇردۇر . ئۇنداق بولسا ، توينى قاچان قىلارمىز ؟ — دەپ سورىدى ھارۇن ھاجى ئۇنىڭغا قاراپ .

ئابدۇرەھمان خاتىپ بىر ئاز ئىنجىقلاپ :

— ھەربىرلىرى ۋە خوجامنىڭ مۇددىئاسى بويىچە بولسۇن ، — دېدى .

ئەلچىلەر بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىگە قارىشىپ :

— ئۇنداق بولسا ، بىز نادىرخان خوجامغا ئۆزلىرىنىڭ ئىجازەت ۋە ماقۇللۇق بىلدۈرگەنلىكلىرىنى ئېيتىپ ، توي كۈنىنى بار مەسلىھەت تەيىن قىلساق ، — دەپ خوشلىشىپ قايتتى .

بۇ گەپ ـ سۆزلەردىن گۈلخۇمار خەۋەر تېپىپ ، ئاھ ـ نادامەت تارتىپ يىغلاپ ، سارە ئانا بىلەن زۆھرەنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي ئۆزىنىڭ يۈزىنى ئۆزى كاچاتلاپ ئىششىتىۋەتتى . چېھرى سولغۇن ، كۆزلىرى خۇنۇك ، پېشانىسىنى قورۇق باسقان ، چېچى ئاقىرىشقا باشلىغان سارە ئانىنىڭ ئەپتىمۇ كەچ كۈزدىكى قاقشال دەرەخ شاخلىرىدەك سولاشقانىدى . مۇشۇ يېقىندا بولغان بىر تالاي ئىشلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ ، خېلى قورساق كۆپۈكى تارتىۋالدى .

## 3

ئەھمەد سەھھابچى ، نورۇز ۋە شاۋاز قارىي ئۇچەيلەن كۆپ باش قاتۇرۇپ ، ئاخىر گۇلخۇمارنى ئېلىپ قاچماقچى بولۇپ مەسلىھەتلەشتى . ئەتىسىدىن باشلاپ شاۋاز قارىي بىلەن نورۇز ھەر كۈنى كېچىسى ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ ئەنجان تاملىق بېغىنىڭ چۆرىسىنى ئايلاندى ، لېكىن شەپە بولمىدى . بىر ھەپتە ئۆتكەندە خاتىپنىڭ ئۆيىدىكى يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن زۆھرە خەۋەر يەتكۈزدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇچەيلەن سەۋر قىلىپ ، بۇ ئىشنى ھازىرچە كېچىكتۈرۈشنى قارار قىلدى ۋە شاۋاز قارىينى يۇرتىغا ئۇزىتىپ قويدى .

سەۋر سۆھبىتى زېرىكەرلىك كۆرۈنسىمۇ ، كېيىن مۇراد ـ مەقسەتنى ھاسىل قىلىپ ، شادلىق بەخش ئەتكۈچى يولداشتۇر . سەۋر ھىجران تۈنلىرىدەك ئۇزاق ھەم قاراڭغۇ بولسىمۇ ، ئاقىۋىتى ۋىسالدۇر . راست ، سەۋر كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش ، ئاڭلىغان نالايىق سۆزلەرگە ۋە كۆرگەن قايغۇ ـ ئەلەملەرگە تاقەتسىزلىك قىلماي چىداملىق بولۇشتۇر . سەۋرنىڭ ئېلكىنى چىڭ تۇتقان ئادەم مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتمەي قالمايدۇ . قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ دامىغا ئىلىنغان كۆڭۈل سەۋر تۈپەيلىدىن ئازاد بولىدۇ . سەۋر كىشىگە بەخت ـ سائادەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ . سەۋر ـ تاقەت توغرىسىدا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىبرەتلىك سۆزلىرى ناھايىتى كۆپ . «جۇجىنى كۈزدە سانا» ، «ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ ، ئون بەشى ئايدىڭ بولىدۇ» دېگەن ماقال ـ تەمسىللەر ھەرقانداق ئادەم ھەر-

قانداق ئىشتا سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇشى كېرەك دېگەننى چۈشەندۈ- رىدۇ . دانالار مۇنداق دېگەن :

كىشىنىڭ غەمئارا گەر بولسا سەبرى ،
ئۇنىڭ بولغاي ئاخىر مەقسەت ـ نەسىبى .

مۇزدەك ئۆيدىن دەس تۇرغان شاۋاز قاربى ئۇچقۇنداۋاتقان قارغا قارىماي ئۆيدىن چىقىپ ، شۇ ماڭغىنىچە قۇمالتاغ ئىچىدىكى غارنىڭ تۆۋىگە باردى . ئۇ قولىدىكى مېتىننى تاغقا قارىتىپ كۈچ بىلەن ھەربىر ئۇرغاندا ، تاغ تاقەت كەلتۈرەلمەي ئۇنىڭ ئايىغىغا خۇددى تەسلىم بولغاندەك يىقىلىپ ، تېرىقتەك تارقىلىپ كېتەتتى . تېخى تاڭ سۈزۈلمىگەنلىكتىن ، شاۋاز قاربى توختىغانلىقىنى سېزىپ ، غار ئىچىدە بىردەم پاناھلاندى . ئۇپۇق سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا ، شائىر ئەھمىدى[1] نىڭ :

بالا كۆرمەي دېسەڭ ھەرگىز ،
جاھان رەنالىرىن سۆيمە .
بولۇپ پەرھادۇ شىرىندەك ،
كېلىپ غەم تاغئارا كەزمە .

دېگەن شېئىرىنى ياتۇغانچى[2] لار گويا ساز جور بولغاندەك بەلەن ئاۋازدا ئېيتقاندا ، پۈتكۈل تاغ لەرزىگە كەلدى . شاۋاز قارىينىڭ غەيرىتى بىلەن ھەر كۆنلۈكى ئېچىلغان يول خېلى ئۇزۇن بولدى .

---

① 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن «سازلار مۇنازىرىسى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى .
② قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا قالۇن «ياتۇغان» دەپ ئاتالغان ، ياتۇغانچى — «قالۇنچى» ياكى «سازەندىلەر» دېگەنلىك .

يۇرتتىكى كىشىلەر قارلىق ① تاشلىشىۋاتقان چاغدا، تاغدىكى يولنى ئېچىۋاتقان شاۋاز قارىيىنىڭ شىجائىتى نە بەشكېرەم ۋە نە ئالتىن ئاتۇشتا يەنە زور غۇلغۇلا قوزغىدى. بۇ قېتىم ئاۋۋال لەڭگەر كەنتىدىكىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز يۇرتى ئىتلەلىكلەر، بارا ـ بارا قۇمباغ، ساپئېرىق، سايۋاغ، كۇكاڭ … قاتارلىق جايلاردىكى باغۋەنلەر…، ئۇنىڭدىن كېيىن بەش توغراق، يېڭىئاۋات، سېدىرلاردىكى دېھقان ئەشرەپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ، شاۋاز قارىيغا ھەمدەم بولۇپ يول ئېچىشقا باشلىدى. يۇرتتا قالغانلار تۆگىلەرگە ئارتىلغان تۇلۇم ۋە سوغىلاردا سۇ، ئاش ـ ئوزۇق، گۆلە ـ قاق، قوي ـ ۋارانلارنى ئەكېلىپ ياردەملىشىپ بەردى. شاۋاز قارىي ئۇچىسىغا تېگى تەرىپى تۆشۈك تاغارنى كىيىپ، بېلىنى سايلىدا باغلاپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تاشلارنى يەلكە ۋە دولىسى بىلەن ئىتتىرىپ، پەرھادتەك جاسارەت بىلەن ھەممىدىن بەك ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ توساتتىن ئۆرۈلگەن تاش پارچىلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالدى. ھەممەيلەن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بىلەن تاشلارنى قوللىرىدا تاتىلىشىپ ئېچىپ، ئاستىدىن ئۇنى چىقىرىۋېلىشتى. ئەمما، شاۋاز قارىينىڭ سول تەرىپى خېلى ئېغىر زەخمىناك بولغانىدى. ئۇنى دەرھال يۇرتىغا قايتۇرۇپ، تېڭىقچىلارغا تاڭدۇرۇپ، پەرۋىش قىلىشتى.

قەۋس (12 ـ ئاي) ئاخىرلىشىپ، جەددى (1 ـ ئاي) كەلگەندە ئىش تازا قىزىغانىدى. ئەمما، دەلۋە (2 ـ ئاي) كىرگەندىن كېيىن ھاۋا جۇت بولۇپ، سوغۇق ئىنتايىن دەھشەتلىك

① قارلىق — ئۇيغۇرلاردا تۇنجى ياغقان قارنى، مول ھوسۇل خەۋىرى دەپ قاراپ دەسلەپكى «قارلىق خېتى» نى يېقىنلىرىغا تاشلايدىغان ئادەت بار.

بولدى . خۇسۇسەن «ئەييامى ئوجۇز» [1] دەپ ئاتالغان جۇت كۈنـ.
لەر كىرگەندىن كېيىن ، قول چىقىرىشقا ئەسلا ئىمكان بولمىـ.
دى . تېنى ئاجىزراقلاردىن بىر ـ ئىككى كىشى مۇزلاپ قالغاندىن
كېيىن ، قالغانلار ئىشنى توختىتىپ قايتىپ كېتىشتى .

دەل شۇ چاغدا ئالتىن ئاتۇش تەرەپتىن يارىدەملىشىش ئۈچۈن
كەلگەنلەر ئۆز تەرىپىدىكى لەڭگەر ئاغزىدىن يول ئېچىشقا ھەرـ.
كەت باشلاپ كەتتى . تاغ يېنىدىكى لەڭگەر ، مەيىي ، تېتىر كەنتىـ.
دىكىلەر «بۇ يول ئېچىلسا ، يېڭىدىن بىنا بولغان مەمۇرىيەت
كۆچۈپ كەتكەن كونا شەھەرگە بېرىش ـ كېلىش يولى يېقىنلىشىـ.
دۇ» دەپ ، ئۆز مەنپەئىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، مېتىن ،
پالتا ـ تۆمۈر ، كەتمەنلەرنى ئېلىپ ، بۇ تەرەپتىكى ئېغىزدىن يول
يېرىپ باردى .

شاۋاز قارىي تاغىسىنىڭ چوڭ قىزى چولپانخاننىڭ مېھرىباندـ.
لىق بىلەن قارىشى ۋە بېقىشى ئارقىلىق ياخشىلىنىپ ، ئەمدىلا تىن
يانپاشنى سۈرەپ ، تالا ـ تۈزگە چىقىپ ، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەن
خۇپتەن مەھەلدە ، نورۇزنىڭ ئىنىسى ئەھەد ئالتىن ئاتۇشتىن
كېلىپ ، ئاكىسىنىڭ «چارشەنبە كۈنىدىن باشلاپ ، بىر ھەپتىگىـ.
چە گۈلخۇمارنىڭ تويىغا يەنە ئاش بېرىدىكەن ، بۇنىڭدىن خەۋەر
تېپىپ قالغىن» دېگەن خەۋىرىنى يەتكۈزدى . بۇنىڭ بىلەن تەڭ
شاۋاز قارىينىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ ، قول ـ پۇتلىرى تىترەپ ،
بىسەرەمجان ۋە بىھال بولۇپ ، بىر مەھەل گەپ قىلماي ئولتۇرـ.
دى . ئاندىن :

---

[1] ئەييامى ئوجۇز (قىرى كۈنلەر) — «تەۋرات» تىكى خەۋەرلەردە ، سانى ئادەم ، يەنى نوھ ئەلەيھىسسالام زامانىدا يەر شارىدا 40 گەز چامىسىدا سۇ تاشقىنى بولۇپ ، ئۇ ئاۋۋال مۇشۇ «ئەييامى ئوجۇز» نىڭ ئىپتىداسىدا باشلىنىپ ، 150 كۈنگىچە يەردە تۇرغان . بۇ كۈن قىيامەتكىچە ئۇنتۇلماسلىق ئۈچۈن ، ھەر يىلى شۇ چاغدا ھاۋا جۇت بولىدىكەن .

— ئەھەد ، نورۇز سالامەتمۇ؟ ئۇنى سوراشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن . سەن ئۇزاق يول مېڭىپ كەلدىڭ ، ھەقاچان ھېرىپ كەتتىڭ ، — دەپ ، ئۇنىڭغا چاي ـ مەزە ئەكەلدى .

شاۋاز قارىي كەچتە ئورۇن سېلىپ ئەھەدنى ياتقۇزدى ، ئاندىن ئۆزىمۇ ئورۇنغا كىرىپ ، كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەنلا ئۇخلاشقا ياتتى . بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، بېلىنى مەھكەم باغلاپ ، قولىغا ئايپالتىنى ئېلىپ ، ئىشىكتىن غىپپىدە چىقىپ ، ئۇدۇل تاغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى . ئۇ تاغدىن ـ تاغقا يامىشىپ ، بىرنەچچە چوڭ ـ كىچىك داۋانلاردىن ئېشىپ كېتەۋەردى ، لېكىن ھەممە جاھان ئاپئاق قار بولغاچقا ، يار يولىغا ياكى مەيىي ، تېتىر ، لەڭگەر تەرەپكە ئۆزۈپ چىقالماي ، يولدىن ئېزىپ قالدى . شاۋاز قارىي بىر چوققىغا چىقىپ ، مەشھەد تەرەپكە قاراپ : «تاغ ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ ، تاغ بىلەن كۆرۈشەلمەيدۇ ، ئەمما ئادەم قانچە يىراقلاردا بولسىمۇ ئاخىر كۆرۈشۈپ ۋىسال ئارزۇسىغا يېتىدۇ . مەنمۇ جەزمەن بۇ قېتىم گۈلخۇمار بىلەن كۆرۈشۈپ ، يا ئۇنىڭ قولى مېنىڭ بوينۇمغا چۈشكەن ، يا مېنىڭ قېنىم ئۇنىڭغا قېنىغا تۆكۈلگەن بولىدۇ» دېدى ـ دە ، بوشاشماي يەنە ئىلگىرىلەۋەردى .

## 4

مۇشۇ كۈنلەردە جۈت ۋە يېغىنۋاتقان قارغا پەرۋامۇ قىلماي ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ ئۆيىدە تويغا تەييارگەرلىك باشلىنىپ ، نەزىر ئاش ئۈچۈن ، مىس ۋە چويۈن قازانلار ئېسىلدى . قوي ،

كالا ، قوتازلار سويۇلدى . يېڭىدىن ياسالغان ھەشەمەتلىك ئۆيلەر-
گە بىساتلار سېلىندى ، يەتمىگەن يەرگە ھەقەمسايىلەرنىڭ ئۆيلە-
رىدىن بىسات ئاچىقىپ سېلىندى .

نادىرخان خوجا قازان بېشى ، چاي ، قولغا سۇ بېرىش ،
ھەربىر ئۆيگە داستىخان سېلىپ گېزەك ، ئاش تارتىشقا ، مېھماند-
لارنى كۈتۈشكە ، دۇئا ئېلىش ۋە ئۇزىتىشقا ، لېگەن ، قاچىلارنى
ئېرتىپ تەييارلاشقا ، ئۇلاغلىق كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئۇلاغلىرىغا
قاراشقا ، قايتقاندا مىندۇرۇشكە ئەر - ئايال قوشنىلارنى ئۆز
لايىقىدا تاللاپ تەيىنلەپ ئورۇنلاشتۇردى . خاتىپ چوڭ مېھمانخا-
نىدىن تولا تەسلىكتە دەھلىزگە قويۇلغان سەندەلگە ئاچىقىپ ئول-
تۇرغۇزۇلدى . ئۇ ھازىر تۇتۇنۇق ① بولۇپ قالغانىدى .

ھويلىدا چوقىغا توشقۇزۇلغان قارىغاي كۆمۈرىگە ئوت يېقىل-
غاندا ، كىچىك داپنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاقلاپ قۇرۇتقان
ياتۇغانچىلار سازنى تەڭشەپ ، دەسلەپ قىلىپ «قەشقەر سەنىمى»
گە چالدى .

يارنى يار دەمدۇ كىشى ،
ياماننى يار دەمدۇ كىشى .
ياخشى يار ياندا تۇرۇپ ،
ياماننى خالامدۇ كىشى .

مەن يىراقتىن يارنى كۆردۈم ،
يار مېنى كۆردىمىكىن .

① تۇتۇنۇق — ئىلمىي پاساھىتى ۋە نۇتۇق قابىلىيىتى تۆۋەن دېگەنلىك .

يۈرىكىمگە ئوت تۇتاشتى ،
يار بۇنى بىلدىمىكىن .
ئا… يارەي ، ۋاي – ۋاي سەنەم .

ساز باشلىنىش بىلەنلا چۇشۇۋاتقان قارغا قارىماي ، ئاۋۋال يېقىندىكىلەر توپ – توپ جامائەت بولۇپ ئارقىمۇئارقا كېلىپ ، دەھلىزگە كىرگەندە ، سۇرىتى مۇبەددىل (رەڭگىرويى بۇزۇلۇپ كەتكەن ) ئابدۇرەھمان خاتىپتىن ئىپسەنلىك سوراپ ، ئاندىن توينى مۇبارەكلەپ ، ئەكەلگەن ئات ، تۆگە ، كالا ، قوي ، يامبۇ ، كۇمۇش تەڭگە ، بەقەسەم ، شايى ، چەكمەن ، تون – تەلپەك ، شىرداق ، كىمخاپ ، مىس ئەسۋاب قاتارلىق توي سوۋغاتلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىدا «ئاز بولسىمۇ» دەپ قويۇپ ، دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن ئۆي – ئۆيلەرگە كىرىپ ، تارتىلغان مېغىز ، قوماچ ، تۇخۇم قاتارلىق گېزەكلەرنى ئاۋۋال نانۇشتىدە شىنە بىلەن قوشۇپ نانغا تۇگۈرۈپ ۋە ئارىلاشتۇرۇپ يەپ ، قالغاننى بالىلىرىنىڭ نېسىۋىسى ئۈچۈن بەلۋاغ ۋە دەس ياغلىقلىرىغا ئېلىشتى . ئاندىن قورۇما پولۇنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان قېزا ۋە گۆشلەرنى توغراپ ، بارماقلىرى ئارىسىدىن يېغى ساقىپ تۇرغان هالدا ئىشتىها بىلەن يېگىلى تۇردى . تارتىلغان ئاش ئاشا – تاشا يېيىلگەندىن كېيىن ، ھەربىر كىشىنىڭ ئالدىغا چوڭ نان ، ئارا نان ، كاكچا ، توقاچ قاتارلىق بىر توققۇز نان تارتىلدى . يەنە چەلپەك دېيىلگەن نېپىز ئىككى نانىنىڭ ئارىسىغا پولۇ ۋە قېزىدىن «ئۆيدىكىلەرنىڭ نېسىۋىسى» دەپ تارتىلىپ ، ئاندىن دۇئايى خەير قىلىپ قايتىشتى .

تويغا كەلگەنلەر ئىشىك ئالدىدىن تارتىپ قاراڭغۇ دالان ، تار

كوچا ، ئەگمە ۋە پېشايۋانلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپ ـ سەپ بولۇپ ، تەسۋىدەك ئۇزىراپ قاتار تۇرۇشۇپ كەتتى . بەزىلەر قار ئۇستىدە دەسسەپ تۇرۇپ تـوڭغـان پـۇتلىرىنى يەرگە ، تامغا ، بىر ـ بىرىنىڭ پۇتلىرىنىڭ ئۇچىغا ئۇرۇشۇپ ئىسسىتماقچى بولۇشتى . بەزى يېلىڭ ۋە جۇۋىسىزلارنىڭ دولىسى قورۇلۇپ ، تۇكلىرى تەتۈر يېنىپ كەتتى . ئاسماندىن ئالتە بۇرجەك كرىستال قار قايرىلما ياقىلىق ۋە قىرغىزچە سەنسەندىن ياقا قىلىنغان جۇۋىلار ، يوغان تەلپەك ۋە قېرىراقلىرى قۇلاقچىلار كىيگەن كىشىلەرنىڭ ياقا ۋە تەلپەكلىرىنى ، تاشقى كىيىملىرىنى چۈمكۈ-ۋەتمەكچى بولغاندەك غەزەپ بىلەن چۈشكىلى تۇردى . ئىشىك ئالدى ، هويلا ، قاراڭغۇ دالان ، تار كوچا ، پېشايۋان ، دەهلىز ، مېهمانخانا ، ساراي ـ ئايۋانلارغا يېقىلغان گۇلخانلارغا هەدەپ يوغان كۆتەكلەر تۆپە ـ تۆپىلەپ سېلىنىپ ، كىشىلەر ئۇنىڭ چۆرىسىدە يەڭگۈشلىنىپ ، قول ـ پۇت ، يۈزلىرىنى ئوتقا تەڭلەپ ئىسسىتىشماقتا ئىدى . يېڭىدىن ئۇلاغلىق كەلگەن ساقاللىق كى-شىلەرنىڭ ئېغىز چۆرىلىرى ، بۇرۇتى قىروداپ ، خۇددى «تويغا كەلگەنگە توي» دەپ ساقالغا مەزەنگە ئاسقاندەك غەيرىي بىر كۆرۈ-نۇش ـ قىياپەت هاسىل بولدى . ئۆيدىن دۇئا قىلىپ ، دەهلىزدە يەنە خاتىپ بىلەن «توي خۇدانىڭ خەزىنىسى ، تويىنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولسۇن ، خەير ـ خوش» دەپ خوشلىشىۋاتقان خالايىق يېڭى مېهمانلارغا ئورۇن بوشىتىشىپ بېرىشىۋاتاتتى . بىرنەچچە خىزمەتكار خاتىپنىڭ يېنىدىكى سوۋغىلارنى ئىچكەركى ئۆيگە تو-شۇپ ، بۇ يەرنى كەڭرىتتى . تويغا سوۋغا قىلىنغان مال ـ ۋاراڭ-لارغا تەيىن قىلىنغانلار دەرۋازا يېنىدىكى ماللارنى تۇرى بىلەن

ھەرقايسى قوتانغا سولاپ ، خاتىرجەم بولۇشتى .

دەلۋە ئېيى باشلىنىپ ، «ئەييامى ئوجۇز» بىلەن تەڭ كىرگەن جۇت ۋە چىرقىراۋاتقان سوغۇق شامال ، قار ئۇچقۇنى قىران دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئوخشىتىپ قۇيغان ھېسپىتەك مۇزلىتىپ تاشلىغانىدى ، دەريا ئاتلاپ كېلىدىغان مېھمانلار بۇگۈن توڭلىغان مۇز ئۈستىدىن ئاتنى ماڭدۇرۇپ ، تويىنىڭ بىرىنچى كۈنى بولغان چارشەنبىنىڭ كۈن پاتىدىغان ۋاقتىغا قەدەر كېلىشتى . بۇ چاغدا ، ياتۇغانچىلار قوللىرىنىڭ توڭلاپ كەتكىنىگە قارىماي ، بويىنىنى سوزۇشۇپ ساتار بىلەن مۇقام ئېيتىۋاتاتتى ، ئەتراپتا ئولتۇرغان قىرىلار دىققەت بىلەن سەمى بولۇۋاتاتتى .

ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ، نېمە بولۇشىنى بىلىش ئەقىلدىن ، ئەمما كېلىدىغان پالاكەتكە چارە ئىزدىمەي ، ھەسرەتلىنىپ ئولتۇرۇش نادانلىقتىن دالالەت بېرىدۇ . بىرەر ئىشنى باشلاش ئاسان ، ئەمما ئۇنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ نەتىجە ھاسىل قىلماق ھەركىمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ . ھېچبىر ئىش غەيرەت ۋە جاسارەتسىز بولمايدۇ . ئەمما ، جايىدا ئىشلىتىلمىگەن غەيرەت ۋە جاسارەتنىڭ پايدىسى يوق . ئىنتىلىش ۋە چارە ـ ئەمەل — ئىنسانغا كامالەت بەخش ئېتىدۇ ، ئۇلۇغلۇققا يەتكۈزىدۇ . ئەقىل ـ ئىدراك قۇياشقا ئوخشايدۇ . ئۇ داغلارنى يوقىتىدۇ . ئىنساندا ئۈمىد بولمىسا ، ھاياتنىڭ لەززىتى يوقىلىدۇ . ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن پۇشايماندىن ۋە كەلگۈسى ئىشلاردىكى مۇشكۇللۇكتىن ئىنساننى تەدبىر ۋە تىرىشچانلىقلا قۇتقۇزىدۇ . ھەربىر ئىشتا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلغان كىشى ھەر ۋاقىت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ . بىخەستەلىك زىيان ـ زەخمەت كەلتۈرىدۇ . ئاددىي ۋە تەبىئىي

هالدا هايات كەچۈرۈش هاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە توغرا يول . بۇ يول ئىنساننى سەمىمي ، ھەقىقەتپەرۋەر ، نومۇسلۇق ۋە قەيسەر بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ . دانالار مۇنداق دېگەن :

كىمكى قىلماس ھەر ئىشىدا ئېھتىيات ،
ئول ئىشىدىن تاپمىغاي ھەرگىز نىجات .

ھەزرەت نەۋائى «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن : «تەۋەككۇل» دېمەك ، يول ۋاستىلىرىنى كېرەك قىلماستىن ، توغرا يولدا مېڭىۋېرىش ، سەۋەب ۋە ئۆزىنى قويۇپ ، ھەممىنى ئاللادىن كۆرۈش . تەۋەككۇلنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا سەۋەبنىڭ رىشتىسى چۈرۈك ، تەقدىرنىڭ مەشئىلى ئالدىدا ۋاستىنىڭ ئۇچقۇنى ئۆچۈك . تەۋەككۇل ئەھلى مەقسەت ۋادىسىغا قەدەم قويىدىكەن ، يولنىڭ ئۆزىقىنى ئاللانىڭ ئېھسانى ۋە ئىنئامى دەپ بىلىدۇ . ھەممە يول كېرەكلىكى تەييار بولغاندىن كېيىن ، ئۇ نېمىدىن خۇش بولۇپ ، نېمىدىن خاپا بولسۇن . دەريادىن ئۆتۈشكە كېمىنى سەۋەب دېسەڭ ، تاپىنى نەم بولماي ئۆتكۈچىلەرگە قانداق سۆزۈڭ بار ؟ باياۋاننى كېسىپ ئۆتۈشكە ئات ـ ئۇلاغنى ۋاستە دېسەڭ ، يەرنى قاتلاپ مەنزىلىگە بارغۇچىلار ئالدىدا ئات ـ ئۇلاغقا نە ئېتىبار...

... تەۋەككۇل ئەھلى بارلىق چارە ۋە ۋاستىلەردىن كۆز يۇمۇپ ، ئۆزىنى تەۋەككۇل دەرياسىغا ئېتىپتۇ ، ۋاستىسىز تەۋەككۇل ۋادىسىغا قەدەم تاشلاپ مەقسەتكە يېتىپتۇ» . نەۋائى بىر پارچە بېيىتتا يەنە : «كىمكى تەۋەككۇل بىلەن يولغا چىقسا ،

ئۇنىڭغا يەل ـ يېغىن ، ئىسسىق ـ سوغۇقتىن ئازار كەلمەيدۇ »
دېگەن .

گۇلخۇمار ، زۆھرە ۋە سارە ئانىلار خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ پۇتۇشۇپ قويغان مەسلىھەتىگە ئاساسەن ، بۇگۈنكى كۈننى بەشكېرەمگە گۇلخۇمارنى قاچۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرستى دەپ تەيىنلەشتى . ئالىمادىس بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۇچۇن ، گۇلخۇمارنى كىيىندۇرۇشكە دەپ ؛ ئۆز لايىقىدا چەكمەن تون ـ تەلپەك ، مەسە ۋە بەلۋاغمۇ تەييار قىلىپ ، مېھرابقا بوغچا قىلىپ قويۇشقانىدى . ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە زۆھرە ئاۋۋال ئاخشىمى ئۆيگە چىقىپ بالدۇرلا ياتقان بولۇپ ، دادىسىنى ئۇخلاتقاندىن كېيىن ، ئۇكىسىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى پەملەپ قويۇپ ، چىراغنى ئۆچۈردى . باشقىلار خاتىرجەم ئۇخلىغىلى تۇرغاندا ، ئۇ چۇراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئەرەنچە كىيىنىپ ، بەلۋېغىنى تەتۈر باغلاۋاتقاندا ، بەلۋاغدىكى پىچاقنى قاملاشتۇرالماي يۈرىكى پوكۇلداپ كەتتى . يەنە غەيرەت قىلىپ ، ھويلىدىكى شوتىنى دولىسىغا ئېلىپ ئىشكتىن چىققاندا ، شوتا ئىشىك بېشىغا تېگىپ ، تاراقشىپ كېتىۋىدى ، تېخىمۇ بەك قورقۇپ ، ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىدى . بۇ چاغدا ، ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ بېغىدىكى ئاشپەزلەر مازنى ياغاچقا يۆگەپ سۇ يېغىغا مىلەپ تەييارلىغان يوغان نۆكچە (مەشئەل ) تۇتقان كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئەتىكى بېرىلىدىغان نەزىر ئاشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى بىلىندى .

زۆھرە شوتىنى تالاغا ئاچىقىۋېلىپ ، ئۆزىنى توختىتىپ ، ئاندىن دولىسىغا ئېلىپ ، دەس كۆتۈرۈپ قار ئۇستىدىن غاچىلداپ

دەسسەپ، خاتىپنىڭ بىغىنىڭ كەينىدىكى بۇرۇن مەسلىھەتلىشىپ قويغان جايغا، يەنى باغنىڭ جەنۇبىدىكى جىگدىنىڭ ئۇدۇلىغا ئاپىرىپ، شوتىنى ئەنجان تامغا چاپلاپ قويۇپ، «ئۇھ» دەپ سول يېڭىنىڭ ئۇچى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى ئېرتىپ، تام تۈۋىدە ساقلاپ ئولتۇردى.

شۇ ئارىدا گۈلخۇمار ئۆيدىن تالاغا نەچچە قېتىم چىقسا، ئاشپەزلەر تۈرلۈك تەييارگەرلىك بىلەن بولۇۋاتقانلىقتىن، ئۇ بىئارام ۋە تىت - تىت بولۇپ، ئاخىر مەھكۇملۇق زەنجىرىگە باغلىنىپ، چارىسىزلىق زىندانىدا مەھبۇس بولۇپ ياتقۇچە، ئىخلاس كەمىرىنى بېلىگە چىڭ باغلاپ، تەۋەككۈل تۇلپارىغا سۇۋارى بولۇپ، زوق - شوخ بىلەن ۋىسال مەنزىلىگە قەدەم قويۇپ، سارە ئانىنىڭ يىغلىغانچە خوشلىشىپ يول كۆرسىتىشى ئارقىلىق باغنىڭ ئەنجان تېمىدىكى شوتا بىلەن ئەمەس، بەلكى يان ئىشىكىدىن قاچتى. ئۇ قاردا تەسلىكتە زۆھرەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئىككىسى بىرلىكتە لەڭگەر يولىغا قاراپ مېڭىشتى.

گۈلخۇمار ئۆز كېيىمىنى يەڭگۈشلىمەي بوغچىنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقتىن، يول ئۈستىدىكى «توقاي بۇلىقى» نىڭ يېنىغا كەلگەندە، زۆھرەنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۈچىسىدىكى ھەممە كىيىملىرىنى شۇ بۇلاقنىڭ تۈۋىگە سېلىپ قويۇپ، ئاندىن بوغچىنى يېشىپ چەكمەننى ئېلىپ كىيدى. ئۇلار تېزلىكتە تاغ يولىغا قاراپ مېڭىپ، لەڭگەردىن ئۆتۈپ مازارغا كەلگەندە، گۈلخۇمار مەرھۇم ئانىسى ۋە ئۆزىنىڭ شور پېشانىسى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. ئاندىن بۇرۇلۇپلا شاۋاز قارىي ئۇنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن بىرنەچچە يىلدىن بېرى تاغ يېرىپ ئاچقان يولغا سەپسېلىپ قاراۋاتقاندا،

مەشۇقلارنىڭ سىردىشى ئاي «كۆرۈۋالغىن» دەپ بولۇت پەردىسىـ
نى يانغا ئىتتىرىپ نۇرىنى سېپىپ بەردى . ئاي يورۇقىدا بۇ
ئىككى «يىگىت» ئالغا ئىنتىلىپ ئاق قارغا «غاچ ـ غۇچ»
دەسسەپ سايىدىنمۇ ، شەپىدىنمۇ ، جىن ـ پەرىدىنمۇ ، قار ـ
بوراندىنمۇ ، ئېيىق ـ بۆرىدىنمۇ قورقماي ، يار ۋىسالىغا بالدۇر ـ
راق قاۋۇشماق ئۈچۈن مېڭىشتى . ئىككى ياشنىڭ ناپاك غەرەز
ئارىلاشمىغان مۇھەببىتىگە ساداقەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ، زۆھرە
ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ۋىجدانىي بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ئالدىرىدى .

## ئون بىرىنچى باب

# نۇرى ئۆچكەن كۆزلەر

1

شاۋاز قارىي يولنى جىددىي داۋام قىلىۋاتقان شۇ پەيتتە ، ئارقىسىدا ئۇنىڭغا قاراپ خىرىس قىلىۋاتقان بىر سەت ئاۋاز ئاڭلاندى . ئۇ بۇرۇلۇپ قارىسا ، قارامتۇل بىر مەخلۇق ئۇنىڭغا دەھشەتلىك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ ، «خارت ـ خۇرت» قىلىپ بىرلا ئىرغىپ ، ئىككى ئالدى پۇتى بىلەنلا چاڭ سالدى .

شاۋاز قارىي قولىدىكى قىرودەك بىسى پارقىراپ تۇرغان ئايپالتىنى قاراڭغۇدا ئۇنىڭغا قاتتىق زەرب بىلەن شىلتىدى . ئەپسۇسكى ، بۇ زەربە ئۇ مەخلۇققا بىرئازلا تېگىپ ، قارىي ئۆز كۈچىنىڭ قاتتىق زەربىسىدىن پىلدىرلاپ كېتىپ قولىدىن ئايپالتا چىقىپ كەتتى ـ دە ، ئۆزىمۇ ئالدى ـ كەينىگە دەلدەڭشىپ قالدى . ئاڭغۇچە ئۇ هايۋاننىڭ چاڭگىلى شاۋاز قارىينىڭ بويىنغا چۈشۈپ ، نەشتەردەك ئاچچىق چىشى ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ دولىسىغا چوڭقۇر پاتتى . شاۋاز قارىي بۇ هايۋاننىڭ قۇلىقىنى چىڭ

تولغاپ تۇتۇپ ، مۇشتۇمى بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ ، يومىلاقلاشقىلى تۇردى . شۇ ئەسنادا هايۋان تېخىمۇ ۋەھشىيلىك بىلەن ئۇنىڭ بوينىنى يىرىك ۋە يىچاقتەك ئىتتىك تىرنىقى بىلەن تارمىلىدى . ئۇنىڭ قۇلاق تۇۋىدىكى ۋىنا تومۇرى ئۈزۈلۈپ ، چاچرىغان قان ئاپئاق قار ئۈستىدە قىزىلگۈل چاچقاندەك يامرىدى ۋە چىپىلداپ ئاققىلى تۇردى . ئاشۇنداق ئەھۋالدىمۇ شاۋاز قارىي ۋەھشىي هاي- ۋاننىڭ قۇلىقىنى قويۇپ بەرمەي ئىلىشىپ ، بىرنەچچە قېتىم يومىلاقلىشىپ ، يۇمىلىنىپ بىر تاشقا كېلىپ توختىدى ـ دە ، بىر قولى بىلەن يەر تاتىلاپ تاش ئىزدەۋاتقاندا قولىغا بىر نېمە ئۇرۇل- دى . ئۇ ئايپالتىنىڭ سېپى بولۇپ ، شاۋاز قارىي ئۇنى قولىغا چىققان يېرىدىن تۇتۇپ ، ئۇ هايۋاننىڭ كەلگەن يېرىگە چاپقىلى تۇردى . ئەمما ئۆزىدىن قان زىيادە كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن هالسىزلىنىپ ھوشىدىن كېتىپ قالدى .

شاۋاز قارىي ئاخىرقى تىنىقىدا : «گۈلخۇمار ، گۈلخۇمار ، سىز ... سىز ...» دەپ ئاپئاق قار ئۈستىدە قىپقىزىل قانغا مىلىنىپ ، چىشلىرى كىرىشكەن هالدا كۆزى مەشھەد تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتقاندەك تۇرۇپ مۇزلاپ قالدى .

* * *

گۈلخۇمار بىر ئالدىغا ـ بىر كەينىگە قاراپ ، ھەربىر شەپە- دىن ئۆزىچە تېنى ئەيمىنىپ ، شاۋاز قارىي ئۇنىڭغا ئاتاپ ياسىغان يول بىلەن ھەدەپ ئىلگىرىلەپ بەشكېرەم تەرەپكە چىقىشقا ئىنتىد- لىپ مېڭىۋاتقاندا ، تاغ گۈمۈرۈلگەندەك قاتتىق يىقىلغان بىر

نەرسە تاغ ئۈستىدىن ئۇلار ماڭغان يولغا چۈشتى ، ئاندىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھۇۋلىدى ۋە خارقىراپ تىپىرلاپ ـ تىپىرلاپ باقتى ، ئەمما قوپالمىدى .

زۆھرە بىلەن گۈلخۇمارنىڭ جېنى بۇ ئارىدا نەچچە چىقىپ ، نەچچە كىردى . ئۇلار بىر قاپتالدا بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن يەنە مېڭىپ ، يىقىلغان ئۇ مەخلۇقتىن يانداپ ئۆتۈپ كەتتى . ئۇلار بىر ـ بىرلىرىنى يۆلىشىپ ، دولىسىغا دولىسىنى تىرەپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن ، تاغ تەرەپتىن چۈشكەن بىرنەچچە نەرسىنىڭ كۆلەڭگىسى قار ئۈستىدە ئايدىڭدا كۆرۈندى . ئۇلارنىڭ تېنى ئەيمىنىپ ، مۇزدەك تەرلەپ كەتتى . تاغنىڭ بىر ئۆڭكۈرىدە تۇ-رۇپ ، زۆھرەنىڭ يادىغا پىچاق يېتىپ ، ئۇيان ـ بۇيانلىرىنى ئاختۇرۇپ ، قوينىغا قول سالسا ، ئۆكسىنىڭ تون چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن قولىغا چاقمىقى چىقتى . ئۇنى تاش بىلەن سۈركەپ بىر قېتىم ياققاندا ، ئالدىدا كۆرۈنگەن ۋە ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئىتتەك نەرسىنىڭ كۆلەڭگىسى يوقالدى . زۆھرە گۈلخۇمارغا قاراپ :

— گۈلخۇمار ، بىز ھازىر ئىككى ئۆلۈمنىڭ ئارىسىدا قال-دۇق . ئارقىغا قايتساق ، كەينىمىزدىكى ئىتقا ئوخشىغان نەرسى-دىن ھەم شۇۋىرغان بىلەن بولۇۋاتقان بۇرچىتىن قۇتۇلۇش تەس . پەقەت غەيرەت قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىسەكلا ئادەم بار يەرگە يېتى-شىۋېلىشىمىز مۇمكىن ، بوشاشمىغىن ، — دەپ ئۇنى روھلاندۇر-دى .

ئەمما ، بۇ چاغدا گۈلخۇمارنىڭ سۇنۇپ ساقايغان بېلى مۇز-دەك تەردىن كېيىن قاتتىق ئاغرىغىلى تۇردى . ئۇ زۆھرە بىلەن

مېڭىۋېتىپ :

— زۆھرە ، مېنىڭ شاۋاز قارىيغا بولغان ساپ مۇھەببىتىم۔نى دۇنيادا سەنلا بىلىسەن . ئۇنىڭ بىلەن بىر كۈن ھالال ئەر ـ خوتۇن بولسام ، ئۇنىڭغا 100 كۈن مېھىر قويىمەن دېگەن نىيىتىم بار ئىدى . ئەمما مەن ھازىر پەقەت بولالمايۋاتىمەن ، پەقەت••• — دەپلا ساڭگىلاپ بوشىشىپ كەتتى .

— غەيرەت قىل ، يەنە ئازغىنا چىدا ، — دەپ ، زۆھرە ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ماڭغۇزدى .

زۆھرەمۇ تەرلەپ ئېقىپ كەتتى ۋە يولدىن ئاداشتى . دەل شۇ چاغدا ھېلىقى «ئىت» لار يەنە ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ بىللە ماڭغىلى تۇردى . بۇ چاغدا گۈلخۇمار غەيرەتكە كېلىپ ، ئىككى تىزىنى تۇتۇپ مۈكچىيىپ ماڭدى . زۆھرە ئۇنىڭ دولىسى۔دىن تۇتۇپ ، ئالغا سۆرىدى . ئاڭغۇچە «ئىت» لار يېقىنلا يەرگە كېلىپ خىرىس قىلماقچى بولغاندا ، زۆھرە يەنە چاقماقنى ياندۇر۔دى . ئوتنى كۆرگەن «ئىت» لار يېقىن كېلەلمەي ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا خىرقىراپ تۇرۇشتى . بۇ چاغدا گۈلخۇمار «ماڭايلى» دېگەن بولسىمۇ ، ئۆرە تۇرۇشقا ۋە ياكى مۈكچىيىپمۇ مېڭىشقا قادىر بولالماي ، قولىنى قار ئۈستىدە قويۇپ ، ئۆمىلەپ مېڭىپ ، سۇلتان مىچى ئاتام گۈمبىزىگە يېقىن كەلدى ۋە گۈمبەز ئۈستىگە زۆھرە ئاۋۋال گۈلخۇمارنى ئارقىسىدىن يۆلەپ چىقاردى . ئۇنىڭ۔دىن كېيىن ئۆزى چىقماق بولۇپ ، ھەرقانچە غەيرەت قىلسىمۇ گۈلخۇمارغا نىسبەتەن سەل گۆشلۈكرەك بولغاچقا ، زۆھرە ئۆزىنى گۈمبەز ئۈستىگە ئالالمىدى . ئاڭغۇچە «ئىت» لار يېقىن كېلىپ خىرقىراشتى . بۇنى كۆرگەن گۈلخۇمار چىدىيالماي ، گۈمبەز ئۈستىدىن ئۆزىنى قويۇپ بەردى ۋە يەرگە دومىلاپ چۈشكەندىن

كېيىن ، «ئىت» لار دەرھال ئارقىسىغا سەل ياندى . گۈلخۇمار لېۋىنى چىشلىگەنچە ئورنىدىن تۇرۇپ ، زۆھرەنى يۆلىدى .

— ئەزىز دوستۇم ، سەن مېنى دەپ ھاياتىڭدىن ئايرىلما ، سەن ئۇچۇن مەن نېمە بولسام مەيلى ، گۇمبەز ئۈستىگە سەن چىق ! — دەپ ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ چىقىرىپ ، ئۆزى زۆھرەنىڭ ھايات قېلىشىغا سەۋەبكار بولدى .

گۈلخۇمار ئارقىسىدىن خىرىس قىلغان «ئىت» لار ئۇچۇن سۇلتان مىچى ئاتام ئەتراپىغا باغلانغان كۇنگۇرىلەرنىڭ خىشلىرى-نى قومۇرۇپ ئاتقىلى تۇردى . ئالدىدىن كەلگىنىگە بىر خىشنى ئېتىشى بىلەنلا يان تەرەپتىن كەلگەن ئۈچىنچى «ئىت» ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىپلا ، گۈلخۇمارنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىدى . گۈلخۇمار قار ئۈستىگە قاپقارا چېچى بىلەن بىللە يىقىلىپ ، «ۋايجان··· » دەپ چىرقىرىدى ۋە شۇئان ھەممە تەرەپتىن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ، گۆشىنى پارچىلاپ بىر يۇتۇم - بىر چىشلەمدىن يۇلۇۋاتقان «ئىت» لارنىڭ بۆرە ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلدى .

— زۆھرە ···— دەپ نىدا قىلدى گۈلخۇمار ۋە — ھازىر مېنىڭ پۈتۈم تەرەپنى بۆرىلەر يەپ بولدى ، ئەمما روھىمنى يېيەل-مەيدۇ . سەن مېنىڭ شاۋاز قارىيغا بولغان ساپ مۇھەببىتىمگە ، قىيامەتلىك رودىغارى بولىدىغانلىقىمغا گۇۋاھ ··· بول ··· غىن ···— دېگەندىن كېيىن ئاۋازى پۈتۈنلەي ئۆچۈپ كەتتى···

*　　　　*　　　　*

مانا مۇشۇنداق قىلىپ ، مىلادىيە 1668 - يىلى دەلۋە پەس-لى ، يەنى فېۋرالنىڭ 21 - كۈنى پەيشەنبە سەھەردە بۇ بىر

جـىۋپ ئـاشىق ـ مەشۇقنىڭ كۆز نۇرى ئۆچتى . بۇ چاغدا ئۇچ-قۇنداپ چۇشۇۋاتقان بۇرچ قار پاك ، مەسۇم ، گۇناھسىز ، زىلۋا قىز گۇلخۇمارنىڭ سۆڭەكلىرىنى ، ئەرەنچە كىيىم ۋە مەسە ، تەلپىكىنى ، قىزچە ئۆرۈلگەن 21 تال چىچىنى يەرگە كۆمۈشكە ئالدىراپ چۇشۇۋاتقانلىقىنى زۆھرە گۇمبەز ئۇستىدە كۆرۈپ تۇر-دى . ئۇنىڭ يادىغا ۋاپادار مەشۇقلەردىن بىرىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئوقۇغان تۆۋەندىكى شېئىرى كەلدى :

ئايا چەرخى زالىم پۇتتىمۇ ئىشىڭ ،
شۇدۇر ئەمدى ئىشق ئەھلىگە قىلمىشىڭ .
سېنىڭ ئىشىڭ بولدى جاپاكارلىق ،
كى يوق سەندە ھەرگىز ۋاپاكارلىق .
ئەزەلدىن ئەبەد كىمگە قىلدىڭ ۋاپا ،
ۋاپا ئەھلىگە يەتتى سەندىن جاپا .

* * *

دانالار : «ئىسراپچىلىق — ئەھمىيەتسىز ۋە پايدىسىز ئىش-لارغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتۇر . قولىدا بار پۇل ـ مالنى كېرەكلىك جايلارغا سەرپ قىلىش ، ياخشى باشقۇرۇش ئۇچۇن ، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش لازىم . ئىسراپچىلىق قىلىش ئىنتا-يىن نادانلىقتۇر . ئىسراپخورلۇق ئارقىسىدا يوقسۇزلۇق ، باشقى

لارنىڭ پۇل ـ مىلىغا تەمە ۋە ھەسەت كېلىپ چىقىدۇ» دېگەن . ئەگەر ئىسراپچىلىق ۋە ھەشەمەت بىلەن قىلىنغان توي ئەلنىڭ قەلبىگە ياقسا ئىدى ، خەلىپە مەئمۇن ① ئۆتكۈزگەن ئوغۇل تويىنىڭ داغدۇغىسى ۋە ياخشى نامى ئالەمگە مەشھۇر بولغان بولاتتى .

چارشەنبە سەھەردە ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ھالىغا يارىشا داغ-ۋازلىقى بىلەن باشلانغان بۇ توي ئەتىسى پەيشەنبە (تويىنىڭ ئىك-كىنچى كۈنى) كۈنىمۇ داۋاملاشتى . تويىنىڭ نەزىر ئىشى بېرىلى-ۋاتقان پەيتتە ، زۆھرەنىڭ دادىسى قابىلغا ئامبارنىڭ ئاچقۇچى جىددىي لازىم بولۇپ ، گۈلخۇمارنىڭ يېنىغا سوراپ كىردى . گۈلخۇمارنىڭ ئاخشام ياتقان ئورنى يىغىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپلا ئۇ :

— گۈلخۇمار ، گۈلخۇمار ، ۋوي خۇمارگۈل ، — دەپ بىر-نەچچە قېتىم تووۋلىدى ئورۇننىڭ باش تەرىپىدە تۇرۇپ .

ئاۋاز چىقمىغاندىن كېيىن ، ئۇ كېلىپ ئورۇننى ئاستا ئې-چىپ قاراپ ، گۈلخۇمارنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى . ھەيران بولغان قابىل شۇ ئان كىرىپ سارە ئانىدىن گۈلخۇمارنىڭ قەيەردىلىكىنى سورىدى . سارە ئانا بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ، قابىل دەرھال خاتىپنىڭ يېنىغا چىقىپ ئەھۋالنى دېدى . خىزمەتكارلار ئۆيلەرنى ، باغ ، ھويلا ، ئۆگزە ، سامانلىق ، قوتان ، ئوتۇنخانا ، ئامبار ، ھەتتا قازناق … لارنى قېدىرىشتى . خاتىپ دەھلىزدە

---

① مەئمۇن — خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ ، 813 ـــ 833 ـ يىللارغىچە خەلىپە بولغان . ئۇنىڭ تويى 825 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ ، كېلىننىڭ ئايىغى ئاستىغا سېلىنغان پاياندار ئۈچۈن بىرقانچە مىليون ئالتۇن دىنارلىق گۆھەر ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىت ئىشلىتىلگەن ، كېلىننىڭ بېشىدىن يەنە بىرمۇنچە دىنار چاچقۇ قىلىنغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ توي ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىقنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ ، شەرقنىڭ «كىتابۇلئاغان» … قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلىرىدە تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن .

پىتىرلاپ پەقەت ئولتۇرالماي ، پىخىلداپ يىغلاشقا باشلىدى . بۇ خەۋەر نادىرخان خوجىغا يېتىپ ، ئۇمۇ ئىزتىراپقا چۈشتى . بۇ ئىشتىن بىخەۋەر ياتۇغانچىلار ئۆز ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئادا قىلىپ ، «غېرىب ـ سەنەم» داستانىدىن ئارىيە ئوقۇۋاتاتتى :

چىمەنلەرنىڭ ئىچىدە نازۇك چىمەن بار ،
راستتىن ئېيتقىن جان ئانا ، گۈلنى كىم تىزدى .
يەتكىن مېنىڭ ھالىمغا ، ئەيلىگىن ئىزھار ،
راستىن ئېيتقىن جان ئانا ، گۈلنى كىم تىزدى .

نە چىمەندۇر ، جان بالام ، مەندىن سورايسەن ،
ھەممە گۈلنى ئۆزۈم تىزدىم ، بايان ئەيلەيىن .
كۆندە يۈزمىڭ خىيال بىلەن چىمەن باغلايمەن ،
قايسىبىرىنى بوتام ساڭا بايان ئەيلەيىن .
...

خاتىپ زۆھرەدىن سۈرۈشتۈرۈشنى تاپىلىغاندىن كېيىن ، قابىل ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ، زۆھرەنىڭمۇ يوقلۇقىنى بىلدى . ئۇ ئۆينى ، باغ ـ ھويلىنى ئاختۇرماقچى بولغاندا ، ئۆگزىگە چىقىدىغان شوتىنىڭ يوقلۇقى بىلىندى . ئاختۇرغۇچىلار «بىرەر ئېگىز جاي ، ئۆگزە ياكى چوڭ دەرەخلەرگە چىقىۋالدىمىكىن» دېگەن گۇمان بىلەن مەھەللە ئەتراپىدىكى مەسچىت ، مازار ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆگزىلىرىنى ، يوغان دەرەخ ۋە بېدىشلارنىڭ ئۈستى-

نى ئاختۇرۇپ ، ئاخىر شوتا خاتىپنىڭ بىغىدىكى ئەنجان تىمىغا قويۇقلۇق تۇرغانلىقىنى بايقاشتى .

قەدەم ئىزلىرىغا سەپسىلىپ ، قارغا چۈشكەن ئىزنىڭ تاپىنىدىن ئىز بېسىپ «توقاي بۇلاق» قا قوغلاپ بارغاندا ، بۇلاقنىڭ لېۋىگە سىلىپ قويۇلغان گۇلخۇمارنىڭ كىيىملىرىنى كۆرۈشتى . كەلگەنلەر «بۇلاققا ئۆزىنى تاشلىغان بولسا كېرەك» دېگەن گۇمانى بەت بىلەن ئۇن تارتىپ «ئىسىت !...» دەپ يىغلىشىپ ، بۇلاقنىڭ ئىچىگە ۋە ئەتراپىقا كۆزلىرىنى تىكىشىپ سەپسىلىپ ، يا جەسەتنىڭ ياكى تىرىكنىڭ خەۋىرىنى بىلەلمەي ، گۇلخۇمارنىڭ كىيىملىرىنى كۆتۈرگىنىچە نا ئۈمىد يېنىپ كەلدى . بۇ چاغدا ياتۇغانچىلار تېخىچە ساز چېلىۋاتاتتى :

تەقدىر ئاللا ، سۇبھانالللا ،
تاغنى ياراتتى .
تاغ ئاراسى قاراڭغۇ دەپ ،
ئاينى ياراتتى .

ئاي ئالدىدا ، كۈن كەينىدە ،
پەلەك ئىچىدە .
ئۆچمەس ئىشقى گۇلخانىڭىز ،
يۈرەك ئىچىدە .

نادىرخان خوجا ئىزچىلار ئەكەلگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا ياتۇغانچىلارغا ھومىيىپ قاراپ : «توختا !» دەپ توۋلىدى . مانا شۇ

چاغدىلا ئۆيدىكى پاراكەندىچىلىك ئاشكارىلاندى . توي ـ تويلۇقتا ، ئاش ـ ئاشلىقتا ، مېھمانلار ـ مېھمانلىقتا قېلىپ ، ئاسمان كۆمـ تۈرۈلۈپ كەتكەندەك ھەممە ئۆرتتۆپە بولۇپ كېتىشتى . نادىرخان خوجا خاتىپنىڭ قېشىغا كىرىپ ، گۇماننى سورىۋىدى ، ئۇ ئىنـ جىقلاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن :

— ئۆتكەن ئايدا ، مېنىڭ قېشىمغا مەشھەدلىك ئەھمەد سەھـ ھابچى بىلەن تەختىيۇندىكى نورۇز بەشكېرەمنىڭ ئىتلە كەنتىدىكى مەرھۇم رەھمان شىرىنچىنىڭ ئوغلى شاۋاز قارىيغا قىزىمنى سوراپ كەپتۇكەن . مەن ئۇ زاتى پەسلەرنىڭ بوسۇغامغا دەسسىگەنـ لىكىنى ئۆزۈمگە ئار بىلىپ رەت قىلسام ، ئەھمەد سەھھابچى «مۇبادا قىزىمىزنىڭ رايى بولسىچۇ ؟» دېدى . مەن بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئازار يېدىم ۋە ئويغا چۈشتۈم . ئەھمەد سەھھابچى دېگەن زىيادە مۇپەتتىن (پىتنىخور ) ئادەم . بى تەقدىر ئۇ بىر سۇيىقەست قىلىپ ، خىيالى فاسىد تۇغدۇرمىغان بولغاي ؟ — دېدى .

— ئۇ ئۆزى مەدرىسە تالىپى ، — دېدى نادىرخان خوجا غەزەپلىنىپ ، — بىر نەرسە بىلگەن ، ئوقۇغان ئادەملەر يامان بولىدۇ . ئۆتكەندە مەن بىر تەزكىرە كىتابىنى مۇقاۋىلاتقىلى بارـ سام ، ئۇ بىكاردىن ۋە ئورۇنسىز ھالدا تويىمىزنى سورىدى . ئارقىسىدىنلا شۇنىڭغا باھانداپ بىزنىڭ ۋە ئوغلىمىزنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرىدىغان كىنايە بىلەن دارتىملاپ قاپسىدى . ئۇنىڭ قورسىقىدا زادى سىلى ـ بىزگە نىسبەتەن بىر غۇمى بار . دەرھال ئۇلارنى تەقىبكە ئېلىش كېرەك .

بۇ پىكىرگە خاتىپمۇ قوشۇلدى ھەم «ھېلىقى ئىتلەلىكنىڭ ئۆيىنىمۇ قېدىرىشقا ئادەم تەيىنلەيلى» دەپ قوشۇپ قويدى .

ئاتلىق ئەۋەتىلگەن تەقىبچىلەر ئەھمەد سەھھابچى ۋە نورۇز-نىڭ ئۆيلىرىنى ، باغۋارانلىرىنى ، ئۆگزە ـ بالىخانىلىرىنى ، دالان ـ قازناقلىرىنى ، ئېشەك ئېغىلى ، توقۇم ، لىڭگىلچاق تېگە-لىرىنى قويماي ئاختۇرۇپ ، ئاخىرىدا ھەر ئىككىسىنى باغلاپ ، پىيادە ۋە يالاڭئاياغ قارغا دەسسىتىپ ، ئات ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىپ ، «قىزنى تاپ» دەپ ئازابلىغاندىن تاشقىرى ، ئۇلارنى ئېغىلغا سولاپ قويۇشتى .

## 2

بەشكېرەم ئىتلەگە ماڭغان يەتتە ئاتلىق كىشى لەڭگەردىن ئېلىنغان يول بىلەن مېڭىپ ، ئەگمە داۋاندىن ئېشىپ ، پەسكە چۈشتى . غارغا يېقىن كەلگەندە ، ئۇلار مىنگەن ئاتلار «خارت ـ خۇرت» قىلىپ ئۈركۈپ ، قامچا ئۇرسىمۇ ھېچقايسىسى ئالدىغا ماڭغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى .

ئاتلىقلار «نېمە ئىش بۇ ؟» دەپ ئاتتىن چۈشۈپ قوللىرىغا چوماق ـ كالتەكلەرنى ئېلىپ ، ئالدىدا كۆرۈنگەن قارىنىڭ قېشىدا-غا بېرىپ قارىسا ، پۈتكۈل ئەزايى ـ بەدىنى چانالغان ۋە قانغا بويالغان بىر مەخلۇق ئىكەن . ئۇلار يېقىنراق بېرىپ سەپسېلىپ كۆرگەندە ، بۇ مەخلۇق ئادەم ئېيىقى ئىكەن . ئاڭغۇچە باشقىلارمۇ ئاتتىن چۈشۈپ كۆرۈپ ، «راست بۇ ئادەمسىمان ئېيىق ئىكەن» دېيىشتى . ئۇ قان ئىچىگە مىلىنىپ ئۆلۈپ قالغانىدى . ھەممەيلەن ھەيران بولۇشۇپ ، «كىم بۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق تۇتۇشۇپ چاند-غاندۇ» دېيىشتى . ئۇلاردىن بىرى :

— ئېيىق دېگەن زىيادە كۆچتۆگگۈر هايۋان ، ئەڭ كىچىكىدە يەتتە ئادەمنىڭ كۈچى بار . ئۇ بىرنىڭ تاغلاردا تولا . قەدىمدە ئۇنى ئوۋلاشقا چىققاندا ، ئوۋچى پالۋانلار كۆلىنى سۇغا چىلاپ ، ئوڭ قولىنىڭ ئۇچىدىن تا دولىسىغىچە يۆگەپ ، يەنە تۆپىسىگە ياندۇ-رۇپ يۆگەپ ، ئوڭ قولىنى تۈۋرۈكتەك قىلىپ ، ئېيىق ياكى يولۋاس چىشلىسە ئۆتمىگۈدەك بولغاندا ، ئاندىن ئوۋ قىلغىلى چىقاتتى . مۇبادا ، ئۇ ۋەھشىي ياۋايىلار ئۇچراپ قالسا ئالدىغا بېرىپ ، كۆلا يۆگەلگەن ئوڭ قولىنى ئۇ ياۋايىلارغا تەڭلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ چىشى قېرىشىپ ، «غاز» قىلىپ ، كۆلالانغان قول-نى چىشلىگەن هامان ، ئوۋچى پالۋانلار سول قولىدا تۇتقان خەن-جىرىنى «غاچ» قىلىپ ئۇنىڭ بېقىنىغا تىقىدىكەن . بۇ چاغدا ، ئۇمۇ پالۋاننى چىشلەپ ، 10 ـ 20 قەدەمگە ئېتىپ تاشلاپ ، ئۆزىمۇ قانىسىراپ ئۆلىدىكەن . ئېھتىمال ، بۇ ئېيىقمۇ ئاشۇنداق بىر پالۋان بىلەن تۇتۇشقان گەپ . بولمىسا ، ئۇنىڭ ھەممە يېرى مۇنداق چانالغان قىيما بولۇپ ئۆلمەيتتى ، — دېدى .

بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بەزىلەر «ئېيىقنى ئاتقا ئارتىپ كېتەيلى» دېيىشتى ، ئاتلار ئۈركۈپ يېقىن كەلمىدى . يەنە بەزىلەر «ئوۋ بىرنىڭ» دېيىش ئۈچۈن ، ئېيىقنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىۋې-لىشنى ئېيتتى . بىرەيلەن يېنىدىن خەنجىرىنى ئېلىپ ئېيىقنىڭ كېسىلگەن قولىنى ئالغاندىن كېيىن ، ھەممەيلەن ئاتلىرىغا مى-نىپ ، «سۇلتان مىچى ئاتام» مازىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ، ئىلى-لەگە قاراپ ئات سېلىشتى .

مۇشۇ پەيتتە ، پۈتكۈل يۇرتتىكىلەر شاۋاز قارىينى قاردىكى ئىزىنى بويلاپ ئىزدەپ مېڭىپ ، قۇمالتاغ ئۈستىگە چىققاندا ، بىر

قاپتال ئالدىدا قىپقىزىل قانغا بويالغان بىر ئىزنى ئۇچراتتى. قاننىڭ تېمىپ كەلگەن تەرىپىنى بويلاپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بىر جايغا بارغاندا بىر قىزىللىق كۆرۈندى. كىشىلەر تېپىلىپ، دوڭ-غاقلاپ، تاشلارنى تارمىلىشىپ مېڭىپ ئۇ يەرگە چىققاندا، شاۋاز قارىينىڭ قار ئۈستىنى لالىزارلىققا ئوخشاتقان پاك قېنى ھەممە يەرگە چاچراپ ئاجايىپ تۇس بەرگەنىدى. ئۇنىڭ تاتىرىپ ۋە مۇزلاپ قالغان گەۋدىسى، كۆزى يۇمۇلمىغان جەستى ۋە سول قولىدا تۇتقان ئايپالتىسى زالىملاردىن ھەرقاچان ئىنتىقام ئېلىشقا تەييار تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئاھ قېرىندىشىم، ئاھ بىر تۇغقىنىم، ئاھ جىگىرىم، ئاھ باغرىم ...— دەپ نالە - پەرياد قىلىشىپ، پۈتكۈل ئىتلەلىك-لەر قىيامەت قوپۇردى.

ئاڭغۇچە پۈتكۈل يېزىنى، شاۋاز قارىينىڭ ئۆيىنى تىنتىپ يانغان ئاتلىق مالايلار بۇ يەرگە كېلىشتى. ئۇلار بۇ يەردە ئۆلگۈچى يىگىتنىڭ شاۋاز قارىي ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ جەستى ئالدىدىكى نالە - زارنىڭ پۈتكۈل قومالتاغنى قاپلىغانلىقىدىن ئىككىلىنىپ قېلىشتى. شۇ يەرگە لەڭگەر كەنتىدىكىلەردىن بىر-نەچچىسى كېلىپ:

— بۈگۈن سەھەردە تاغدىن ئوتۇن تېرىپ كېلىۋاتقان ئوتۇن-چى «ئاشىق» دېگەن كىشى «سۇلتان مىچى پاچچىم» غا يېقىن كەلگەندە، گۈمبەز ئۈستىدە تۇرغان بىرەيلەننىڭ توۋلىغان ئاۋازى-نى ئاڭلاپتۇ. ئۇ يەرگە بېرىپ قارىسا، بىر ياش يىگىت ئىكەن. ئۇنى گۈمبەزدىن سىيرىلدۇرۇپ چۈشۈرگەندە، مۇزلاپ قالغىلى تاسلا قاپتىكەن. گۈمبەز ئالدىدا يەنە بۆرە يەپ كەتكەن بىر خوتۇن

كىشىنىڭ سۆڭەك ۋە كىيىملىرى ، چېچى ، مەسىسى بارمىش . هازىر ئۇ يىگىتنى ئوتتۇنچى «ئاشىق» نىڭ ئۆيىدە دەپ ئاڭلىدۇق . بىز ئۇ يەرگە بارماقچى بولغاندا ، شاۋاز قارىينىڭ مۇسىبەت خەۋىرى يېتىپ كەلدى ، — دېيىشتى .

بۇ خەۋەر مۇسىبەتدارلار ئارىسىغا تارقىلىپ ، يىغا پەسەيدى . ئىتلەلىكلەر دەرھال قوللىرىدىكى ھاسىنى بىر ـ بىرىگە سۇنۇ-شۇپ جىرغا قىلىپ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە شاۋاز قارىينىڭ جەسىتىنى ياتقۇزۇپ كۆتۈرۈپ ، پەسكە چۇشۇشتى ۋە «سۇلتان مىچى پاچ-چىم» بۇزرۇكۋارنىڭ مازىرىغا دەپنە قىلىش ئۇچۇن ئېلىپ ماڭ-دى . يۇرتقا كەلگەندە ، بەزىلەر «يۇيىمىز ، كېپەنلەيمىز . بىرنەچ-چە كۇندىن كېيىن كۆمىمىز» دېسە ، بەزىلەر «شاۋاز قارىي بىشەك شېھىت ئۆلدى . شېھىت مۇردىنى يۇيۇش ، كېپەنلەش هاجەتسىز ، كىيىمى كېپەن ، شاھادەت قېنى غۇسلىسى» دەپ ، دەپنە قىلىش ئۇچۇن «سۇلتان مىچى پاچچىم» غا ئاپاردى . مازار ئالدىغا يىغىپ قويۇلغان ئادەم سۆڭىكى ، كىيىمى ، مەسىسى ، تەلپىكى ، 21 تال ئۆرۈلگەن قىزچە چېچى ۋە ئۇ چاچتىكى كۆز مونچاقلارنى كۆرۈپ ، «كىيىمى ئەركىشىنىڭ ، ئەمما چېچى قىز-چاقنىڭ» دەپ كىشىلەر ھەيران بولۇپ ، غۇلغۇلا قىلىشتى .

ئوتتۇنچى «ئاشىق» ئۆيىگە ئەكەتكەن «يىگىت» مۇ بۇ يەردى-كى دەپنە نامىزىغا كەلگەندى . مېيىتنىڭ نامىزى ۋە بۆرە يەپ كەتكەن نامەلۇم كىشىنىڭ سۆڭىكى بىلەن چېچىنىڭ نامىزى ئوقۇلۇپ ، «سۇلتان مىچى پاچچىم» مازىرىدىكى شام گۆرنىڭ ئوڭ ۋە سول گۆرىگە قويۇلۇپ ، شاھادەتلەر توگەپ جامائەت قايتىش ئالدىدا تۇرغاندا ، ھېلىقى «يىگىت» تاغ تۆۋىنىدىكى كى-

چىكرەك بىر دۆمبەل ئۈستىگە چىقىپ ، جامائەتكە قاراپ ، ئىنچىكە ئاۋازدا دۇدۇقلۇپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— يۇرت كاتتىلىرى ، جامائەت . بۇنىڭدىن تۆت ـ بەش يىل بۇرۇن كۈز مەۋسۇمىدا «ھەزرەت سۇلتان» نىڭ زىيارىتىگە كونا شەھەر ۋە توققۇز يۇرتتىن ناھايىتى كۆپ تاۋاپچىلار سەيلىگە بارغانىكەن . شۇلارنىڭ قاتارىدا بەشكېرەم ئىتلە كەنتىدىكى مەرھۇم رەھمان ئاخۇن شىرىنچىنىڭ ئوغلى شاۋاز قارىي دېگەن قارىيقۇرئان يىگىتمۇ بارغانىكەن …

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ، ھەممە تەڭ چۇرقىرىشىپ : «شاۋاز قارىي دېگەن ئاشۇ يىگىت مۇشۇ كۆمۈلگەن مۇردا شۇ !» دەپ ، توۋلىشىپ كەتتى . جامائەتنىڭ غۇلغۇلىسى بېسىققاندىن كېيىن ، دۆمبەل ئۈستىدە تۇرغان ھېلىقى «يىگىت» سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— بۇ ھاپىزى كالامۇللا يىگىت «ھەزرەت سۇلتان» قەبرىسى يېنىدا ئولتۇرۇپ ، فەسىھ ئاۋاز بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان چاغدا ، ئۇنىڭ يېنىدىن ئاتۇش ئازنا مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئابدۇرەھمان ئاخۇنۇمنىڭ قىزى گۈلخۇمار ۋە ئۇنىڭ يەنە بىر ئادىشى ئۆتۈپتۇ . قارىنىڭ مۇلايىم ئاۋازى ، سىياقى ، خوش پىچىملىقى ، بەشىرىسىنىڭ ئوچۇقلۇقى ، ياخشى ئەخلاقىنى بىر كۆرۈش بىلەنلا گۈلخۇمار ئۇنىڭغا ئاشىق بوپتۇ . شاۋاز قارىي ئازنا مەسچىت ئالدىدىكى چوڭ كۆل بويىدا بىر قېتىم مۇلاقەت بولۇپ ، قىزغا مەھلىيا بوپتۇ . ئۇلارنىڭ ساپ مۇھەببىتى كۈندىن ـ كۈن ، ئايدىن ـ ئاي ، يىلدىن ـ يىل ئۆتكەنسېرى زىيادە بولغىلى تۇرغان چاغدا ، خاتىپ دادىسى گۈلخۇمارنى ئالتىن ئاتۇش خوجىلىرىدىن

بولغان نادىرخان خوجىنىڭ بىۋاك ئوغلى سۇنئۇللا خوجىغا بەر-مەكچى بولۇپ، تەييارلىقتا بولغان.

بۇ گەپنى ئاڭلاۋاتقان جامائەت ھەيران - ھەس بولۇپ، جىمجىت ھالدا تۇرۇشاتتى: ئۇ «يىگىت» سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— گۈلخۇمارنىڭ مەسلىھەت كۆرستىشى بىلەن شاۋاز قارى ئالتىن ئاتۇش مۇساپاتىدىن ئىككى بۇرادىرىنى ئەلچىلىككە ئەۋە-تىپ، كۈيئوغۇل بولۇشنى، ئۆرپىمىزگە مۇۋاپىق نىكاھ بىلەن ھەقىقىي نومۇسلۇق ئىنسانلاردەك ئۆتۈپ، خىزمىتىنى بەجانىدىل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەمما، خاتىپ بۇ ئەلچىلەرنى سەت-لەپ - ھاقارەتلەپ ياندۇرغاندىن كېيىن، تېڭىلغان ۋە خۇمارگۈل رازى ۋە راغىب بولمىغان توي ئىشى بېرىلگەن بىرىنچى كۈنى ئاخشىمى گۈلخۇمار ئۆزى ئىختىيار قىلىپ، دوستى بىلەن ئۆيىـ-دىن قېچىپ چىققان. ئۇ ئاشىقى شاۋاز قارىينىڭ ئۆيىگە كېتىۋې-تىپ، مۇشۇ مازاراتقا كەلگەندە، ئارقىسىغا چۈشكەن چىلبۆرىلەر ئۇنىڭغا تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان، گۈلخۇمار چەبدەسلىك بىلەن «سۇلتان مىچى ئاتام» نىڭ گۈمبىزى ئۈستىگە چىقىۋال-غان. ئۇ گۈمبەز ئۈستىدە تۇرۇپ، پەستىكى دوستىنىڭ قولىنى بىرنەچچە قېتىم تارتسىمۇ سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۆز دوستىنىڭ بۆرىلەرگە يەم بولۇپ كېتىشىنى خالىماي، ئۆزى گۈمبەز ئۈستىدىن سىيرىلىپ يېنىپ چۈشۈپ، دوستىنى ئارقى-سىدىن يۆلەپ گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە چىقىرىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ھە-قىقىي ئىنسانپەرۋەرلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇ چىلبۆرىلەر بىلەن ئېلىشىۋېتىپ، ئۆلەر ھالىتىدە تۇرۇپ: «دوستۇم، سەن مېنىڭ شاۋاز قارىيغا بولغان ساپ مۇھەببىتىمگە ۋە ئۇنىڭ قىيامەتلىك

روزىغارى بولىدىغانلىقىمغا گۇۋاھ بولغىن» دەپ ۋەسىيەت قىلە-
دى . ئاشۇ چاغدا ، چىلبۆرىلەر گۈلخۇمارنى بىر چىشلەم - بىر
چىشلەمدىن پارچىلاپ يەپ تۈگەتكەننى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن
كۆردۈم . گۈلخۇمار بىلەن بىللە يولغا چىقىپ ، شاۋاز قارىي
بىلەن ئۇنى قوۋۇشتۇرماقچى بولغان كىشى مەن بولىمەن ، —
دەپ بېشىدىكى تەلپەكنى ئالغاندا ، ئۇنىڭ قارا چېچى خوتۇن
كىشىلىكىنى بىلدۈردى .
جەم بولغان خالايىق ۋە تەقىپچىلەر ئۆزىنى ئاشكارا قىلغان
زۆھرەدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، كۆزىدىن ئاق-
قان ياشلىرىنى بەلۋاغ ، پەش ۋە يەڭ ئۇچلىرى بىلەن ئېرتىشتى .
كىشىلەر «شاۋاز قارىينىڭ ۋەھشىي مەخلۇق بىلەن تۇتۇشۇپ
مۇزلاپ ئۆلگەن ۋاقتى گۈلخۇمارنىڭ بۆرىلەر تەرىپىدىن پارچىلە-
نىپ ئۆلگەن ۋاقتى بىلەن ئوخشاشكەن ، ھەر ئىككىسى ئۆلگەن
چاغدا سۇبھى سادىق ۋاقتى بولغان» دېيىشتى . جىنازا نامىزىغا
يىغىلغان جامائەت مەرھۇملارنى «ۋەتىنىمىزدە ئۆتكەن پەرھاد -
شېرىن ، تاھىر - زۆھرە ، شاۋاز قارىي - گۈلخۇمار» دەپ
ئاتىدى . شاۋاز قارىي باشلاپ ئاچقان ئىككى لەڭگەر ئارىلىقىدىكى
ئىتتىنىڭ تىلىدەك تار يولنى ئۇنىڭ ئەل ئۈچۈن قىلغان ئىشىنى
ئۇنتۇماسلىق ئۈچۈن «ئىشق يولى» ، ئالتىن ئاتۇش بىلەن بەش-
كېرەم ئارىسىدىكى ئېتىز قىرىغا ئوخشىغان قۇمالتاغنى گۈلخۇ-
مارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى ۋە ساپ مۇھەببىتىنىڭ ھۆرمىتى ئۈ-
چۈن «خۇمار تاغ» دەپ ئاتاشنى لايىق كۆرۈشتى .

## 3

بۇ ۋەقە خاتىپ ۋە خوجىلارغا ئاڭلانغاندىن كېيىن ، ئۇلار تويىنىڭ ئوچاق كۆللىرىنى باشلىرىغا چېچىپ ، داد ـ پەرياد قىلىـ سىمۇ ئورنىغا كەلمەي ، ئەل ئىچىدە ئىزا ـ ئاھانەت ۋە تەنىلەرگە قالدى . بۇ تويدىن ھەر ئىككى ئۆيگە ھازا ۋە قايغۇ ـ ماتەم كىردى . نورۇز بىلەن ئەھمەد سەھھابچى خاتىپنىڭ تەقىبىدىن ئازاد بولغاندىن كېيىن ، مەسلىھەتلىشىپ ، شاۋاز قارىي بىلەن گۈلخۇمارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ باردى . بىر جۈپ ياشنىڭ بەختـ سىزلىككە ئۇچرىغانلىقىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىپ ، كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىشتى . نورۇز مۇنداق دېدى :

— ئىنسانلاردىكى ھەقىقىي پەزىلەت قايسى ؟ مېنىڭچە ، ئىنـ سان ئۆز غايىسى يولىدا هارماي ـ تالماي ئىزدىنىشى ، جاپالىق كۈرەش قىلىشى ۋە بۇ يولدا ھېچنېمىدىن ، ھەتتا جېنىدىنمۇ ئايانماسلىقى ھەقىقىي پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ . بۇنداق ئىنسانلار قىيىنچىلىق ئالدىدا چۈشكۈنلىشىپ كەتمەيدۇ ، مۇۋەپپەقىيەت قاـ زانغاندا مەغرۇرلۇقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ ، ئۆزى تالللىـ غان ھايات يولىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ كۆزلىگەن مەقـ سىتىگە يېتىدۇ . ھەقىقىي شان ـ شەرەپ ئاشۇنداق ئىنسانلارغىلا مەنسۇپ . شاۋاز قارىي شەھۋەت ۋە ئىشرەتنىڭ كويىدا بولسا ئىدى ، شۇنچە جاپا تارتمىغان ، بىھۇدە تۆھمەتلەرگە گىرىپتار بولمىغان بولاتتى . گۈلخۇمار مال ـ دۇنيا ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلسە ، ھەتتا ياخشى كۈن كۆرەتتى . لېكىن ، ھايات بېغىنىڭ غۇنچىسى تېخى ئېچىلمىغان بۇ بىر جۈپ ياش ئىنسانغا خاس ھەقىقىي پەزىلەتنى نامايان قىلىپ ، نىكاھى قوشۇلمايلا ۋاقىتـ لىق دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ئالەمگە سەپەر قىلدى...

ئۇستىگە كونىرىغان تون ، بېلىگە بەلۋاغ باغلىغان ، بېشىغا سەللە ئورىغان ئەھمەد سەھھابچىنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپ ، بوي ـ بەستى مۇكچەيگەن ، لېكىن تېنى يەنىلا ساغلام ۋە تېمەن ئىدى . يىللار ئۇنىڭ قاتاڭغۇر جىسمىغا ئۆزىنىڭ رەھىمسىز ئىز- لىرىنى سالغان ، يۈزىگە قورۇق چۈشكەن ، ئاپئاق ساقىلى مەيدى- سىگە ساڭگىلاپ تۇراتتى . ئۇ :

— ھەزرەت نەۋائى «مەھبۇبۇلقۇلۇپ» ناملىق مەشھۇر ئەسە- رىنىڭ ئونىنچى بابى — «ئىشىق بايانىدا» ئىشقنى ئاۋام ئىشق ، ئىشق خاس ، سىددىق ئىشق (راستچىللىق) دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلگەن ، — دېدى ، ئاندىن شاۋاز قارىي بىلەن گۇلخۇمارنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ ، پاك سۆيگۈسىدىن تەسىرلەندى بول- غاي ، ئىشق بايانىدىن ياد سۆزلەپ كەتتى :

— ئىشقنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئىشق خاس بولۇپ ، ئۇ پاك كۆزنى پاك نەزەر بىلەن پاك يۈزگە سېلىشتۇر . پاك كۆڭۈل ئۇ پاك يۈزنىڭ ئىشقىدىن قوزغىلىشتۇر ۋە بۇ پاك كۆرۈنۈش ۋاسى- تىسى بىلەن پاك ئاشىق ھەقىقىي مەھبۇبنىڭ پاكىز جامالىدىن بەھرە ئېلىشتۇر . ئۆتكەنلەردىن ئىشق ئەھلىنىڭ پاك باز[1] لىرى ، نەزمچىلىرى ۋە ھېكايىچىلىرى بولۇپ ، ئۇلار نەزم ئورماز- زارلىقىنىڭ كۈچدار ، ئارسلانلىرى ۋە نەزم گۇلخانىنىڭ سەمەن- دەرلىرى ۋە ھال ۋادىسىنىڭ پاك يۈزلىرىدۇر . ئۇلاردىن بىرى ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋىدۇركى ، ئۇنىڭ پاك نەپەس سۆزلىرى ، پاك لەۋزى مەنىلىك شېئىرلىرى ئىشق ئەھلى ئارىسىدا غوۋغا ۋە ھالالا سالغاندۇر . يەنە بىرى سۆزى پاك ، كۆزى پاك ، ئىشق ئەھلى

① پاك باز — مەيداندا باشتىن ـ ئاياغ غەلىبە قىلغۇچى .

ئىچىدە بىر دىنبىر بىباك [1] مۇشۇ گۇر ۋەنىڭ تەڭداشسىز كىشد-
سى ، مىللەت ۋە دىننىڭ پەخرى شەيخ ئىراقىدۇركى ، ئۇ ئاشىق
سۆيتى بىلەن سۇيەتلەنگەندۇر ۋە «لەمئات» نىڭ ئاپتورىدۇر .
كېيىنكىلەردىن ئىككى ئالەمنى قىمارغا دو قويۇۋەتكەن قىمارۋاز-
لار پاك بازى ، ئىشق دۇنياسىدا ھەقىقەت مەيى بىلەن مەست
بىباكلارنىڭ سىردىشى ، مىللەت ۋە دىننىڭ قۇياشى خوجا ھاپىز
شىرازىدۇر . دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى بىر ئاھ بىلەن ئۆرتىگەن پاك
ئىشقلار ئىمامى ، باشقىلارنىڭ شەيخۇلئىسلامى ، مىللەت ۋە دىن-
نىڭ نۇرى مەۋلانا ئابدۇراھمان جامىدۇركى (خۇدا ئۇنىڭ قەبرى-
سىنى نۇرغا تولدۇرسۇن ) ، ئۇ نەزم بىلەن سۇيەتلەشتىن يۇقىرى
بولۇپ ، ئۇ نەزمدىمۇ تەڭداشسىزدۇر . ئۇنىڭ شېئىردىكى ماھارى-
تىنى تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ . ھەربىر شېئىرى بىلەن
ئالەمگە ئىشق ئوتىنى ياقاتتى ۋە شېئىرلىرىدىكى بىر بېيت بىلەن
دەردمەنلەرنىڭ جان ۋە كۆڭۈل ئالىمىنى كۆيدۇرەتتى ۋە يەنە ئۇ
ھەزرەت جامىنىڭ مۇھەببىتىدىن دەردكەشلەرگە ، يولباشچىلىقى-
دىن پاناھ يولنى تۇتقانلارغا ، ئىشق سۇيەتلىرى توغرىسىدىكى
سۆزلىرىدىن تۈرك خەلقىگە ھارارەت بېغىشلايتتى ۋە سارت [2]
گۇرۇھىغا ئاپەت كەلتۈرەتتى . دېمەك ، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلى-
رى ، شېئىر ۋە نەزملىرى ئىشقنى سۆزلەيتتى . ئۇلارنىڭ شەۋق
ۋە مۇشەققەت يالقۇنىدىن ئاجىزلىق ۋە نىيازمەنلىكنى بىلدۈرۈ-
شى ، دەردۇ بالا شولىسىدىن كۆيۈپ كەتمەك ۋە ئېرىپ كەتمەك
بولۇشى ئۇزلىرىنى بۇ ئىشقا مەنسۇپ قىلىش ئۈچۈندۇر . بۇ ئىشق

① بىباك — كەيسىز .
② سارت — قەبىلە ئىسمى .

دۇنياسىدا ئاشىقلىقنىڭ ئىغىر ئەھۋالى ، مەشۇقنىڭ گۈزەللىكى-
نىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تەرىپى ، بولاردىكى ئەجىب ھالەتلەر نىھا-
يەتسىز (تۈگىگۈسىز ) مۇشكۇلاتلارنى كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇنى بايان
قىلىش لازىم . جۈملىدىن مەشۇقنىڭ ھۆسن ـ جامالىنىڭ ۋە ناز
ـ ئىستىغناسىنىڭ نىھايەتسىزلىكى بىلەن ئاشىقنىڭ دەرد ـ ئەلە-
مىنىڭ كۆپلۈكى ، ئاجىزلىقى ۋە كۆيۈپ ئازابلىنىشىنىڭ پاياد-
سىزلىقى قاتارلىق ئىشلار نىسبەتلىشىپ كېلىدۇ...

ئەھمەد سەھھاپچى نەۋائىنىڭ بىر پارچە بېيىتىنى مىسال
كەلتۈرۈپ : «سۆزنىڭ مەنىسىدە ئىشق ئوتىنىڭ بىر بەلگىسى
بولمىسا ، ئۇ سۆز قۇرۇلمىسى جېنى يوق ، ھەرىكەتسىز بەدەنگە
ئوخشاشتۇر » دېگەندىن كېيىن ، تۆۋەندىكى ھېكايەتنى سۆزلىدى :
— مەجنۇننىڭ ئىشق ئوتى ئۇلغىيىپ ، ئاجىز بەدىنىگە ئول
ئوتنىڭ ھارارىتىدىن ئىسسىتما شولىسى تۇتاشتى . بارلىق چارە-
لەرنى قىلىپ كۆردى ، پايدا بەرمىدى ، بەلكى ئەكسىچە نەتىجە
بەردى ۋە ئىسسىتمىسى كۈچەيدى . ئاخىر كېسەلنىڭ ھالى جان
ئۈزۈشكە بېرىپ يەتتى . يېقىنلىرىدىن بىرى بۇ ھالنى لەيلىگە
خەۋەر قىلدى ، بۇ خەۋەر لەيلىنى ناشاد قىلدى . ئاشىقنىڭ ئەھۋا-
لىنى سوراشقا مەكتۇپ يوللىدى . مەكتۇپ مەجنۇنغا يېتىپ كەل-
دى ، ئۇنىڭ تېنىدە تىنىق يوق ئىدى . يېقىنلىرى پىكىر ۋە
مەسلىھەت قىلىشىپ ، كېسەلگە مەكتۇپنى ئوقۇپ ئاڭلاتتى . مەك-
تۇپنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇغانسېرى ، كېسەلنىڭ تېنىگە جان
كىرەر ئىدى . مەشۇقنىڭ مەكتۇپى دۇئا ـ تەلەپنىڭ ئورنىنى
تۇتتى . تا كېسەل ساقايغۇچە مەكتۇپنى ئوقۇپ تەكرارلاپ بەردى .
ئاخىرى سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەندىن كېيىن ، مەكتۇپنى بويىنى-

غا تۇمار قىلىپ ئىسىۋالدى . ئىشق سۆزى (هارارىتى ) دىن كىيىنلى سەھەت تاپتى ، ئىشق سۆزىنى تەكرارلاشتىن بەدىنى قۇۋۋەت تاپتى . ئەگەر ئاشىققا كىسەل ۋە ئاجىزلىق يەتسە ، ئۇنىڭ داۋاسى مەشۇقىنىڭ ئىتىنى يادلاشتۇر .

ئەھمەد سەھھاپچى بىلەن نورۇز قەبرىستانلىققا كەلگەندە ئۇ-لارغا يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر قوشۇلدى . قوللىرى يىرىك ، قىر-تىشقان ، يۈزىنى قورۇق باسقان ، ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەن نورۇز قەبرىستانلىقنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ، شاۋاز قارىينىڭ قەبرىسى-نى ئاخىر تاپتى . قاراقسىز قالغان بۇ قەبرىنى ياۋا ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن بولۇپ ، ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن قەبرە چوقچى-يىپ تۇراتتى . ئۇ جىددىيچىلىك ، ھېرىپ - چارچاش ، پۇشاي-مان ، ھەسرەت بىلەن قەبرىنى سىلىدى ، يىغلاپ - قاقشىدى . ئەھمەد سەھھاپچى ئۇنى سەۋر قىلىشقا ئۈندىگەندەك ، تۇپراق بې-شىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، پەسىھ ئاۋاز بىلەن خەتمىقۇرئان قىل-دى . پاتىھەدىن كېيىن ، ئۇ ئەتراپتىكى خالىس دۇئاگۇيلارغا مۇنداق بىر تارىخىي ۋەسىيەتنى سۆزلەپ بەردى :

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى ھۆرمەت-لەشتە نەمۇنە كۆرسىتىش ئۈچۈن ، بۇرۇنقى خانلىقلارنىڭ قائىدى-لىرىنى بۇزۇپ ، دېھقان قىزى ئامانىساخاننى ئەقىدە - نىكاھىغا ئالغان .

ئامانىسا خېنىم 32 ياشقا كىرگەن 1567 - يىلى قىيىن تۇغۇت سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان . ئۇ بۇرۇنقى خانلارنىڭ خانىشلى-رىدەك ئالتۇن - كۈمۈش ، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە كەمچەت - قاما جۇۋىلار ··· نى مىراس قالدۇرماي ، سۇلتان

ئابدۇرەشىدخانغا مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرغان : «··· مەن يېقىن سائەتتە ئالەمدىن ئۆتمەكچىمەن . ئالىملىرىدىن ئۆمىدىم شۇكى ، كەمىنە روزىغارلىرى پۈتكۈل ھاياتىمدا ئەل مەدەنىيىتى ئۈچۈن تىرىشتىم ، يازدىم . مېنىڭ ئاخىرەتكە سەرمايە بولغۇدەك ياخشى خىسلەت ـ پەزىلىتىممۇ يوق ، مال ـ دۇنيايىم ئەسلا يوق . ئاۋۇ كات ئۈستىدىكى يېڭى تاغاردا ئۆز قولۇم بىلەن توپلىغان قومۇش قەلەم قىرىندىسى مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمدا يىغقان خەزىنەمدۇر . مەن ھەربىر خەت ئۈچۈن ئۈچلانغان قومۇش قەلەم قىرىندىسىنى جۇغلاپ قويغاندىم . ئۇ مېنىڭ سىزغان قەلىمىمىنىڭ ئەجرى ۋە سەمەرىسى بولۇپ قالسۇن ، باقىي ئالەمگە ئېلىپ كېتەي . تەرەت سۈيى ئاشۇ قەلەم قىرىندىسىدا ئىسسىتىلىپ ، بەدىنىم يۇيۇلسۇن . مۆھتەرەم ھەم ئالىمە مەلىكە رازىيەنىڭ ياقۇت خېتى بىلەن يېزىلغان «قۇرئان كەرىم» نى تېخى كۆچۈرۈپ بولالمىغاندىم . ئۇنى باكىرە قىزلاردىن بىرى تاماملاپ پۈتكۈزگەي ، ئەل ـ يۇرتىمىزنىڭ ھەممىيلەنگە تەقدىم ۋە تەلىم قىلغايلا . ئالىمە پاتىمە بىنت ئەھمەد بىننى مۇھەممەد سەمەرقەندى تەرىپىدىن خەتتى پارسى بىلەن مەقبەرەمگە خاتىرە يېزىلغاي ··· »

بۇ ۋەسىيەت سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا قاتتىق تەسىر قىلغان . ئۇ ئالىمە ، پازىلە ، ئەفىفە (پاك ، ئۆز نەپسىنى ساقلىغۇچى) ئامانىسا خېنىمنىڭ پاك مۇھەببىتى ، ھۆرمىتى ، خاتىرىسى ئۈچۈن پاكلىقىنى ساقلاپ ، خۇددى ئەركەك ئاق قۇدەك يەككە ـ يېگانە ياشاپ ، ئامانىسا خېنىمنىڭ ۋاپاتىدىن ئىككى يىل كېيىن 49 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن .

* * *

ئۆزىنى «پەيغەمبەر يېشىنى ياشىدىم» دەپ ماختىنىپ يۈرۈدىغان ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ ھال ـ ماجالى ئۆزگىرىپ ، ئولتۇرغان جايىغا ھاجىتىنى ئادا قىلىپ ھەم ئۇنى قوللىرى بىلەن مىجىپ ، پۈتۈنلەي ئۆز ھالىنى يوقىتىپ قويغان ، كېيىنكى چاغلاردا ئەسەبىيلىشىپ ئۆلۈپ كەتكەن . «خانىنىڭ ئىتى ئۆلسە مىڭ كىشى ، ئۆزى ئۆلسە بىر كىشى» دېگەندەك ، ئابدۇرەھمان خاتىپنىڭ ئۆلۈم نامىزى ئاددىي ئۆتكۈزۈلگەن .

شاۋاز قارىي بىلەن گۈلخۇمارنىڭ سەۋەبىدىن ئاشۇ چاغدا يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان «ئىشق يولى» ۋە «خۇمار تاغ» تۆت ئەسىردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ تىلىدا ھەر كۈنلۈكى تەكرار ئېيتىلىپ كەلمەكتە .

图书在版编目（CIP）数据

爱情之路:维吾尔文/穆罕默德·乌斯曼著. —乌鲁木齐：新疆大学出版社，2008.4

ISBN 978—7—5631—2194—6

Ⅰ. 爱… Ⅱ.穆… Ⅲ.历史小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 058617 号

策 划 者：艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
责任编辑：阿不里米提·卡德尔
责任校对：阿达来提·牙合甫

# 爱情之路

（历史长篇小说）

穆罕默德·乌斯曼 著

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 14 号，邮编：830046）
新疆金版印务有限公司
新疆新华书店发行
2008 年 5 月第 1 版 2008 年 5 月第 1 次印刷
880×1230 毫米 1/32 9.5 印张
印数：0001—3000 册

ISBN 978—7—5631—2194—6
定价：25.00 元

NIEDERSÄCHS. STAATS- U. UNIV.- BIBLIOTHEK GÖTTINGEN

مۇقاۋىسى لايىھىلىگۈچى: **نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن**



ISBN 978-7-5631-2194-6

9 787563 121946 >

（维文）定价:25.00 元